ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئۈچۈن

# ئۇيغۇر ئىدىيوملىرى لۇغىتى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ISBN 978-7-228-15454-8
9 787228 154548 >
定价:21.00元

ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەر ئۈچۈن

# ئۇيغۇر ئىدىيوملىرى لۇغىتى

تۈزگۈچى: ھارۇت رەسۇل قادىرى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

ئا ........................................ 1
ئە ........................................ 25
ب ........................................ 31
پ ........................................ 58
ت ........................................ 73
ج ........................................ 94
چ ........................................ 97
خ ........................................ 109
د ........................................ 113
ر ........................................ 118
ز ........................................ 119
س ........................................ 120
ش ........................................ 130
غ ........................................ 132
ق ........................................ 134
ك ........................................ 156
گ ........................................ 169
ل ........................................ 171
م ........................................ 173
ن ........................................ 180

**图书在版编目(CIP)数据**

中小学维吾尔语成语详解辞典 / 阿·热苏里·卡德尔编. — 乌鲁木齐: 新疆人民出版社, 2012.5
ISBN 978 - 7 - 228 - 15454 - 8

Ⅰ. 中 … Ⅱ. ① 阿 … Ⅲ. ① 维吾尔语（中国少数民族语言）- 成语词典 - 中小学 Ⅳ. ①G634.390.3

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2012）第 097614 号

编　　者　阿·热苏力·卡德尔
责任编辑　吾买尔江·穆罕默德
责任校对　阿依古丽·沙比提，王鹰
校　　订　阿不力孜·艾买提
封面设计　买买提·诺比提
出版发行　新疆人民出版社
地　　址　乌鲁木齐市解放南路 348 号
电　　话　(0991)2827472
邮政编码　830001
印　　刷　新疆翼百丰印务有限公司
经　　销　新疆维吾尔自治区新华书店
开　　本　880×1230 毫米　1/32
印　　张　7
版　　次　2012 年 7 月第 1 版
印　　次　2012 年 7 月第 1 次印刷
印　　数　1-4000
定　　价　21.00 元

ھ ........................................ 184
ئو ........................................ 187
ئۇ ........................................ 191
ئۆ ........................................ 194
ئۈ ........................................ 198
ۋ ........................................ 199
ئې ........................................ 199
ئى ........................................ 205
ي ........................................ 209



# ئا

**ئاپاق (ئاباق) خوجامنىڭ ئۈمچى ئەمەس**

肆无忌惮 sì wú jì dàn

مەنىسى: ئىختىيارەن، ھەقسىز ئىگىلىۋېلىشقا، بىشەملىك بىلەن قولى يەتكەنچە ئېلىۋېلىشقا بولمايدۇ؛ خالىغانچە ئالىدىغان، نەرخىنى سوراپ قويمايلا يەيدىغان نەرسە ئەمەس، دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ.

مەسلەن: «ھەي ! — دېدى باغۋەن، ھەدەپ ئالما ئۈزۈۋاتقان بالىلارغا ۋارقىراپ، — ھەرقايسىڭ ئۆزۈڭ بىلگەنچە ئۈزۈپ، يانچۇقۇڭغا سالىدىغان ئاپاق خوجامنىڭ ئۈمچى ئەمەس بۇ».

**ئات ئايلىخانغا، يول سارىخانغا**

明修栈道，暗渡陈仓 míng xiū zhàn dào， àn dù chén cāng

مەنىسى: كىشىلەرنىڭ نەزىرىنى ئەسلىي مەقسەت - مۇددىئالاردىن باشقا ھادىسە ياكى ئىشلارغا بۇراپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ باشقا مەقسەتلىرىگە يەتمەك؛ نام - ئاتاق ياكى گەپ مەلۇم مەزمۇندا، ئەمەلىيەت بولسا باشقىچە بىر مەزمۇندا بولماقنى بىلدۈرىدۇ.

مەسلەن: «مەنمۇ يۇرتقا كېتىپ ئۆز تىرىكچىلىكىمنى قىلاي دېۋىدىم، ئەممازە، كۆرۈۋاتىدىلىغۇ، ئەترەتنىڭ تېرىلغۇ يەرلەرنى موغا ئېلىش دېگەن بىر نېمىسى ئات ئايلىخانغا، يول سارىخانغا دەپ، تېرىلغۇ يەرلەرنى بىز خەقتىن تارتىۋېلىپ، ئۇ خەقلەرگە بەخشەندە قىلىپ بېرىش ئىكەن».

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

**ئاتاقتا بار، ساناقتا يوق** 名存实亡 míng cún shí wáng

**مەنىسى:** پەقەت نامىنى تىلغا ئېلىشقىلا بولىدىغان، ئەمەلىي قىممىتى، رولى بولمايدىغان، پەقەت قۇرۇق ئاتاق بولۇشتىن باشقا ئەھمىيىتى يوق، دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ.

**مەسىلەن:** «شا مەخسۇت ۋاڭ ئۆلگەندىن كېيىن دورغىلىقمۇ ئاتاقتا بار، ساناقتا يوق بىر نېمە بولۇپ قالدى، ئەمدى مېنىڭ تارتىشىدىغان ھېچنېمەم يوق».

**ئاتام كۆرمىگەن، ئانام كۆرمىگەن** 非亲非故 fēi qīn fēi gù

**مەنىسى:** ئەزەلدىن ھېچقانداق مۇناسىۋەت، دادى - مۇئامىلە قىلىشمىغان، يېقىن - يورۇق بولۇشۇپ باقمىغان، راپاۋەت كۆرسىتىشنىڭ ھاجىتى يوق، دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: «ۋاي قويسىلا، — دېدى رەۋىخان ئايلا، — نەدىكى بىر ئاتام كۆرمىگەن، ئانام كۆرمىگەن بىر ساياقلارغا شۇنچىكىن راپاۋەت قىلىپ بېشىمىز ئىششىپ قالمىغان !».

**ئاتام ئېيتقان بايىقى** 老生常谈 lǎo shēng cháng tán

**مەنىسى:** ئايلىنىپ، چۆرگىلەپ، ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا ئاۋۋالقى يېرىگە كېلىپ قالماق؛ ئەسلىدىكىسى دۈرۈس بولۇپ چىقماقنى سۈرەتلەيدۇ.

**مەسىلەن:** «بۇرۇن دەرسلىك كىتابلارنى پۇلغا ئالالماي قىينالغان باللار، ئەمدى بولسا ‹ھەقسىز دەرسلىك›لەرنى ھەزىم قىلىپ ئوقۇيالماي، ئىشلار يەنىلا شۇ ئاتام ئېيتقان بايىقى بولدى».

«بەس ! گەپلىرىڭلارنى ھەرقانچە پەردازلىساڭلارمۇ، مەقسىتىڭلار يەنىلا شۇ ئاتام ئېيتقان بايىقى، بىزنى ئەمدى ئازدۇرالمايسىلەر».

**ئاتتىن چۈشسىمۇ، ئۈزەڭگىدىن چۈشمەس**

骄傲自大 jiāo ào zì dà

**مەنىسى:** مەلۇم ئىشتا يېڭىلگەن، ئاداشقان بولسىمۇ، يېڭىل-



گەن، سۇنغانلىقىغا تەن بەرمىگەن، چوڭچىلىقتىن قالمىغان؛ پېتىدىن چۈشمىگەن؛ خورىكى ئۈستۈنلۈكنى تاشلىمىغان، دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ.

**مەسىلەن:** «بولدى قىل قوزۇق ! ئاتتىن چۈشسەڭمۇ ئۈزەڭگىدىن چۈشمەيدىكەنسەن، گەپتىن چۈشتۈڭ سەن قوزۇق، يېقىلدىڭ، شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە نېمىدەپ غىدىڭشىيسەن؟».

**ئاتلىق يۈرۈپ گۈل كۆرمەك**

走马观花 zǒu mǎ guān huā

**مەنىسى:** مەلۇم مەسىلە ياكى ئىلىم تەھسىل ئىشلىرىنى ھېچ نەرسىنى چۈشەنمىگەن، زادىلا يېقىن يولىمىغان ھالدا، پەقەت شەكىلۋازلىق بىلەن، غوجا كۆرسۇنغىلا كۆزدىن كەچۈرۈش، مۇنداقچىلا كۆرۈپ چىقماقنى سۈرەتلەيدۇ.

**مەسىلەن:** «تەكشۈرۈشتە ئىككى خىل ئۇسۇل بولىدۇ، بىرى، ئاتلىق يۈرۈپ گۈل كۆرۈش، يەنە بىرى، ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش».

**ئات ئورۇق، يول يىراق** 短绠汲深 duǎn gěng jí shēn

**مەنىسى:** كۈچ - مادارنىڭ تايىنى يوق، ئەمما يەتمەك بولغان مەنزىل بەك يىراق ھەم مۈشكۈل؛ ئارزۇ - ئارمانلار بۈيۈك، بىراق ئەمەلىيەت، ئىمكانىيەت تايىنسىز دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ. كۆپىنچە ئاشۇنداق قىيىن ئەھۋالدىمۇ نىشانغا قاراپ ئىنتىلىش، ئۇرۇنۇش قاتارلىقلارنى ئىپادىلەشتە قوللىنىلىدۇ .

**مەسىلەن:** «ئاتىم تارتسا، كالام تارتماس قالدىم بالاغا، بەختىخانىنىڭ مەيلى بولسا چىقسۇن تالاغا. ئاتلار ئورۇق، يوللار يىراق كاج مېنىڭ بەختىم، بەختىخانىنىڭ چار باغىدا سۇ بولۇپ ئاقتىم».

**ئاچچىق - چۈچۈكنى تېتىماق**

饱经风霜 bǎo jīng fēng shuāng

**مەنىسى:** جاپا - مۇشەققەت، ھۇزۇر - ھالاۋەتلەرنى كۆرۈپ ئۆتمەك؛ تۇرلۇك ۋەزىيەتلەرنى باشتىن كەچۈرمەكنى بىلدۈرىدۇ.

مەسلەن: «قىزىمىز ئايىبۇۋىگە مۇشۇندىقى نېسىپ بولسا قانداق ياخشى بولاتتى ـ ھە، كۆچىمۇ بار، تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق ـ چۈچۈكىنى تېتىغان، بۇنداق ئادەم ۋاپالىق كېلىدۇ، خوتۇن».

**ئاچچىق ئۈچىيىگىچە بىلمەك** 暴露无遗 bào lù wú yí

مەنىسى: بىراۋلارنى بەكمۇ تولۇق بىلمەك، ھەتتا يوشۇرۇن سىرلىرىغىچە تۈيۈپ تۇرماقنى بىلدۈرىدۇ.

مەسلەن: «مەن سالاھىدىننىڭ ئاچچىق ئۈچىيىگىچە بىلىمەن، مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە شۇ رېژىسسورلۇق قىلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ مەقسىتى زاۋۇتقا باشلىق بولۇش !».

**ئاچسا ئالىقىنىدا، يۇمسا سىقىمىدا**

如运诸掌 rú yùn zhū zhǎng

مەنىسى: تامامەن ئىلكىدە، ئىختىيارلىقىدا بولۇشنى، قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇشتىن قەتئىينەزەر بۇ ھالەتنىڭ ئۆزگەرمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

مەسلەن: «كامال ئاخۇن، ئۆزلىرىمۇ ئەمدى ئاچسام ئالىقىنىمدا، يۇمسام سىقىمىمدا بولۇپ قالدىلا».

**ئاچلاپ قويماق** 当头一棒 dāng tóu yī bàng

مەنىسى: ئەدەپلەپ قويماق؛ دەككىسىنى بەرمەك؛ چۆچۈتۈپ قويماقنى بىلدۈرىدۇ.

مەسلەن: «ھەق گەپ قىلساڭ ئاچلىنىپ، ھاشارلارغا تاشلىنىپ، سەككىز ‹ھەق›تىن ‹ئۇھ› دېسەڭ، باھالاشلار باشلىنىپ ئارامىڭنى قويمايدۇ».

**ئارا ـ گۇرجەكنى قۇچاقلاپ قالماق**

徒劳无益 tú láo wú yì

مەنىسى: مەلۇم ئىش ـ ھەرىكەتلەرنى پىداكارلىق ۋە ئەستايىدىللىق بىلەن ئىشلەپ، ئاخىرىدا مەنپەئەتسىز قالماق؛ بىھۇدە ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ۋەيران بولماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «مەيلىڭ، ھەرھالدا ئويلىنىپراق ئىش قىل، ئاخىر



بېرىپ خاماندا ئارا ـ گۇرجەكنى قۇچاقلاپ قالىدىغان ئىش بولمىسۇن !».

**ئارپىسىنى خام ئورۇماق**

无冤无仇 wú yuān wú chóu

مەنىسى: قىلچە يامانلىق قىلمىغان، زىيان سالمىغان، ئاداۋەت بولغۇدەك ئىش يوق؛ بىر قاقىقا بىر قاق قىلىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئۆچ ـ ئاداۋەتلەرمۇ يوق، دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ.

مەسلەن: «مىلتىق ئەسلىدە ھۆكۈمەت تۇتىدىغان نەرسە بولغاچقا ئۇنى تارتىۋېلىشى يوللۇق، بىراق، ئۇ ماڭا نېمىشقا گۆلىيىپ قارايدۇ؟ مەن ئۇنىڭ ئارپىسىنى خام ئورۇدۇممۇيا؟ مانا بۇ يولسىزلىقتە».

**ئارغامچىنى سۆرىتىپ قويماق** 按辔徐行 àn pèi xú xíng

مەنىسى: زۆرۈر تېپىلغاندا، لازىم بولغاندا باشقۇرۇشقا، پايدىلىنىشقا بولىدىغان، ئەمما ئادەتتە مېڭىش ـ تۇرۇشى ئىختىيارىي بولىدىغان ھالەتنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «بۇ ئەكبەر سىزنىڭمۇ ئارغامچىڭىزنى سۆرىتىپ قويۇپتۇ ـ دە، مەنمۇ شۇ ئاتاقىقا دىرېكتور، مۇئاۋىن دىرېكتور، لېكىن سۆرىتىپ قويغان ئارغامچىسى بويىنۇمدا تۇرۇپتۇ، چالۋاقىسام تارتىپ قويىدۇ».

**ئارغامچىنى ئۇزۇن قويۇۋەتمەك**

مەنىسى: بىراۋلارنىڭ ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچىغا ھامان باغلاقلىق ئىكەنلىكىنى، قاچانكى زۆرۈر تېپىلسا باشقۇرۇش ياكى ئەدەپلەشكە بولىدىغان ھالدا ئىختىيارەنلىككە قويۇلۇشلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

مەسلەن: «تىغمۇ تىغ قارشىلىششتىن سامان تېگىدىن سۇ يۈگۈرتۈشكە ئۆتۈش، يولۋاسنى ساغرىسىدىن سىلاپ ئىشلىتىش، ئادەتتىكى ئىشلاردا ئارغامچىنى ئۇزۇن قويۇۋېتىش كېرەك ئىدى»، «ئارغامچىڭىزنى ئۇزۇن قويۇپ بەرگەننى ئەجەب بىلمەيدى-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كەنسىز. ھەممىدە كۆزىڭىزگە كىرىۋېلىش لازىممىتى؟».

**ئارىغا ئالماق**

**مەنىسى:** ئۆز بىلمەك؛ جامائەتچىلىك، يۇرتدارچىلىقلاردا يەكلىمەسلىكنى بىلدۈرىدۇ.

**مەسلەن:** «ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئۇنىڭ تۇرمىدە يېتىپ چىققانلىقى مەھەللىدىكىلەرنىڭ ئېسىدىن ئاستا ــ ئاستا كۆتۈرۈلۈپ، ئۇرۇق ــ تۇغقان، تەڭتۇشلىرى ئۇنى خېلى ئارىغا ئالىدىغان بولۇپ قالدى».

**ئارىغا قىچا چاچماق** 撩蜂剔蝎 liáo fēng tī xiē

**مەنىسى:** ئەسلىدىكى ئىتتىپاقلىق ياكى قان ــ قېرىنداشلىق، دوستانە مۇناسىۋەتلەرنى بۇزغۇچى ئامىل ياكى ھەرىكەتلەرنى سۈرەتلەيدۇ.

**مەسلەن:** «گۇناھ سىلەردىن ئۆتتى، بارلىق قىچىنى ئۆزۈڭلار تېرىپ قويدۇڭلار، شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن يۇرت بۇزۇلدى، خەلق پاراكەندە بولدى».

**ئارىنى بۇزماق** 挑拨离间 tiǎo bō lí jiān

**مەنىسى:** ياخشى مۇناسىۋەت، ياخشى باغلىنىشلارنى يامانلاشتۇرۇپ، رەقىبلەرگە ئايلاندۇرماقنى سۈرەتلەيدۇ.

**مەسلەن:** «بۇ ئېلانلاردا تۇرپان ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى سەمەت دېگەن ‹بۇزغۇنچى ئۇنسۇر›نىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى سۇيىئىستېمال قىلىپ، شىڭ دۇبەن نامىدىن يالغان بۇيرۇق ئويدۇرۇپ چىقىپ، شىڭ دۇبەن بىلەن ھاجىمنىڭ ئارىسىنى بۇزۇشقا ئورۇنغانلىقى، بۇ ئېغىر جىنايىتى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغانلىقى جاكارلانغان».

**ئارىنى ئوچۇق قىلماق** 判若鸿沟 pàn ruò hóng gōu

**مەنىسى:** ئەسلىدە ناھايىتىمۇ زىچ مۇناسىۋەتتە بولۇۋاتقان تەرەپلەرنىڭ مەلۇم سەۋەبلەر ۋەجىدىن يامانلىشىپ، مۇناسىۋەت بۇزۇلۇپ، ياتلىششقا، ئادا ــ جۇدا بولۇشقا يۈزلىنىپ، ھەر كىم



ئۆز يولىغا مېڭىشنى سۈرەتلەيدۇ.

**مەسلەن:** «ئۇ، ئىسيانچىلار كۈچىنى تونۇپ يەتكەن چاغدىلا، دۆلەت دارىن ۋە ئۇ ئېلىپ بەرگەن خوتۇن بىلەن ئارىنى ئوچۇق قىلىۋېتىش قارارىغا كەلگەنىدى».

**ئاسماندا تور، يەردە قاپقان قۇرماق**

天罗地网 tiān luó dì wǎng

**مەنىسى:** ئادەم ياكى نەرسىلەرنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن ناھايىتى ئەتراپلىق تور ياكى قىسماق تەييارلىماقنى كۆرسىتىدۇ.

**مەسلەن:** «جىنايەتچىلەرنى تۇتۇش ئۈچۈن پۈتۈن شەھەردىكى بارلىق بانكىلارغا ئاسماندا تور، يەردە قاپقان قۇرۇلغانىدى».

**ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلىماق**

癞蛤蟆休想吃天鹅肉 lài há ma xiū xiǎng chī tiān é ròu

**مەنىسى:** قولغا كەلمىگەن ھەم ئەسلا كەلمەيدىغان نەرسىلەرگە مەھلىيا بولۇشنى، ئۆز خىيالىغا چىنپۈتۈپ، شېرىن خىياللارغا غەرق بولۇپ يۈرمەكنى سۈرەتلەيدۇ.

**مەسلەن:** «ۋاي قويسىلا، ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپ يېمەي، ئەمەلىيرەك بولايلى، ھازىرقى زامانىنىڭ ئادەملىرىنىڭ تىلى شېكەر بولغىنى بىلەن، كىم بىلىدۇ نېمىنى ئويلاۋاتقىنىنى».

**ئاسمانغا ئاسماق** 拿糖作醋 ná táng zuò cù

**مەنىسى:** خېرىدارلىقنى قىلغاندا ھەددىدىن ئېشىپ، ئادەم چۆچۈتكۈدەك يۇقىرى باھا، زور شەرتلەرنى قويۇپ تۇرۇۋېلىشنى كۆرسىتىدۇ.

**مەسلەن:** «نېمانچە ھاكاۋۇر خەقسىلەر؟ سىڭلىمنىڭ يۈزىدە يامىقى، بويىدا ئۇلىقى بارمىكەن؟ ئۆزۈڭلەرنى بۆلەكچىلا ئاسمانغا ئېسىپ كەتتىڭلارغۇ؟ ئىنىڭلارنىڭ بىز بىلمەيدىغان ئالتۇن كۆكۈلىسى بارمىدىيا؟».

**ئاسمانغا پىچاق ئاتىدىغان** I

弄鬼掉猴 nòng guǐ diào hóu

مەنىسى: بەكمۇ شوخ، قىلىقسىز، قىنىغا پاتمايدىغان، تەنتەك، دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: «نەۋرە بېقىپ جۇلۇقمىز چىقىپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ، قوشنام، شۇ تاپتا ئىككى نەۋرەم بىرلىشىۋېلىپ، ئاسمانغا پىچاق ئېتىپ قۇلاق ـ مېڭەمنى يەپ كەتتى».

**ئاسمانغا پىچاق ئاتىدىغان Ⅱ**

恣行无忌 zì xíng wú jì

ھەرقانداق ئىشتىن يانمايدىغان لۈكچەك، تەرسا دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: «بۇنداق ئىشلارغا ئۆزىنىڭ قول سېلىشى بىھاجەت، ئىككى ـ تۆت تەڭگىنىڭ كۆزىگە قارىمىسىلا ئاسمانغا پىچاق ئاتىدىغان، قولىدىن ھەر بالا كېلىدىغانلار تەييارلىغۇ».

**ئاسمان ئېگىز، يەر قاتتىق**

上天无路　入地无门 shàng tiān wú lù　rù dì wú mén

مەنىسى: ئىنتايىن مۇشەققەتلىك ئەھۋالغا قالماق، قۇتۇلۇش ياكى ۋاز كېچىش ئىمكانىيەتلىرى پۈتۈنلەي يوق بولغان، تەڭقىسلىق ئەھۋالغا قالماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «دوختۇرلار پۇل سۈيلەپ ئانا ـ بالا ئىككىيلەننى ئارامىدا قويمىدى، ئۇلارغا شۇ تاپتا ئاسمان ئېگىز، يەر قاتتىق بولۇۋاتاتتى».

**ئاسمان ـ زېمىن پەرق قىلماق**

天壤之别 tiān rǎng zhī bié

مەنىسى: ئىككى نەرسىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ پەرقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ نەقەدەر چوڭلۇقىنى مۇبالىغە قىلىپ كۆرسىتىشتە قوللىنىلىدۇ.

مەسىلەن: «ئۆزلىرى ئالتۇن تاج كىيىپ تەختكە چىقىپ، تەڭدىشى يوق راھەتكە يېتىشتىلە، مەن بولسام يارماقچىلىق قىلىپ، ئۇماچ ئىچىپ گەمىدە تۇرىمەن، ئىككىمىزنىڭ تۇرمۇشى ئاسمان ـ زېمىن پەرق قىلىدۇ».



**ئاسمىغان قازاننىڭ ئېشىنى يېمەك**

指雁为羹 zhǐ yàn wéi gēng

مەنىسى: ئەمەلىيەتتە يوق نەرسىگە مەھلىيا بولۇپ يۈرمەك؛ گەپ ـ سۆز ياكى ئانچىكى قۇرۇق ۋەدىلەرگە ئۈمىدلىنىپ قېلىپ، قولغا كەلمىگەن، كەلمەيدىغان نەرسىلەرنىڭ ھۇزۇرلىرىنى سۈرمەكنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «بىز بىلىشكە تېگىشلىك ھەقىقەتلەر ھەرقانچە ئاچچىق بولسىمۇ، ئۇلارنى بىلىشتىن باش تارتماسلىقىمىز لازىم، ئاسمىغان قازانلارنىڭ ئېشىنى يەپ، خام خىياللارنى سۈرۈپ ئۆتۈۋېرىشكە بولمايدۇ».

**ئاش بەرگەن قازاننى چاقماق**

卸磨杀驴 xiè mò shā lǘ

مەنىسى: يار ـ يۆلەك بولغان، ياخشىلىقلارنى يەتكۈزگەن ئادەم ياكى نەرسىلەرگە يامانلىق قىلماق، ۋاپاسىزلىق قىلماق؛ ئەسقاتقان نەرسىلەرنى تاشلىۋەتمەكنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: «ھاي دېسە ئۇنىمىدىڭ، ئاش بەرگەن قازاننى ئۆز قولۇڭ بىلەن چاقتىڭ، ئاقىۋىتىڭ نېمە بولاركىن؟»

**ئاش بولماق**

مەنىسى: ئەسقاتماق، جانغا جان ئۇلىماق؛ سىڭىشلىق، يۇقۇشلۇق بولماق، دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: «خېنىم، بالا ئىكەنلا، بەك چىرايلىق ئىكەنلا، بىزدەك دېھقانغا ئاش بولالىمۇ؟»

**ئاش پەيغەمبەر، نان ئەۋلىيا**

米珠薪桂 mǐ zhū xīn guì

مەنىسى: يوقسۇللۇق، قاتتىقچىلىق دەستىدىن ياكى بىراۋلارنىڭ بەكمۇ بېخىللىقىدىن تۇرمۇشتىكى ئەڭ ئاددىي بۇيۇملار، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتىكى ئەڭ ئادەتتىكى نەرسە ۋە ھادىسىلەرمۇ ناھايىتى ئەتىۋار، تېپىلماس بىر نەرسە قىلىنىپ كېتىشمەكنى كىنايە، مۇبالىغە قىلىشتىن كېلىپ چىققان.

مەسىلەن: «بىرنەچچە پارچە كىتاب ـ كونسىپكتىن باشقا

www.uyghurkitap.com

مۇلكى يوق گاداي قىز ساڭا دورا بولدىمۇ؟ بۇنداق قىز بىلەن ئاش پەيغەمبەر، نان ئەۋلىيا بولغان ئۆيدە قانچىلىك بەخت بولماقچىدى؟ ساڭا باشلىقنىڭ قىزىنى ئېلىپ بېرىمەن».

مەسلەن: «ئۇلار بىزنى دەپ كەلدى بۇ يەرگە، ئاش ئەۋلىيا، نان پەيغەمبەر بولمىغاندىكىن، قورساقنى كەڭ تۇتۇپ، ئۇلارنى رازى قىلىپ يولغا سېلىش بىزنىڭ باش ئۇستىمىزدىكى ئىش جۇمۇ، خوتۇن !».

### ئاغزى ئاشقا تەگمەك

渐入佳境 jiàn rù jiā jìng

مەنىسى: هۇزۇر ـ هالاۋەتلەرگە يېتىنمەك؛ تۇرمۇشى بەلگىلىك كاپالەتكە ئىگە بولماقنى بىلدۈرىدۇ.

مەسلەن: «خان بولسا ئۆلىمالارغا شۇ توغرىسىدا پەتىۋا سوراپ مۇراجىئەت قىلىدۇ، يېقىندىلا ئاغزى ئاشقا تەگكەن يېڭى ئۆلىمالار ئۆز هىماتلىرى بولغان مەدەلى خانغا خىيانەت قىلىشمايدۇ ـ دە، ئۇنىڭ پايدىسىغا پەتىۋا بېرىشىدۇ».

### ئاغزىدا شەهەر ئالماق

说嘴郎中 shuō zuǐ láng zhōng

مەنىسى: گەپ ـ سۆزلىرىدە هەرقانداق بىر ئىشنى ئاسانلا پۈتتۈرۈۋېتىدىغان، هەممىگە يېتىنگەن بولۇپ يۈرمەك؛ ئۆزىنى چاغلىماي پو ئاتىدىغان كىشىلەرنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «ئۇلارنىڭ ئارىسىدا هەر ـ هەر پوچىلار، ئاغزىدا شەهەر ئالىدىغان قاپاق نوچىلار بار ئىدى».

### ئاغزىدىن ئانا سۈتى كەتمىگەن

乳臭未干 rǔ chòu wèi gàn

مەنىسى: گۆدەكلىك، باللىقتىن قالمىغان؛ مەلۇم ئىش ـ هەرىكەتلەر ئۈچۈن بەكمۇ كىچىك، خام كېلىپ قالىدۇ، دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ.

مەسلەن: «كۆڭلۈڭنى پۈتۈن قىلىۋەر، ئۇرۇش دەۋرىدە قوش قېتىپ، بۇغداي ئورىغاندا سەنمۇ ئانا سۈتى ئاغزىڭدىن كەتمىگەن گۆدەك ئىدىڭغۇ».



### ئاغزىدىن سائەت چىقماق

مەنىسى: كىشىلەر ئاغزىدىن چىققان ياخشى ـ يامان تەسەۋۋۇر ياكى هۆكۈم، خۇلاسىلەرنىڭ رېئاللىقتا كۆرۈلۈپ، دېگىنىچە بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ.

مەسلەن: «ئاغزىلىرىدىن سائەت چىقمىسۇن، قېرىنداشلىرىمىزنى سەپەرگە ئۇزىتىدىغان چاغدا بۇنداق يامان گەپنى قىلمىغۇلۇقتى».

مەسلەن: «ۋىيەي، ئون ياشقا كىرە ـ كىرمەي بىر ئوبدان ئىشقا تۇرۇپتۇ، كېيىنچە سودا ئىشلىرىغا بەكرەك پىششىق بولۇپ چىققۇدەك». «ئاغزىلىرىدىن سائەت چىققاي ئىلاهىم! ئېيتقىنىڭىز كەلسۇن».

### ئاغزىدىن كەتمەك

祸从口出 huò cóng kǒu chū

مەنىسى: زامان، ماكانغا نامۇناسىپ بولغان سۆزلەرنى قىلىپ قويۇپ بالاغا قالماق؛ مەپكورە ياكى نىيىتىدە بار ـ يوقنى يەڭگىلتەكلىك بىلەن پەلىپەتىش سۆزلەپ ئىش تاپماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «... قارشى تۇرۇش هەرىكىتىدە نۇرغۇن ئاق كۆڭۈل كىشىلەر، بولۇپمۇ زىيالىيلار ئاغزىدىن كېتىپ، كۆپ دەرد ـ ئەلەم تارتقانىدى».

### ئاغزىدىن كىرىپ بۇرنىدىن چىقماق

油嘴滑舌 yóu zuǐ huá shé

مەنىسى: مەلۇم شەخس ياكى جامائەتنى قايىل ياكى مايىل قىلىش ئۈچۈن ئەڭ يېقىشلىق شىرىن گەپلەر بىلەن تىل ياغلىمىلىق قىلىشنى، تىل ئارقىلىق كۆڭۈل ئۇتماققا ئۇرۇنۇشنى كۆرسىتىدۇ.

مەسلەن: «شۇ چاغدا نەدىن چىقتىكىن پەرهات موللام چىقىپ كەلدى، ئۇ دېهقانلارنىڭ ئاغزىدىن كىرىپ بۇرنىدىن چىقتى، بۇرنىدىن كىرىپ ئاغزىدىن چىقتى، خەقلەر چۆشكە يېقىن يۆكلىرد-

نى ئۆيلىرىگە توشۇشتى، يەشتى، مېڭىشتىن ۋاز كېچىشتى».

### ئاغزىغا چىقىپ قالماق 脏污狼籍 zāng wū láng jí

**مەنىسى:** مەلۇملارنىڭ تۇرغان - پۈتكىنى ئەلنىڭ ئاغزىغا رام بولۇپ قالماق. ياخشى - يامان ئىشلىرى سۆز -چۆچەك قىلىن-ماقنى بىلدۈرىدۇ.

**مەسىلەن:** «ۋاي قويسىلا، يۇرتنىڭ ئاغزىغا چىقىپ قالغان خو-تۇننى ئالغىلى بولامدۇ، غوجام».

«ئۇ، ئۆزىمۇ سىزمەي يۈرۈپ يەرگە ئۇرغان غورۇرى ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ ئاغزىغا چىقىپ قالغانىدى، بۇنداق كۈننىڭ ھەر مە-نۇتى ئادەمنىڭ نەپسىنى قىسىدۇ».

### ئاغزىغا قۇرۇق ئەمچەك سالماق 指山卖磨 zhǐ shān mai mó

**مەنىسى:** قۇرۇق ۋەدە، ئاغزاكى ئىلتىپاتلار بىلەن گوللاپ قويماق؛ تايىنسىز مەنپەئەتلەر بىلەن خاتىرجەم قىلىپ قويماقنى سۈرەتلەيدۇ.

**مەسىلەن:** «بىر يىل بولدى ئاغزىمغا سوسكا سېلىپ كېلىۋا-تىسىز، سىزنى ياخشى بىلىمەن، سىزگە بىزنىڭ ئىشىمىز خۇش-ياقمايدۇ».

### ئاغزىغا لوقما سالماق

**مەنىسى:** گەپ سورالغۇچى، تەرگەۋ قىلىنغۇچى كىشىنىڭ نېمىلەرنى دېيىشى كېرەك، نېمىلەرنى دېيىشى پايدىلىق ياكى مۇۋاپىق بولىدىغانلىقىنى سۆزلىگۈچىنىڭ ئاغزىغا سېلىپ بەرمەك؛ سۆزلىگۈچىنىڭ پىكىر بايان تەرتىپلىرىنى يېتەكلىمەكنى سۈرەتلەيدۇ.

**مەسىلەن:** «ئەمەلىيەتتە ئۇ بۇ قېتىمقى جازانى كەچۈرۈم قىلى-ۋېتىش يولىنى ئىزدەپ، پالاق ئۇرغۇزماي ئۆتكۈزۈۋېتىش ئۈچۈن جازالانغۇچىنىڭ ئاغزىغا شۇمەك سېلىپ، نېمە ئۈچۈن خاتالاش-تىڭ؟ دەپ سوئال سورىدى».

### ئاغزىغا شەيتان سىيىپ قويماق 脱口而出 tuō kǒu ér chū



**مەنىسى:** بىخەستەلىك ياكى غەپلەت - غەلەتلىكلەردە ئېغىزدىن چىقىش بىلەنلا بالاغا قالىدىغان ياكى زىيان بولىدىغان گەپ - سۆزلەرنى دەپ سالماق؛ سورالمىغان، كۈتۈلمىگەن گەپ - سۆزنى ئىختىيارسىزلا دەپ قويۇشنى سۈرەتلەيدۇ.

**مەسىلەن:** «شۇ گەپنى ئەجەبمۇ دەپتىمەن، قانداقچە ئاغزىمدىن چىقىپ كەتتى، ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، ئاغزىمغا شەيتان سىيىپ قويۇپتىكەن».

### ئاغزىغا قارىماق 俯仰由人 fǔ y yóu rén

**مەنىسى:** بىراۋلارنىڭ يوليورۇق، كۆرسەتمە بېرىشى ياكى يې-تەكلىشىگە موھتاج بولۇپ تۇرۇشنى سۈرەتلەيدۇ.

**مەسىلەن:** «ماناس خان بولغاندىن بېرى ياش بالىدەك يامان ئىش قىلمىدى، نېمە ئىش بولسا سىز بىلەن مەسلىھەتلەشتى، بىزنىڭ ئاغزىمىزغا قاراپ تۇردى، ئۇلۇغلارنى ئىززەتلىدى، ئۇ قىزنى بوزەك قىلمىدى».

### ئاغزى قۇلىقىغا يەتمەك 兴高彩烈 xìng gāo cǎi liè

**مەنىسى:** بىرسىنىڭ خۇش بولۇپ كېتىشى، شادلىقتا چۆمۈ-شىنى مۇبالىغە قىلماقنى سۈرەتلەيدۇ.

**مەسىلەن:** «ئارىدىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي ئاپامالار ئۇياقتا بىرىپ كېلىشتى، ئاپامنىڭ ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەن ھالدا: ‹پېشانەڭگە بەخت پۈتۈلۈپتۇ، بالام، بويى بويۇڭغا تەڭ، كۆزى سۈرمە قويغان-دەك قاپقارا، چاچلىرى بەلگە چۈشكەن قىز ئىكەن، دېدى».

### ئاغزى قېتىقتا كۆيمەك 惩羹吹齑 chéng gēng chuī jī

**مەنىسى:** ناھەق جازانى تولا تارتىپ يۈرەكئالدى بولۇپ كەتمەك؛ يۈرەكئالدىلىقتىن بۇرۇن قورقۇپ كەتكەن نەرسىلەرگە ئوخشاش ئەھۋال ۋە نەرسىلەردىن ئۈركۈپ يۈرمەكنى كۆرسىتىدۇ.

**مەسىلەن:** «ئابدۇرېھىم ئاكىمۇ ئاغزى قېتىقتا كۆيگەن دەردمەنلەر-

www.uyghurkitap.com

نىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنداقلارنىڭ قىزىقىش ۋە ئاكتىپلىقىنىڭ قايتا قوزغىلىشى ئۈچۈن بىر جەريان كېرەك بولاتتى، ئەلۋەتتە».

### ئاغزىنى تاتلىق قىلماق
画饼充饥 huà bǐng chōng jī

مەنىسى: ئىشقا ئاشمىغان ھەم ئىشقا ئاشمايدىغان خىياللارغا بېرىلىپ، كۆڭلىنى خۇش قىلىپ يۈرمەك؛ شېرىن خىياللار توغرىسىدىكى گەپ - سۆزلەرنى قىلىپ، ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئىشلارغا مەھلىيا بولۇپ يۈرمەكنى بىلدۈرىدۇ.

مەسلەن: «يۈسۈپ توكۇلاڭ: سۈپۈرگە نەدىكى گەپلەرنى قىلىپ ئاغزىنى تاتلىق قىلىپ يۈرمىسۇن، ئاپامۇ نەۋرە كۆرگەندە ئۇنداق ئويدا بولاتتىمۇ، ئۇكىلىرىم ئەر يەتتى، سەت بولىدۇ - دە، دېدى».

### ئاغزىنى تۇۋاقلىماق
三缄其口 sān jiān qí kǒu

مەنىسى: سۆزلەش، تەگەش ياكى ئېتىرازلارغا ئىمكانىيەت بەرمەسلىك؛ پىكىر بېرىش يولىنى توسۇپ قويۇپ، ئېغىز ئاچالماس قىلىپ قويماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «قېينانام دېگەن جادى، بالاڭلارنى ئۆزۈڭلار بېقىپ، ئاتا - ئانا بولۇشنىڭ تەمىنى تېتىڭلار، شۇندىلا بىزنىڭ قەدرىمىزگە يېتىسىلەر، دەپ ئاغزىمنى تۇۋاقلاپ قويدى».

### ئاغزىنى غېرىچلىماق
自作聪明 zì zuò cōng ming

مەنىسى: ساددىلىق، يەڭگىلتەكلىك بىلەن كىشىلەرنىڭ گەپ - سۆزلىرىگە لوقما سالماق؛ بىلەرمەنلىك قىلىپ كىشىلەرنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋالماقنى بىلدۈرىدۇ.

مەسلەن: «ئادەمنىڭ ئاغزىنى غېرىچلىماي تىنچ ئولتۇرامسەن، يوقمۇ؟ — تېرىكىشكە باشلىغان بوغالتىر ۋېلاخۇن قاتتىق ۋارقىرىغاندا يىگىتلەر جىم بولۇشتى».

### ئاغزىنى قويۇۋەتمەك
信口雌黄 xìn kǒu cí huáng

مەنىسى: ھەرقانداق گەپ - سۆزنى ئېيتىۋەرمەك؛ ھېچ نەرسىگە پەرۋا قىلماي سۆزلەۋەرمەكنى سۈرەتلەيدۇ.



مەسلەن: «ئۇ بىر كۈنى خۇددى ئاتىسى ئۆلگەن ناتىۋان قىزدەك ھۆكۈرەپ يىغلىغىنىمنى كۆرۈپ ھەممە ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ كار قىلمىغانلىقىنى ھېس قىلدى بولغاي، ئاغزىنى قويۇۋەتتى».

### ئاغزىنىڭ بوغقۇچى يوق
薄唇轻言 báo chún qīng yán

مەنىسى: ئاغزىنى كونترول قىلالمايدىغان تەنتەك، ئىچىدە ھېچ نەرسە توختىمايدىغان سىر ساقلىماس، دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ.

مەسلەن: «خاپا بولماڭ، بۇ شۇنداق ئاغزىنىڭ بوغقۇچى يوق ئادەم، خەقنىڭ كۆڭلىگە كېلەرمۇ دېمەي، خىيالىغا كەلگەننى سۆزلەۋېرىدۇ».

### ئاغزىنىڭ بىر قات تېرىسى چۈشمەك
舌敝唇焦 shé bì chún jiāo

مەنىسى: مەلۇم پىكىر، مەلۇم مەزمۇننى بەكمۇ تولا تەكرارلاپ كەتكەنلىكنى بىلدۈرىدۇ.

مەسلەن: «سەن رازىيە بىلەن توي قىلىش ھەققىدە ئاتا - ئاناڭغا ئاغزىڭنىڭ بىر قات تېرىسى چۈشۈپ كەتكۈچە سۆزلىگەن، ئەمما جاۋابقا ئېرىشەلمىگەن بولساڭمۇ مەيۈسلەنمىدىڭ».

### ئاغزىنىڭ پاشنىسى يوق بولماق
薄唇轻言 báo chún qīng yán

مەنىسى: گەپ - سۆزلەرگە بەكمۇ مەسئۇلىيەتسىز، سىر ساقلىيالماس كىشى، دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ.

مەسلەن: «ئاغزىنىڭ پاشنىسى يوق سىڭلىسى ئاچىسىدىن ئاڭلىغانلىرىنى ‹ھېچكىمگە ئېيتماسلىق› شەرتى بىلەن كىشىلەرگە ئاللىقاچان ئېيتىپ بولغانىدى».

### ئاغزىنىڭ يېلى بولماق
惠而不费 huì ér bù fèi

مەنىسى: مەلۇم ئىشلارنى ئېيتىپ قويۇش، دەپ قويۇشلارغا دېگۇچىدىن دەسمايە كەتمەيدۇ، چىقىم بولمايدۇ، كۈچ كەتمەيدۇ، ھەرەج تارتمايدۇ، دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ.

مەسلەن: «ھازىر مۇشۇ بىر ناننى پۈتۈن يېمىگەنلەر ئىش بېشى بولغاندىن كېيىن، ھە، سېنىڭ راست دەپ قويساڭ كېتىدىغىنى ئاغزىڭنىڭ يېلى، شۇ».

### ئاغزى ئېچىلىپ قالماق

目瞪口呆 mù dèng kǒu dāi

مەنىسى: ھەيران – ھەسلىكتە قېتىپ قالماق؛ تاڭ قېتىپ ئۆزىنى ئۇنتۇپ قالماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «كەلگەنلەر پېتى بۇزۇلمىغان ئاق خالاتلارنى كىيگەن تەربىيەچى قىزلارنى، يۇيۇپ – تاراپ قورچاقتەك قىلىپ ياساپ قويغان باللارنى، پارقىراپ تۇرغان قاچا – قۇچىلارنى كۆرگەندە ئېغىزلىرىنى ئېچىپلا قالدى».

### ئاغزى يالاق بولماق

得意洋洋 dé yì yáng yáng

مەنىسى: رازىمەنلىكنى، بەكمۇ شادلىنىپ كېتىشنى سۈرەتلەيدۇ، كۆپىنچە سەلبىي، كەمسىتىش مەقسەتلىرىدىكى شادلىنىشنى بىلدۈرىدۇ.

مەسلەن: «قاراڭلار ئۇ ئەخمەقنىڭ شاخخۇ قىلىپ، كەمسىتكەننى راست چاغلاپ ئاغزى يالاق بولۇپ كەتكىنىنى».

### ئاغزى يېنىكلىك قىلماق

心直嘴快 xīn zhí zuǐ kuài

مەنىسى: ئاسانلا پوزىتسىيە بىلدۈرۈپ تاشلايدىغان، پىكىر – كۆز قاراشلىرىنى يەڭگىلتەكلىك بىلەن ئېيتىۋېرىدىغان كىشى، دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ.

مەسلەن: «ئاغزى يېنىكلىك قىلما، قىلغان گېپىڭ بېشىڭغا چىقمىسۇن يەنە».

### ئاق تاغلىق، قارا تاغلىق بولماق

同舟敌国 tóng zhōu dí guó

مەنىسى: ئەسلىدە بىر پەلەكنىڭ خەمەكلىرى بولغان ئۇرۇق – تۇغقانلار، بىر يوتقاندا يېتىشىپ چوڭ بولۇشقان دوست – يارەنلەر، بىر ئېرىقنىڭ سۈيىنى ئىچىپ ئۆتكەن قوۋملار مەلۇم سەۋەبلەردىن بىر – بىرىگە ئەشەددىي دۈشمەنلەرگە ئايلىنىپ قالماقنى كۆرسىتىدۇ.



مەسلەن: «بىزنىڭ ئازراق سۈيىمىز ئېقىپ قېلىۋىدى قانداق قىلىپ كەتتى؟ ئاق تاغلىق، قارا تاغلىق بولۇشۇپ، نەيزە – پىچىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىشتى، بېشىمىزغا نېمە سەۋدالارنى سالمىدى؟».

### ئاق – قارىنى ئاستىن – ئۈستۈن قىلماق

颠倒黑白 diān dǎo hēi bái

مەنىسى: توغرا بىلەن خاتانى ئورۇن ئالماشتۇرۇۋەتمەك؛ ياخشى بىلەن يامان، ھەق بىلەن ناھەقنى ئاستىن – ئۈستۈن قىلىۋەتمەكنى بىلدۈرىدۇ.

مەسلەن: «گەپدانلىق قىلىپ، ئاق – قارىنى ئاستىن – ئۈستۈن قىلىۋەتتىڭ، بۇنداق گەپلىرىڭگە ھەرگىز قايىل بولمايمىز».

### ئاق – قارىنى پەرق ئەتمەك I

泾渭分明 jīng wèi fēn míng

مەنىسى: ياخشى – ياماننى، بولار – بولماسلىقنى پەرق ئەتمەكنى بىلدۈرىدۇ.

مەسلەن: «سىزمۇ ياشانغان، جىق ئىش كۆرگەن، ئاق – قارىنى پەرق ئېتىدىغان ئايال ئىكەنسىز».

### ئاق – قارىنى پەرق ئەتمەك II

不惑之年 bù huò zhī nián

مەنىسى: ئادەمدە بەلگىلىك ئەقىل – پاراسەتلەر شەكىللىنىپ، جاھان ئىشلىرىنى پەرق ئېتەر، چۈشىنەر ھالدا بولماقنى كۆرسىتىدۇ.

مەسلەن: «مەن سەلگىنە چوڭ بولۇپ ئاق – قارىنى پەرق ئېتىشكە باشلىغاندا بايقىسام، مەھەللىمىزدىكىلەر ئۇ كىشىنى ساۋۇت ئۇنداقچى، ساۋۇت مۇنداقچى دەيدىكەن». «ھازىر خەلق ئاق – قارىنى پەرق قىلىپ قالدى، بۇرۇنقىدەك قورقاق سېلىپلا ئۇلارنى باشقۇرغىلى بولمايدۇ».

### ئاق يەردە تۈگمەن تالاشماق

聚讼纷纭 jù sòng fēn yún

مەنىسى: ئەھمىيەتسىز، زۆرۈرىيەتسىز، بىھۇدە تالاش – تارتىشلارغا چۈشۈپ كەتمەك؛ ئۆزلىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولمىغان،

www.uyghurkitap.com

زەررىچە باغلىنىشى يوق ئىشلار ئۈستىدە كۆيۈپ - پىشىپ بەس - مۇنازىرە قىلىشقا چۈشۈپ كەتمەكنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «بۇرادەرلەر (بىز) ئاق يەردە تۆگمەن تالاشماي، بېرىپ قاراپ باقىلى، ئالىمادىس بىرەر نامراتنىڭ ئۆيىگە ئوت كەتكەن بولسا قاپاقلىرىمىزدا سۇ توشۇپ بولسىمۇ ئۆچۈرۈشۈپ بېرەرمىز».

**ئالا كۆچۈكلىرى كەتمەك** 眉开眼笑 méi kāi yǎn xiào

مەنىسى: بىراۋلارنىڭ يامان خۇيلىرى تاسادىپەن ئوڭشىلىپ، ئوچۇق - يورۇق ۋە ئوڭلۇق بولۇپ قالغانلىقىنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «خۇدايىمغا شۈكۈر، خېنىمنىڭ ئالا كۆچۈكلىرى كېتىپ قالغان ئوخشايدۇ، بىر ئوبدان كۈلۈۋاتىدىغۇ، قىزىم سەن گۆشكە ماڭ».

**ئالا ئۆينى ئۈرۈپ چار ئۆينى قورقۇتماق**

杀鸡骇猴 shā jī hài hóu

مەنىسى: بىر كىملەرنى ئەدەپلەپ كۆرۈنۈش ياساپ، باشقىلارنى چۆچۈتۈپ قويماق؛ بىرگە زەربە بېرىپ، مىڭغا ئىبرەت قىلماقنى كۆرسىتىدۇ.

**ئالتە دەرۋازا ئوچۇق**

畅行无阻 chàng xíng wú zǔ

مەنىسى: مەلۇم نەرسىلەرگە ئېرىشىشتە يول توسالغۇسىز ۋە ناھايىتى داغدام، پەقەت تىرىشچانلىق بىلەن كىرىشىشتىن باشقا مەسىلە ياكى توسالغۇ يوق، دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ.

مەسلەن: «مەيلى كاسىپلىق قىلامسىز، يەر تېرامسىز ياكى باشقا ئوقەت بىلەن مەشغۇل بولامسىز، سىز ئۈچۈن ئالتە دەرۋازا ئوچۇق تۇرۇپتۇ».

«مەن ھۆكۈمەتكە ئەرز قىلىمەن».

«ماڭ بارغىن، ئالتە دەرۋازا ئوچۇق، — دېدى ئابدۇغېنى كۈلۈپ تۇرۇپ».



**ئالچاڭلاپ كەتمەك** 踌躇满志 chóu chú mǎn zhì

مەنىسى: چوڭچىلىق، نادانلىق، داخۇڭگەيلىك قىلىپ كېرىلىپ يۈرمەك؛ ئەلنى مەنستىمەي يۈرمەك؛ ئۆزىنى بىلەلمەيلا قالماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «تەلۋىنىڭ بىر قىلىقى ئارتۇق، ئۇلار شۇنداق ئالچاڭلاپ چىقمىسا ئويۇن قىزامدۇ؟»، «سەمەت دېگەن شاتىراق ئازراق قېتىۋېلىپلا ئالچاڭلىغىلى تۇردى».

**ئالدام خالتىغا چۈشمەك** 蒙在鼓里 méng zài gǔ lǐ

مەنىسى: ھوشيار ۋە ئاگاھ تۇرۇپمۇ، ئالدىنىپ قېلىش مۇمكىنچىلىكىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ ئالدىنىپ قالماق؛ مەلۇم مەنپەئەتلەر تەقەززاسىدىن قارا باستى بولۇپ، ئالدىنىپ قالماقنى كۆرسىتىدۇ.

مەسلەن: «ئۇنىڭغا ئۆزى قايتىپ كەلگۈچە يۇرتقا ئىگىدارچىلىق قىلىپ تۇرۇش، باشقىلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كەتمەسلىك، بولۇپمۇ ئەمىرلەشكەر ۋە خەزىنىچى بەگلەرنىڭ يۇرۇش - تۇرۇشىغا كۆز - قۇلاق بولۇش، ئاغزىنى چىڭ تۇتۇش ھەققىدە جېكىدى».

**ئالدى - ئارقىسىغا قارىماق** I 瞻前顾后 zhān qián gù hòu

مەنىسى: مەلۇم ئىش، ھادىسىلەرنىڭ بۇرۇنقى، ھازىرقى ۋە كەلگۈسى تەرەققىيات ھالىتىگە قاراپ ئىش تۇتماق؛ خىيالىچىلا ئەمەس، بەلكى ئۆز ئەھۋالى ياكى مۇھىتىغا بايقاپ، دەڭسەپ ئىش قىلىشقا تۇتۇنماق؛ باشقىلارنىڭ رايىنى بايقاپراق بىر ئىش قىلماقنى بىلدۈرىدۇ.

مەسلەن: «جاھان نازۇكلىشىپ كەتتى، بۇنداق ئىشنى قىلغاندا ئالدى - ئارقىغا قارىماسلىق بولمايدۇ».

**ئالدى - ئارقىسىغا قارىماق** II 犹豫末决 yóu yù mò jué

مەنىسى: دېلىغۇل بولماق، ئىككىلەنمەك، ئارىسالدىلىقتا

چۈشۈپ قالماق، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالماقنى بىلدۈرىدۇ.

**مەسلەن:** «ئىش بۇ دەرىجىگە يەتكەندە ئالدى ـ ئارقىغا قاراپ تۇرغان بىلەن بولمايدۇ، بەلنى مەھكەم باغلاپ ئىشلەۋېرىش كېرەك».

**ئالدى ـ كەينىنى ئوڭشىۋالماق**

重整旗鼓 zhòng zhěng qí gǔ

**مەنىسى:** ئىقتىسادىي ۋە باشقا جەھەتلەردىكى ئۆزۈك ـ تۈزۈكلەرنى ئوڭشىۋالماق؛ كەم ـ كۈتىلىرىنى تولۇقلاپ نورماللىققا يېتىنمەكنى بىلدۈرىدۇ.

**مەسلەن:** «مېنىڭچە بولسا بۇ كۈنلەردە يۇرتقا ئوتتۇز ئىككى تەڭگە ئەمەس، ئوتتۇز ئىككى قارا يارماق سېلىشمۇ ئېغىر، يۇرت بەش، ئون كۈن ئالدى ـ كەينىنى ئوڭشىۋالسۇن».

**ئالدىدا يىپ ئېشەلمەسلىك** 巧不可阶 qiǎo bù kě jiē

**مەنىسى:** سېلىشتۇرۇش ئۈچۈن قوللىنىلغان ئىبارە بولۇپ، مەلۇم ئادەم ياكى نەرسىلەرنىڭ يەنە بىر ئادەم ياكى نەرسىلەردىن بەكلا تۆۋەنلىكىنى ئىپادىلەشتە قوللىنىلىدۇ.

**مەسلەن:** «ۋاي، ئوبدان بىلىمىز ئۇ قىزىل كۆزلەرنى، ئۇلارنىڭ ئالدىدا شەيتان لەئىنمۇ يىپ ئېشەلمەيدۇ».

**ئالدىغا چىقىرىپ قويماق I** 一马当先 yī mǎ dāng xiān

**مەنىسى:** يېتەكچىلىك قىلىش، سەركەردە بولۇش ئۈچۈن، جامائەت ياكى مەلۇم كىشىلەر تەرىپىدىن سەپنىڭ ئالدىغا، يېتەكچى ئورۇنغا چىقىرىپ قويۇشنى كۆرسىتىدۇ.

**مەسلەن:** «شۇنداق قىلىپ كۆپچىلىك ئىجارە ھەققىنى كېمەيتىش، كوپىراتسىيە قۇرۇش، كومۇنغا ئۆتۈشتەك ھەرىكەتلەردە ئۇنى ئالدىغا چىقىرىپ قويۇشتى».

**ئالدىغا چىقىرىپ قويماق II**

首当其冲 shǒu dāng qí chōng

**مەنىسى:** كەلگۈلۈكلەر، دەرد ـ ئەلەملەرنىڭ بىۋاستە تارت-



قۇچىسى ئورنىغا چىقىرىپ قويماق؛ «نەق مۇشۇ شۇ!» دەپ تۇتۇپ بەرمەكنى سۈرەتلەيدۇ.

**مەسلەن:** «ئۇلارنىڭ ھەممىسى قىلغۇلۇقلارنى تەڭ قىلىشىپ، ئاخىرىدا سۇلتاننى ئالدىغا چىقىرىپ قويۇشتى».

**ئالقاندا كۆتۈرمەك** 掌上明珠 zhǎng shàng míng zhū

**مەنىسى:** ئەتىۋارلىماق؛ ناھايىتىمۇ قەدىرلىمەكنى كۆرسىتىدۇ.

**مەسلەن:** «مېنىڭ دەۋرىمدە ئوغۇللىرىم راھەت كۆرسۇن، دەپ ئالقىنىدا كۆتۈرۈپ يۈردى، نەتىجىدە سۆيۈملۈك پەرزەنتلىرى نوتىنىڭ ئۆزى بولدى، ئىلاج بولسا ئۇلارغا قونغان پاشىنى باشقىلار قورۇسا، ئۇلار ھەتتا قازاندىكى تەييار تاماقنى ئۇسۇشقا ۋە چاي دەملەشكىمۇ ئېرىنىدۇ».

**ئالقىنىدا تۇتماق** 股掌之上 gǔ zhǎng zhī shàng

**مەنىسى:** قولىغا كەلگەننى مەھكەم تۇتماق، تەشەببۇسكارلىقنى قولدىن بېرىپ قويماسلىقتا تىرىشماقنى بىلدۈرىدۇ.

**مەسلەن:** «ھە، قانداق مەمەتخانباي! ئۆزۈڭنى ‹مەن بىر› دەيتتىڭ، ھېچ كىشىنى كۆزۈڭگە ئىلمايتتىڭ، شۇنچە چوڭ ئوپالنى ئالقىنىڭدا تۇتالايتتىڭ».

**ئالقىنىغا تۈكۈرمەك** 全力以赴 quán lì yǐ fù

**مەنىسى:** مەلۇم ئىش ـ ئوقەتكە رەسمىي بەل باغلاپ كىرىشمەك، يەكدىللىك بىلەن ئىشلىمەكنى بىلدۈرىدۇ.

**مەسلەن:** «قوشېيىگە بولغان ئالا كۆڭۈللۈكى ئاشكارىلىنىپ قالغان تەقدىردىمۇ ئەقىللىق نىياز ھېكىمبەگ بۇ كۈنلەردە ھەرگىز ئالقىنىغا تۈكۈرۈپ، مەيدانغا چۈشمەيتتى».

**ئالقىنىغا سېلىپ بەرمەك** 驴前马后 lǘ qián mǎ hòu

**مەنىسى:** پۈتۈنلەي ئىگىدارلىقىغا تاپشۇرماق؛ بەخشەندە قىلىپ بەرمەكنى كۆرسىتىدۇ.

**مەسلەن:** «ئەمدى يەنە قانداق قىلىپ بەرسە بولاتتى؟ پۈتۈن ـ سۈرۈك كەنتنى ئالقىنىڭغا سېلىپ بەردى، ئون يىللاپ ئاقمىغان

دەۋايىڭنى ئاققۇزۇپ يۈزۈڭلەرنى يورۇق قىلدى».

**ئالۋانغا قىلماق** 虚与委蛇 xū yǔ wēi yí

مەنىسى: ئىش - ھەرىكەتلەرنى، خىزمەت ياكى ئىلمىي ئەمگەكلەرنى مەجبۇرەن، ئامالسىزلىقتىن ياكى كۈن ئۆتكۈزۈش تەقەززاسىدىن، پەقەت «شەرتى ئادا، شەكلى مانا!» بولسۇن ئۈچۈنلا قىلىپ قۇتۇلماق؛ غوجا كۆردىسىگىلا قولدىن ئۆتكۈزۈشنىڭ كويىدىلا ئىشلىمەكنى سۈرەتلەيدۇ.

**ئانا قارنىدا ئۇخلىماق** 安枕而卧 ān zhěn ér wò

مەنىسى: ناھايىتىمۇ بىغەم، باشقا قادىلىپ كەلگەن قايغۇ - ئەلەملەرگىمۇ بىپەرۋا رەۋىشتە يۈرۈشلەرنى كۆرسىتىدۇ، يەنى «سۈت ئۇيقۇسىدا ياتماق» تىنىمۇ ئۆتە ھالدا بىغەملىكنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «سىلەر تېخىچە ئانا قارنىدا ئۇخلاۋېتىپسىلەر، ئۆزىمىز ۋە ئۆزگىلەر توغرىسىدا ھېچنېمىنى چۈشەنمەيدىكەنسىلەر. قارىغاندا قايغۇرۇشنى بىلىشمۇ بىر كاتتا خىسلەت ئوخشايدۇ».

**ئانىسىنىڭ ئەمچىكىنى قاتتىق چىشلىگەن**

生不逢辰 shēng bù féng chén

مەنىسى: تەقدىر - قىسمىتى كۈلپەتلىك يارالغان؛ پېشانىسىگە ئېغىر كۈنلەر پۈتۈلۈپ كەتكەن كىشى، دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: «خاڭنىڭ ھېكايىسىنى نەچچە كېچە - كۈندۈز سۆزلىسەڭمۇ تۈگىمەيدۇ، خاڭدا جان باقماق تەس، ئانىسىنىڭ ئەمچىكىنى قاتتىق چىشلىگەن ئادەم خاڭدا ئىشلىمىسە، باشقا ئادەملەر بۇ يەردە ئىشلەپ چىدىمايدۇ».

**ئانىسىنى ئۈچ قورغاندا كۆرمەك**

一佛出世二佛涅槃 yī fó chū shì èr fó niè pán

مەنىسى: مەلۇم ئىش - ھەرىكەتلەرگە سادىدىلىق بىلەن كىرىشىپ قويۇپ يەتكۈچە دەردۇدىشۋارلارنى تارتىۋالماق؛ مەلۇم



مەقسەت - مۇددىئالارنىڭ كەينىگە چۈشۈپ قويۇپ، قاتتىق ئەدەپلەنمەك، كۆرگۈلۈكلەرنىڭ ئەڭ ئېغىرلىرىنى كۆرۈپ كەتمەكلەرنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: «مەن گەپ قىلمىغان، ئارىلاشمىغان بولسام، ئۇ ئانىسىنى ئۈچ قورغاندا كۆرەتتى».

**ئاياغ ئاستىدىن چىقماق** 出其不意 chū qí bù yì

مەنىسى: كۈتمىگەن، ئويلىمىغان يەردىن بىرەر ئىش چىقماق؛ ئۆز ئىچىدىن پۈتلىغۇچىلار، يامان كىشىلەرنىڭ تۇزىقىغا چۈشمەكنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «ئەمما سېغىزغاندىن ساق بولۇش كېرەك، ئاياغ ئاستىدىن بىرەر كېلىشمەسلىك چىقىپ قالمىسۇن».

**ئاياغقا تۇرغۇزماق**

مەنىسى: يولغا سالماق؛ قاتارغا قوشۇپ قويماق؛ يىقىلغان، ۋەيران بولغان، تۈگىشىپ كەتكەنلەرنى قايتىدىن يۆلەپ، تۈزەپ ئىسكەتكە كەلتۈرۈپ قويماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «ھە، بىز ئۇنى ئابلا كاشىلا دەيمىز، ئۇنى ئەمدىلەتىن پاتقاقتىن چىقىرىپ، ئاياغقا تۇرغۇزۇپ قويساق يۇندىسىنى بىزگە چاچرىتىمەن دەۋاتىدۇ».

**ئايىغىدا دەسسىلىپ قالماق** I

项背相望 xiàng bèi xiāng wàng

مەنىسى: بىراۋلارنىڭ ھەرگىزمۇ تەڭدىشى، يولدىشى ياكى ھەمكارى بولالمايدىغانلىقىنى، ئۇيەرگە ئاجىز - ئورۇق كېلىپ قالىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: «سەن ئۆزۈڭنى كىم دەپ ئويلايدىغانسەن، قايسىبىر تاغلىرىڭغا ئىشىنىپ يۈرۈيدىغانسەن؟ ئاشۇ خال، مىجىت دېگەنلەر سېنىڭ خىلىڭمىدى؟ سەن ئۇلارنىڭ توپىغا كىرسەڭ، ئايىغىدا دەسسىلىپ كېتىسەن، جۇمۇ».

**ئايىغىدا دەسسىلىپ قالماق** II

云合景从 yúnhéjǐngcóng

مەنىسى: مەلۇم نەرسىنىڭ خېرىدارى بەكمۇ ئەلۋەكلىكىنى، ئۇنىڭغا مەلۇم نەرسىلەرنىڭ ھەرگىز تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى، ئارىغا كىرسە، يوقاپ كېتىدىغانلىقىنى مۇبالىغە قىلىدۇ.

مەسلەن: «ئوينىغان دېگەن مۇنداق بولىدۇ، دەپ كۆزۈڭگە كۆرسىتىپ ئوينىغىلى تۇرماي يەنە ! شۇنداقلا قاراپ قويىدىغان بولساڭچۇ، كەينىمدىن يۈگۈرىدىغان يىگىتلەرنىڭ ئايىغى ئاستىدا دەسسىلىپ قالىسەن».

**ئايىغىدىن شامال ئۆتۈپ تۇرماق**

戴圆履方 dài yuán lǚ fāng

مەنىسى: ھايات كەچۈرۈپ تۇرماق؛ ئەل قاتارىدا كۈن ئۆتكۈزۈپ تۇرماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «ئۇمۇ بولۇپ قالار، تەن ساقلىق ھەممىدىن مۇھىم، بالام، ئايىغىمىزدىن شامال ئۆتۈپلا تۇرسا قالدىسىنىڭ كارى چاغلىقۇ».

**ئايىغىغا يىقىلماق**

顶礼膜拜 dǐng lǐ mó bài

مەنىسى: ناتىۋان، ئاجىزلىقىنى تەن ئېلىپ، بىراۋلار سايىسىگە تېۋىنماق؛ قىلمىش - ئەتمىشلىرىنى بوينىغا ئېلىپ، ئەپۇ سوراپ يالۋۇرماقنى بىلدۈرىدۇ.

مەسلەن: «تىرىك قالغىنىغا شۈكۈر قىلمايدۇ، جۇۋاينىمەك، شاڭيۇ ئاتاڭدىن دۇئا ئال. ئېرىڭنىڭ ئايىغىغا يىقىل، قىلغان گۇناھلىرىڭغا توۋا قىل، شۇ چاغدىلا ساقىيىسەن». «ئۇلار ھەرقانچە ‹ئۆز باللىرىڭىز بولىمىز› دېيىشىپ، بوۋاينىڭ ئايىغىغا يىقىلغان بولسىمۇ، بوۋاي ئۇلارغا ئىشەنمەپتۇ».

**ئاياق يالاپ تۇتۇلماق**

窃钩窃国 qiè gōu qiè guó

مەنىسى: ئەگەشكۈچى بولۇپ قېلىپ، باشقىلار قىلغان، مىغىزىنى چاققان ئىشلارنىڭ دەردىنى تارتماق؛ ئاساسلىق قىلمىشچى چەتتە قېلىپ، ئەگەشكۈچىلىرى، قۇيرۇقلىرى بالاغا قالماقنى سۈرەتلەيدۇ.



مەسلەن: «ئۇمۇ بىر ئاياق يالاپ تۇتۇلغانلاردىن، ئەمما تۇتۇلغانىكەن قېتىق ئىچكەنلەرنىڭ ھېسابىنى بېرىدۇ - دە».

**ئايدىڭدا قېتىق ئىچىشمىگەن**

非我族类 fēi wǒ zú lèi

مەنىسى: ئەسلىدە ھېچقانداق بىر رەۋىشلەردە دوست - يارەنلىك، بۇرادەرلىك، بىرلىك ياكى ھەمكارلىق بولمىغان؛ ھېچقانداق ئۇلپەتچىلىك قىلىشمىغان، يېقىنلىق ئاساسى يوق، دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ.

مەسلەن: «بىز سىلەر بىلەن قايسى ئايدىڭدا بىللە قېتىق ئىچىشكىنىمىزگە مۇشۇنداق دەيدىغانسىلەر، گەپ دېگەننى چايناپراق قىلىلى جۇمۇ!».

## ئە

**ئەپلەپ - سەپلەپ**

敷衍塞责 fū yǎn sè zé

مەنىسى: مەلۇم نەرسىلەرنى بولار - بولماسلا ئۆرە قىلماق؛ ئۆتكەللەردىن ئامال - چارە قىلىپلا ئۆتمەك؛ ئامال قىلىپ كۈن ئۆتكۈزمەكنى بىلدۈرىدۇ.

مەسلەن: «ئۇلار جىددىي ۋە قىيىن مەسىلىلەر ئۈستىدە توختىلىشقا قارشى تۇرمايتتى، ئەمما ئۇلار بىر تۈرلۈك «رېزىنكە خۇسۇسىيەتلىك قارار»لار ئارقىلىق ئىشنى ئەپلەپ - سەپلەپ تۈگىتىشنى مەقسەت قىلاتتى».

**ئەتىگىنى كەچلىكىگە كۆزى يەتمەيدىغان**

朝不保夕 chāo bù bǎo xī

مەنىسى: ئىش - ئوقەت، ئىگىلىك، ھۆكۈمرانلىق قاتارلىقلارنىڭ مەۋجۇت بولۇش ئىمكانىيىتى قالمىغانلىقىنى سۈرەتلەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

مەسلەن: «ئەتىگىنى كەچلىكىگە كۆزى يەتمەس بولۇپ قالغان يامۇللار دېھقانلار ھەرىكىتىنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەش تەرەپكە ئۆتتى».

**ئەركەك تۇكى يوق**

مەنىسى: جىنسى ئەركەك بولۇپ تۇغۇلغان، ئەمما ئەرلەردە بولۇشقا تېگىشلىك خۇسۇسىيەتلەر كەمچىل، ئەركەكلىك ۋىجدانى يوق، دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ.

مەسلەن: «بۇ ۋىجدانىنى، ئادىمىيلىكىنى، نومۇس ۋە مۇھەببىتىنى يوقاتقان بىر تۈركۈم ئەركەك تۈكى يوق ئەرلەر پۇللىرىغا، ھوقۇقىغا، ئاغزىدىكى گېپىگە، سۆلىتىگە تايىنىپ، قىزلىرىمىزنى، كەلگۈسى ئەۋلادلار ئانىلىرىنى بىردەملىك خۇشاللىقلىرى ئۈچۈن ھاراققا ئۆگىتىۋاتىدۇ».

**ئەرۋاھىغا ئۇسسۇل ئوينىماق**

踵事增华 zhǒng shì zēng huá

مەنىسى: مەلۇم مەسلەك ياكى پىكىرلەرنىڭ تۇتقان يولى قاتارلىقلارغا غايىبىدىن ئەگەشمەك؛ باشقىلارنىڭ ئىرادىلىرىگە ۋارىسلىق قىلماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «خەپ سىلەرنى! ھەممىڭلار ھېلىقى ئابدۇقادىر داموللا دېگەن جەدىتنىڭ ئەرۋاھىغا ئۇسسۇل ئويناۋاتىسىلەر، سىلەرنىڭمۇ كۈنۈڭلەر تۈگەيدىغان زامان كېلەر».

六神无主 liù shén wú zhǔ **ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۇچماق**

مەنىسى: قاتتىق غەزەپلىنىپ ئۆزىنى يوقىتىپ قويماقنى كۆرسىتىدۇ.

مەسلەن: «باشتا ئۇ ھارامزادە ئۆزىچە ھېچ نەرسىنى چۈشەندىمگەن بولۇۋالدى، ئاندىن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتمەسمۇ! ... ئەرۋاھىم قىرىق گەز ئۇچتى».

半途而废 bàn tú ér fèi **ئەستەر تاشلىماق**

مەنىسى: ئارا يولدا ۋەدە، ئەھدىلەردىن يېنىۋېلىپ، بەل قويۇ-



ۋەتمەك، يۈز ئۆرۈمەكنى كۆرسىتىدۇ.

مەسلەن: «سېنى ئۆز ئوقىتىمغا شېرىك قىلاي دەيمەن، قانداق بەل باغلىيالامسەن؟ يېرىم يولدا ئەستەر تاشلىۋەتسەڭ كەچۈرمەيمەن جۇمۇ، مەن ئەمەس مەھەللە جامائىتىمۇ سېنى قارغاپ قويىدۇ».

言外之意 yán wài zhī yi **ئەستەرلىك گەپ**

مەنىسى: ئېيتىلىۋاتقان گەپ ـ سۆزلەردىن باشقىچە مەزمۇن، ياپتا پىكىرلەر چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

مەسلەن: «لېكىن مەن ئۇنىڭ ئەستەرلىك گەپلىرىنى چۈشىنىپ تۇرۇپمۇ چۈشەنمەسكە سېلىپ ئۆتۈپ كېتىپ بارىمەن، مەن ھازىر ئۇنىڭ ئۆيدە ئادەم يوق چاغلاردا مەست كىرىپ قالماسلىقىنىلا تىلەيدىغان بولۇپ قالدىم».

当场出彩 dāng chǎng chū cǎi **ئەسترىنى چۇۋۇشماق**

مەنىسى: بىراۋلارنىڭ مەخپىيەتلىرى، خۇپىيانە سەتچىلىكلىرىنى چۇۋۇشىنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «ئۇلار تازا بىر قەپەس تۇتۇشۇپ، ئەستەرلىرىنى راسا چۇۋۇشۇپ رەسۋايى ئەزەم بولۇشتى».

被褐怀玉 bèi hè huái yù **ئەسكى چاپانغا ئورىنىۋالماق**

مەنىسى: ئەتەيگە ھالى ناچار، ۋەيرانە قىياپەتلەرگە كىرىۋېلىشنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «ھارۋىكەش ئەسكى چاپانغا ئورىنىۋالغان بىلەن ئاق ـ قارىنى بىلىدىغان ئادەم ئىدى. لېكىن، ئۇ ھازىر يېتىم بالىدەك بوينىنى قىسىپ ئولتۇراتتى».

瞒天过海 mán tiān guò hǎi **ئەقلىنى ئوغرىلىماق**

مەنىسى: بىراۋلارنى ئالداش، غەلەت قىلىش ياكى باشقىچە قارا باستۇرۇشلار ئارقىلىق مەقسەت ـ مۇددىئالارغا يەتمەك؛ شېرىن خىياللارغا مەپتۇن قىلدۇرۇپ ئەسلىي خۇسۇسىيەت، ماھىيەتلىرىگە مۇخالىپ ئىشلارنى قىلغۇزماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «باشلىقىنىڭ ئىلمان مۇئامىلىسى تۆلەندىنىڭ

ئەقلىنى ئوغرىلىدى بولغاي، ئۇ ئەڭ مۇھىم گەپنى ئۇنتۇپ، دېمىسىمۇ، دېمىسىمۇ بولىدىغان بىرمۇنچە گەپنى دەۋەتتى».

**ئەڭلىك ئەتمەك** 涂脂抹粉 tú zhī mǒ fěn

**مەنىسى:** قىياپەت، تاشقى كۆرۈنۈشلەرگە ھەشەم قىلماق؛ مەنۋى پەردازكەشلىككە بېرىلمەكلەرنى سۈرەتلەيدۇ.

**مەسلەن:** «تالادىكى پىكاپنى سەن ئالغان ئوخشىمامسەن؟

— شۇنداق مەن ئالدىم، دادا، ئۇ ياقتا ماشىنا ئەرزان ئىكەن.

— تاپقان پۇلۇڭنىڭ تايىنى يوق، ھە دېگەندە ئەڭلىك ئەتكىلى تۇرۇپسەنغۇ!»

**ئەلەمدىمۇ، قەلەمدىمۇ بار** 文武兼备 wén wǔ jiān bèi

**مەنىسى:** ھەم ھەربىي ئىستېدات ۋە باتۇرلۇقىمۇ بار، ھەم قەلەم ئىقتىدارى، مەمۇرىي خىزمەت قابىلىيىتىمۇ كامىل كىشى، دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ.

**ئەلگەكتىن ئۆتكۈزمەك** 明辨是非 míng biàn shì fēi

**مەنىسى:** ياخشى - يامانىنى ئوبيېكتىپ ئۆلچەملەر ئارقىلىق تولىمۇ ئەستايىدىل ئايرىماقنى سۈرەتلەيدۇ.

**مەسلەن:** «ئانداق ئاسان ئىش يوق، ھەربىر ئوقۇغۇچىنى نەچچە ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ ئاندىن تەستىقلايدىكەن».

**ئەلمىساقتىن بېرى (تارتىپ)** 开天辟地 kāi tiān pì dì

ئادەت سۆزى، مەنىسى: ئالەم بىنا بولغاندىن تارتىپلا بار بولغان، ناھايىتى قەدىمكى نەرسە؛ ئەزەلدىنلا ئاشۇنداق، دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ.

**مەسلەن:** «كۆك بېتىدە چەكچەيگەن كۆزلەردەك پارقىراپ تۇرغان يۇلتۇزلار ئەلمىساقتىن بېرى ئادەم ئىزى چۈشمىگەن بۇ دۆڭلەر ئارىسىدا چاتقال يېرىپ كېتىۋاتقان نامەلۇم يولۇچىلارغا ھەيران بولۇۋاتقاندەك قىلاتتى».

**ئەلنى پېرىگە سالماق** 妖言惑众 yāo yán huò zhòng

**مەنىسى:** مەلۇم ئەل - جامائەتنىڭ ئىنتىلگۈچى ئېھتىياجلىرى ياكى مەنۋى بىگانىلىكلىرىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇلارنى ئەقىلگە مۇخالىپ ھەرىكەت - پائالىيەتلەرگە سېلىپ قويماق؛ جامائەتنى ئازدۇرغۇچىلار كۈتكىنىدەك ئازغۇنلۇقلارغا مۇپتىلا قىلماقنى سۈرەتلەيدۇ.



**مەسلەن:**

«ۋەزنى يېرىم پۇڭ ئەمەلگە مىنىپ،

سىغماي تېنىگە، ئەلنى سالماق پېرىگە،

يالاقتا جان باققاننىكى».

**ئەمەتنىڭ بۆكىنى سەمەتكە كىيدۈرمەك**

张冠李戴 zhāng guān lǐ dài

**مەنىسى:** كىشىلەرنى غەلەت قىلىپ نەپ ئالماق؛ مەلۇم بىراۋنى باشقا بىراۋغا سېتىپ نەپ ئالماقنى سۈرەتلەيدۇ.

**مەسلەن:** «بارات ئاخۇنىڭنى كىم بىلمەيدۇ، ئالدىنقى يىلى ئۇ كىرەكتىن چىققان ماشىنىنى سېتىۋېلىپ ئاز - تولا رېمونت قىلىپلا، خەقلەرنىڭ نەرسىلىرىنى توشۇپ بېرىمەن دەپ، ئەمەتنىڭ بۆكىنى سەمەتكە كىيگۈزۈپ قاقتى - سوقتى قىلىپ كىملەرنى ئەخمەق قىلمىدى؟»

**ئەنجان پاختىكى ئۇۋۇلىماق** 补阙灯檠 bǔ què dēng qíng

ئەسلىي ئىبارە «ئىشىكىدە ئەنجان پاختىكى ئۇۋۇلىماق» بولۇپ، كۆپىنچە ھەزىل چاقچاق يولىدا ئىيتىلىدۇ. مەنىسى: خوتۇنىدىن بەكلا قورقىدۇ، بۇنى پۈتۈن جاھان بىلىدۇ، دېگەندىن ئىبارەت.

**مەسلەن:** «شۇنداق، شۇنداق، ئەر كىشى ئۆز ئىشىنى تېپىپ قىلالمىسا سىلىگە ئوخشاش ئىشىكىدە ئەنجان پاختىكى ئۇۋۇلاپ قويىدۇ».

**ئەندە بولمىسا، گەزدە بولماق**

东方不亮西方亮 dōng fāng bu liang xī fāng liang

**مەنىسى:** ئىش - ھەرىكەت ياكى پائالىيەتلەرنىڭ كۆپ تۈرلۈك

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ھاسىلاتلىرىنىڭ بىرىدىن بولمىسا، يەنە بىرسىدىن كۆتكەن نەتى-
جىلەر كۆرۈلۈپ قالار؛ بىردىن ئېيتمىسا، يەنە بىرىدىن ئېيتار،
دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ.

مەسلەن: «بىزگىمۇ ئىگىسىنىڭ ئېيتقىنى باردۇ، ئەندىن
ئېيتمىسا، گەزدىن ئېيتار، خۇدايىم !».

**ئەندىنمۇ، گەزدىنمۇ كەتكۈزۈۋەتمەك**

مەنىسى: ئىش - ئوقەت، ھەرىكەت - پائالىيەتلەرنىڭ ھەممە
تەرىپىدىن ئوخشاشلا زىيان تارتماق؛ ھەممىلا تەرەپتىن قۇرۇق
قالماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «ھۆكۈمەت ئورۇسقا ئۆچ، ئۆزىمۇ تەقىب ئاستىدا،
پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويسا، ئۇ بۇ ئىشتا ھەم ئەندە، ھەم
گەزدە زىيان تارتىدۇ».

**ئەن كەلمەك**

مەنىسى: مەلۇم ئىمكانىيەت ياكى ئەۋزەل شارائىتلار سەۋەبى-
دىن، باشقىلارغا قارىغاندا كۆپرەك مەنپەئەتدار بولماق؛ ئىمتىياز-
غا نائىل بولماقنى كۆرسىتىدۇ.

مەسلەن: «سۇ سايغا، پۇل بايغا دېگەندەك، يۇقىرىنىڭ تارقات-
قان قۇتقۇزۇش بۇيۇملىرىنىڭ جايىنى تېپىشى يەنىلا يوقسۇللارنى
يانداپ ئۆتۈپ، ئارقا تىرىكى بار، ھال - كۈنى ياخشىراقلارغا ئەن
بولۇۋاتىدۇ».

**ئەنقانىڭ تۇخۇمى بولماق** 凤毛麟角 fèng máo lín jiǎo

مەنىسى: ناھايىتىمۇ ئەتىۋار، پەقەت نامىنى ئاڭلاشقىلا
بولۇپ، ئەمەلىيەتتە كۆرۈشكە بولمايۋاتقان نەرسىلەرگە قارىتا
قوللىنىلىدۇ. كۆپىنچە تەنە، كىنايە قىلىپ ئېيتىلىدۇ.

مەسلەن: «ھەققانىيەت، گۇڭداۋلىق دەمسىز؟ ئۇلار سەھرايى
قىيامەتتە، شۇ كۈنلەردە ئەنقانىڭ تۇخۇمى بولدىغۇ!».

**ئەنلىك بولماق**

مەنىسى: بىراۋلارنىڭ يامانلىقىدىن جازا تەرىقىسىدە مەلۇم



بەلگە ئۇرۇلغان كىشى، دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ.

مەسلەن: «ئۇ چاغلاردا بەزى جىنايەتچىلەر جازا مۇددىتى
توشۇپ ئەركىنلىككە قويۇپ بېرىلسىمۇ، تۇرمىدىن چىقىپ ئۆز
يۇرتلىرىغا قايتمايتتى، ئۇلار بىز ئەمدى ئەنلىك بولۇپ قالدۇق،
يۇرتتىمۇ بىزگە ياخشى كۈن يوق، دېيىشەتتى».

## ب

**باراڭ كۆرسەتمەك** 做张做势 zuò zhāng zuò shì

مەنىسى: كۆز بوياپ تۈگمىنى تۆگە قىلىپ كۆرسىتىشكە
ئۇرۇنماق؛ ئاددىي بىر ئىشلارنى كۆپتۈرمەك؛ ھەشەمەت پەيدا
قىلىپ، قىل چاغلىق نەرسىنى پىل قىلىپ كۆرسىتىشكە
ئۇرۇنماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «يەرلىك چېرىكلەرگە بۇنىڭدىن تەلىم بېرىشكە
ۋاقتىم يەتمەيدۇ، شۇنداقتىمۇ ئۇلاردىن بىر - ئىككىنى تال-
لىۋالاي، ئىسيانچىلارغا باراڭ كۆرسىتىشكە ياراپ قالار».

**بارماق بىلەن سانىغۇدەك** 屈指可数 qū zhǐ kě shǔ

مەنىسى: ئەڭ سەرخىللىرى؛ مەلۇم بىر توپ ئىچىدە ئۇنچىۋالا
كۆپ بولمىغانلار، دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ. گاھىبىر ھاللاردا «بارى -
يوقى شۇنچىلىكلا» ئىكەنلىكىنى كونكرېتلاشتۇرۇشتىمۇ
قوللىنىلىدۇ.

مەسلەن: «بەك ئوبدان گەپكەن، ئۇكام، مەن بارماق بىلەن
سانىغۇدەككىنە ئالىم - ئەدىبلىرىمىزنى خەۋەرلەندۈرەي، بۇ
چوقۇم ئوبدان ئۇچرىشىش بولىدۇ».

**بارمىقىنى چىشلەپ قالماق** 后悔莫及 hòu huǐ mò jí

مەنىسى: بوشاڭلىق، تەجرىبىسىزلىك ياكى باشقا كۈتۈلمىگەن

غەلەتلىكلەردە ئالدىنىش، ئومۇلۇپ ئەپسۇسلىنىش، دىلخەستە بولۇپ تۇرۇپ قېلىشنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «ئۇلارنى تۇتۇش ئۈچۈن شەھەر سىرتىدىكى يول ئېغىزلىرىدا كېچىلەپ ماراپ ياتقان چولاق زىخۇي چېرىكلىرى بارمىقىنى چىشلەپ قالدى».

**بازارنى پاخاللاشتۇرماق** 臭不可当 chòu bù kě dāng

مەنىسى: قەدىر - قىممەتسىزلىشىپ، لاۋزىلىشىپ يۈرمەك؛ قەدىرسىزلىشىپ سورۇننى بۇزماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «ماۋۇ ئۆلۈكلىرىڭنى ئېلىپ يامۇلۇڭغا كېتىۋالامسەن، يا ھارۋىغا سېلىپ قويايمۇ؟ بۇ يەردە بازارنى پاخاللاشتۇرماي كۆزۈمدىن تېز يوقىلىش ! ».

**بازىرى ئىتتىك** 风靡一时 fēng mǐ yī shí

مەنىسى: قەدىر - قىممەتلىك، قارشى ئېلىنىشقا مۇيەسسەر بولماق؛ ئېھتىياجلىق بولغۇچىلار نۇرغۇن دېمەكنى بىلدۈرىدۇ.

مەسلەن: «يەنىلا بۇ دۇنيانى ئەپسانىۋى تەسەۋۋۇرلار بىلەن رەڭ بېرىپ كۆرسىتىدىغان غەلىتە رىۋايەتلەر، ئاجايىپ - غارايىپ ۋەقەلەر ھەققىدىكى توقۇلمىلارنىڭ بازىرى ئىتتىك ئىدى».

**باش بار، مېڭىسى يوق** 有头无脑 yǒu tóu wú nǎo

مەنىسى: قارىماققا بېجىرىم، تەندۇرۇس، ئەمما پاراسەتسىز، تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارى، ئاق - قارىنى پەرق قىلىش ئىستېداتى يوقلۇقىنى كۆرسىتىدۇ. بەزى ھاللاردا، ئۆز مېڭىسىنى جايىدا ئىشلىتەلمەي ياشاش ۋەزىيىتىنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

مەسلەن: «بىز ئاتا - ئانىلار تەربىيەت ۋە مائارىپتىكى ھادىسىلەرنى توغرا چۈشەنمەي، ئۇلارنى تۇغۇلغىنىدىن باشلاپلا توغرا ھايات يولىغا باشلىماي، ئەكسىچە ئۇلارنى ساددا چۈشەنچىلەردىن تۇغۇلغان مۇقەررەرلىك دەرياسىغا تاشلاپ قويۇپ، ئۇلارنى باش بار، مېڭە يوق بەندىلەرگە ئايلاندۇرۇشقا چۈشۈپ كەتكەنلىكىمىز - دە».



**باش بېقىشماق** 论黄数黑 lùn huáng shù hēi

مەنىسى: يوشۇرۇن كېلىشمەك، تىل بىرىكتۈرمەك؛ بىرنەچچە كىشى بېشىنى بىر يەرگە قىلىپ، غەيۋەت - شىكايەتكە چۈشۈپ كەتمەكنى بىلدۈرىدۇ.

مەسلەن: «بۇلۇڭ - پۇچقاقتا باش بېقىشماي، پىكرىمىز بولسا ئوتتۇرىغا چىقىپ ئوچۇق ئېيتايلى».

**باش تارىماق** 拭目以待 shì mù yǐ dài

مەنىسى: مەلۇم نەرسىگە ئېرىشىشكە ئىشتىھا ساقلاپ، تەرەددۇتلىنىپ تۇرماق؛ ئۆزىنى ئېرىشكۈچى نامزات چاغلاپ، نەپسى تاقىلداپ يۈرمەكنى كۆرسىتىدۇ.

مەسلەن: «يېزا باشلىقى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلۇۋېدى، ئۇنىڭ ئورنىغا يېزا باشلىقى بولىمىز دەپ باش تارايدىغانلارنىڭ ئۈۋىسى چۇۋۇلۇپلا كەتتى».

**باش تۈگمەندە ئاقارمىغان** 发短心长 fā duǎn xīn cháng

مەنىسى: ئىبارە «مېنىڭ بۇ بېشىم تۈگمەندە ئاقىرىپ قالغان ئەمەس» ياكى «ئۇنىڭ بېشى تۈگمەندە ئاقارمىغان» بولۇپ، بىھۇدە كۆپ ياشىغان ئەمەس، بەلكى كۆپ ياشىغانغا مۇناسىپ پاراسەت، پېتەرلىك تەجرىبىلەر ھەم بار، باشتا زاھىر بولۇۋاتقان ئاق چاچ ھەرگىزمۇ ئەھمىيەتسىز نەرسىلەر ئەمەس، دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ.

مەسلەن: «ئۇلار بۇرۇتۇمغا چالما تىزىمىز دېمىسۇن، ئۇنچىلىك غەرەزلەرنى بىلگۈچىلىكىم بار، مېنىڭ بۇ بېشىم تۈگمەندە ئاقارمىغان».

**باشتىن ياغاچ ئۇشتۇماق** 惠然肯来 huì rán kěn lái

مەنىسى: بىراۋلارنىڭ مەلۇم يەرگە كەلمىكى ناھايىتىمۇ زور شادلىق يەتكۈزىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

مەسلەن: «ئۇ ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ ھىدايەت ھاجىمنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ دېگۈدەك كەلدى - دە: باشلىرىدىن ياغاچ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئوشتۇۋېتەيمۇ ياكى ئىسرىق سالايمۇ، نېمانداق كېلىپ قويمايلا، دېدى».

**باشچىلاپ كىرمەك** 一心一意 yī xīn yī yì

**مەنىسى:** بىرەر ئىش - ئوقەت ياكى ھەرىكەت - پائالىيەتكە ئۆزىنى ئۇنۇتقان رەۋىشتە، ئۆزىنى بېغىشلاپ كىرىشىپ كەتمەكنى سۈرەتلەيدۇ.

**مەسىلەن:** «شۇنداق قىلىپ ئەمەت كۇرۇك ئۇتتۇرغانچە قىمارغا باشچىلاپ كىرىپ كەتتى، ئەمدى تەربىيە ياكى يالۋۇرۇشلار ئۇنى بۇ يولدىن قايتۇرۇپ كېلەلمەيتتى».

**باش كۆتۈرمەك** 蠢蠢欲动 chǔn chǔn yù dòng

**مەنىسى:** مەلۇم ئېقىم ۋە شەيئىلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى، كۆتۈرۈلۈپ چىقىشىنى سۈرەتلەيدۇ.

**مەسىلەن:** «قورچاق ساقچى ئىدارىسىنىڭ مائارىپچىلار ئىچىگە قويغان جاسۇسلىرى ئاقيار مەكتەپتىكى ھېلىقى جاسۇسنىڭ قامىلىشى بىلەن شۈمشىيىپ قېلىشقانىدى، ئەمدى ئۇلار قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقىپ يايراپ، زىيالىيلارنىڭ شىللىسىغا پۈت ئارتىدىغان بولۇپ كېتىشتى».

**باش - كۆتى يوق گەپ** 茫无头绪 máng wú tóu xù

**مەنىسى:** ھېچقانداق تەرتىپ، تۈزۈلمىسى يوق؛ مەنتىقىي باغلىنىشلارسىز، چۇۋالچاق ھالەتلەرنى سۈرەتلەيدۇ.

**مەسىلەن:** «ئوھۇش، ماۋۇ ئادەم نېمە دەيدىغاندۇ؟ نېمانداق باش - كۆتى يوق گەپ قىلىسىز؟ نېمىش بولدى، نېمىگە بۇنداق ئەنسىزلىشىپ كېتىسىز؟»

**باشقا سەنەمگە چالماق** 改弦易辙 gǎi xián yì zhé

**مەنىسى:** مەلۇم تەرتىپ ياكى قائىدە - ئۇسۇللاردا مېڭىۋاتقان ئىش - ھەرىكەت، مەلۇم تەرزدە كېتىۋاتقان سوقا سۆھبەتنى توساتتىن باشقا يۆنىلىش، باشقا تەرەپكە ياكى باشقىچە تۇسلەرگە يۆتكەشنى كۆرسىتىدۇ.



**مەسىلەن:** «ھىم، ئۇقتۇم، — دېدى دورغا ھوشۇر ئىمامغا مەنىلىك قاراپ، — داپنى باشقا سەنەمگە چالساق بولامدۇ نېمە؟ »

**باشقا كۈن چۈشمەك** 大难临头 dà nán lín tóu

**مەنىسى:** دەردۇ بالالارغا قالماق، كۈلپەتلىك كەلگۈلۈكلەرگە مۇپتىلا بولماقنى بىلدۈرىدۇ.

**مەسىلەن:** «ئاتىنىڭ بېشىغا كۈن چۈشسە يۈگەن بىلەن سۇ ئىچەر، ئادەم بېشىغا كۈن چۈشسە ئۆتۈك بىلەن سۇ كېچەر».

**باشنى تاشقا ئۇرماق I**

**مەنىسى:** قاتتىق ئۆكۈنگەن، بوغۇلغان بىلەنمۇ كۈتكەنلەرگە ئېرىشىش مۇمكىنچىلىكى، ئىمكانىيەتلىرى پۈتۈنلەي يوق بولماق؛ ھەرقانداق تىرىشىش - تىرمىشىشلار ئەھمىيەتسىز بولماقنى بىلدۈرىدۇ.

**مەسىلەن:** «گۈلزار تولۇقسىزنى پۈتتۈرگەندىلا بىركىمگە چاپلىشۋەتكەن بولسا بۇ خاپىلىقنى تارتمايتتى، ئەمدى بولغۇلۇق بولدى، باشنى تاشقا ئۇرغان بىلەنمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ».

**باشنى تاشقا ئۇرماق II**

**مەنىسى:** بەزى ھاللاردا تىرىشىش ئارقىلىق ئارمانلارغا يەتمەك مۇمكىن ئەمەسلىكىنى؛ يەتمەك بولغان نىشان ئۇرۇنغۇچىنىڭ ھالىدىن بەكلا يۇقىرى بولۇپ، بۇ ھالدا مەزكۇر كىشىنىڭ نىشانغا ئۆز خىيالىغا بېرىلىش، قارىسىغا تىرمىشىشقا تايىنىپلا يېتىشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

**مەسىلەن:** «بۇ يەردە ساڭا ئوخشىغانلارنىڭ ئېتى يوق، بېشىڭنى تاشقا ئۇرساڭمۇ بەرىبىر، سەن بۇ توپقا قوشۇلالمايسەن ! »

**باشنى قولتۇققا قىسماق** 背城借一 bèi chéng jiè yī

**مەنىسى:** ئۆلۈم خەۋپىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، جانغا كېلەر مۇقەررەر قازانى بىلىپ تۇرۇپ، مەردانىلىك بىلەن ئاتلىنىشنى سۈرەتلەيدۇ.

**مەسىلەن:** «ھە، شۇنداق، — دېدى سابىت داموللا ئۇنىڭ

گېپىنى بۆلۈپ، — مەن خوجنىياز ھاجىمنىڭ قېشىغا بېشىمنى قولتۇقۇمغا قىسىپ بارىمەن. ئەلھال بۈگۈنكى ۋەزىيەتتە مەن شۇ بېشىمنى ئۇنىڭغا تاپشۇرمىسام، ئۇنىڭ ئىككى پۇتى بىر ئۆتۈككە تىقىلىدۇ».

**باشنى ئىچىگە تىقىۋالماق** 望而却步 wàng ér què bù

مەنىسى: پەرۋاسىز بولۇۋالماق؛ ھېچ نەرسە بىلەن كارى يوق، ھېچنېمىنى بىلمەس، سەزمەس بولۇۋالماقلارنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇۋغا چىقىشنى خېلىدىن بېرى كۆڭلىگە پۈكۈپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن مۇسا ئاقساقالنىڭ بېشىنى ئىچىگە تىقىۋېلىپ، ئوۋنىڭ تەييارلىقىنىمۇ قىلماي خىرامان يۈرۈشىگە قاراپ جىم بولۇپ قېلىشقانىدى».

**باشنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قاتماق** 费尽心机 fèi jìn xīn jī

مەنىسى: ئامالسىزلىقتىن ناھايىتى ئېغىر ئاقىۋەتكە، قايغۇ - ئەلەملەرگە قالماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «لىيۇسجاڭ قوزغىلاڭچىلارنى نە كۈچ، نە پۇل بىلەن باش ئەگدۈرەلمەي، بېشىنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قېتىپ تۇرغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنى دەرھال قومۇلغا چاقىرتتى».

**باغرى كاۋاپ**

مەنىسى: ئىشق سەۋدالىقلىرىدا تۈگىشىپ كەتمەك؛ پىراقتىن ھالسىزلانماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن :

«ياد ئەيلىگىن ماڭا ئوخشاش باغرى كاۋاپىنى،
تەشنا يۈرەك سەندىن كۈتەر ئوبدان جاۋابنى،
پىراقىڭدا كۈنى - تۈنى پەرۋانىدۇرمەن،
بىدارىگە كۆڭۈل بېرىپ ئالغىن ساۋابنى.»

**باقالنىڭ غالتىكىدە پىشقان** 半身不遂 bàn shēn bù suí

مەنىسى: كۆرۈنۈشكە ئېۋەنسىز، بىراق ئەسلىيسى خام، ئىش - كەسپكە نالايىق ئادەم؛ شەكىل جەھەتتىن ياكى مەلۇم رەسمىيەتلەر خاسىيىتىدىن «پىشقان»لار قاتارىغا ئۆتۈپ قالغان، بىراق ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىغا دۇچ كەلگەن ھامان چېنىپ قالار كىشى، دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

مەسلەن: «ئەنە شۇنداق باقالنىڭ غالتىكىدە پىشقان ‹ئەھلى لاياقەت›لەر ئوقۇتقۇچىلىق سېپىگە قوشۇلۇپ قالسا، ئۇلار مائارىپنى خارابلاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. شەكىلۋازلىق، ئارقا ئىشىكتىن مېڭىش ئەدەپ كەتسە، ئۇلار ئاپەتنىڭ مەنبەسى بولۇپ قالىدۇ».

**بەش قولنى ئېغىزغا بىراقلا تىقماق**
眉毛胡子一把抓 méi mao hú zǐ yī bǎ zhuā

مەنىسى: ئالدىراڭغۇلۇق، ئاچ كۆزلۈك ياكى يەڭگىلتەكلىكلەرگە بېرىلىپ، ئىش - ھەرىكەتلەرنى قەدەم - باسقۇچلۇق جەريانلىرى بىلەن پەيدىنپەي قىلىش تەرتىپ قانۇنىيەتلىرىنى ھېسابقا ئالماسلىقنى سۈرەتلەيدۇ. كۆپىنچە، شۇنداق قىلىق، پوزىتسىيەلەرنى تەنقىدلەش ئۈچۈن ئېيتىلىدۇ.

مەسلەن: «ساڭا نەچچە ئېيتتىمغۇ، — يېرىم گەۋدىسىنى دېرىزىدىن چىقىرىپ ئىنىسىنى كايىدى مالىك مۇئەللىم، — نەپسىڭنى يىغ، بەش قولنى بىراقلا ئاغزىڭغا تىقما دەپ تۇرساممۇ ئۇنىمايسەن !».

**بەڭگى خىيال** 南柯一梦 nán kē yí mèng

مەنىسى: ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان، خام خىيال، ھەرخىل تەمەلەردە بولماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «(ئۇ) شۇغىنىسى ئوقۇتقۇچى - دە، ۋاي خۇدايىمەي، ماڭا نېمە قويۇپتۇ؟ تېخى يىگىرمىگىمۇ كىرمىدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنى نېمىمۇ قىلاتتى؟ تازا بىر بەڭگىنىڭ خىيالىنى قىلىپتىمەن».



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

«شۇنداق، بىرىلدا مۇنچە، بەش يىلدا مۇنچە بولىدۇ، — دەپ بەگنىڭ خىيالىنى قىلغىلى تۇردى بەگ».

**بەل باغلىماق** 发奋努力 fā fèn nǔ lì

مەنىسى: بىرەر ئىش - ھەرىكەتنى قىلماقتا، يېڭى - يېڭى ئىشلارنى مەيدانغا كەلتۈرمەككە قەتئىي نىيەت بىلەن كىرىشمەك؛ ئارزۇ - ئارماننى ئەمەلگە ئاشۇرماقتا قەتئىي ئىرادە تىكلىمەكنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «بىز كۆپ ئويلىنىشلاردىن كېيىن بۇ ئىش ئۈچۈن رەسمىي بەل باغلىغاندۇق».

**بەل تۇتۇشماق**

مەنىسى: ئېلىشماق، چوڭ - كىچىك سورۇنلاردا كۈچ سىناشماقنى كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن: «ئىككىمىز ئۆمۈر بويى بەل تۇتۇشتۇق، ئاخىر پېقىر غالىب كەلدى، ئەمدى ياخشى بولۇپ قالساق، يۇرتتا پاراكەندىچىلىك چىقارماسلىقتا ۋەدە بېرەملا؟».

**بەلدىن كەتمەك** 望秋先零 wàng qiū xiān líng

مەنىسى: تۆپكى، ئاساسلىق ئىمكانىيەتلىرىدىن ئايرىلماق؛ تۇگەل كاردىن چىقماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «ئەتىيازنىڭ بورانلىرى باغباراڭلارنى يالجىتمىدى، يازدىكى ھاشاراتلار زىرائەتلەرگە ئارام بەرمىدى، ئەمدى كۈزنىڭ كەلكۈن ئاپەتلىرى بولسا يەنە بىزنىڭ بېشىمىزغا كېلىۋاتىدۇ، بۇ قاتارلىق كەلگۈلۈكلەر ئارقىمۇئارقا كېلىپ، دېھقانلارنى بەلدىن كەتكۈزۈۋەتتى».

**بەل قويۇۋەتمەك** 垂头丧气 chuí tóu sàng qì

مەنىسى: ئىش - ھەرىكەتتە بىرەر نەتىجە كۆرسەتمەيلا ئارا يولدا تاشلاپ قويماق؛ ئىشەنچ، قىزغىنلىق ۋە ئىرادىسى سۇغا چىلاشماقنى سۈرەتلەيدۇ.



مەسىلەن: « بۇ ئىشنى جەزمەن ئاخىرىغا ئاچىقىشىم كېرەك، ئەگەر بۇ ئىشتا بېلىمنى قويۇۋەتسەم، مېنى ساراڭ دېگۈچىلەرگە ئاساس تېپىپ بېرىپ، ھېچ ئىشنى بىر باشقا ئاچىقالمايدىغان ئادەم بولۇپ قالمامدىمەن؟».

**بوسۇغىسىدا ئىت، تاپىنىدا پىت بولماق**

阿其所好 ē qí suǒ hǎo

مەنىسى: بىراۋلار مەلۇم كىشىلەر نەزىرىدىن ئۆتۈش ياكى مەلۇملارنى ئۇندەككە كەلتۈرۈش جەريانىدا ئۆزىنى يوقاتقان ھالدا، ئىمكانىيىتى يەتكەنچە خۇشامەت قىلماق، كۈچۈكلەنمەكنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «ۋاي خېنىم پاختىكىڭ بولاي، تورغىيىڭ بولاي، دەپ ئۇندەككە كەلتۈرگۈچە بوسۇغىسىدا ئىت، تاپىنىدا پىت بولۇپ، ھۇزۇرىي لەززەتتىن كېيىن نامەردلىك، خۇمسىلىق بىلەن سېغىنغاندىن ساق بولۇۋېلىپ، بار دەردكە، بار گەپكە قىزلارنى تاشلاپ قويۇپ، ئەل - جامائەتنىڭ نەپرىتىدىن ئالتە ئايلىق يىراق بولۇپ ياشاۋاتقانلار ساق ۋە ئاق ياشاۋەرسە، بۇ نېمىدېگەن ئادالەتسىزلىك؟ ! ».

**بويىنغا ئالماق** 俯首就缚 fǔ shǒu jiù fù

مەنىسى: قىلغان، ئەتكەنلىرىنى ئېتىراپ قىلماق؛ يېتەرسىز - لىك، بولمىغۇر ئىشلىرىنى تونۇپ يەتمەكنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: «ئاڭلىدىم، ئەبلغازى بىلەن قىزىرىشىپ قاپسىلەر، ھەي شۇنىڭغىمۇ كۆپەمسىنا، گۇناھ سېنىڭدە زىنۋىرشا، بوينۇڭغا ئال !».

**بويىنى قاتتىقلىق قىلماق** 孤高自许 gū gāo zi xu

مەنىسى: باشقۇرۇش، يېتەكلەشلەرگە كۆنمەس، نەسىھەت ۋە تەلىم - تەربىيەگە تۇزەلمەس مىجەزلىك كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن: «سېنىڭ بويىنى قاتتىقلىق قىلىۋاتقىنىڭنى كۆرۈپ تۇرۇپ، مەنمۇ بۇ ئىشقا ئارىلاشماقچى ئەمەس ئىدىم، بىراق ئۇ

بالىنىڭ بوگۈن ئەتىگەن بۇ يەرگە كىرىشىدە باشقا مەقسەت بار ئىكەن».

**بوينى قىلدا باغلاقلىق** 从令如流 cóng lìng rú liú

مەنىسى: بىرسىگە ياكى بىرەر ئىجتىمائىي گۇرۇھقا چىن ئىخلاستا باغلانغانلىقىنى، ئاڭلىق بويسۇنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

مەسلەن: «بىز ھەقىقىي خانىمىزنى تونۇيالمىغانلىقىمىز، ھەقىقىي تۇغقىنىمىزنى بىلمىگەنلىكىمىز ئۈچۈن، ئۆلۈمگە مەھكۇم، ئۆزلىرىنىڭ ئالدىدا بوينىمىز قىلدا باغلاقلىق».

**بوينى قىلدىن ئىنچىكە** 唯命是从 wéi mìng shì cóng

مەنىسى: ئىنتايىن ئاڭلىق، رايىش بولۇپ، بويسۇنۇش، يەكدىللىك بىلەن ئەگىشىشتىن باشقا قىلچىمۇ نارازىلىق كۆرسەتمەسلىكنى بىلدۈرىدۇ.

مەسلەن: «سىلەر بىلىپ قويۇڭلاركى، بەش تىللا جىق، ئەمما ئىلاجىم قانچە؟ ئەترەت باشلىقى مەمەت ئاۋاق بۇيرۇق قىلدى، بوينىمىز قىلدىن ئىنچىكە».

**بويۇن ئەگمەك** 唯命是从 wéi mìng shì cóng

مەنىسى: تىز پۈكمەك؛ تەسلىم بولماق؛ ئاجىزلىقىغا تەن ئالماق؛ ئىختىيارىنى تاپشۇرماقنى كۆرسىتىدۇ.

مەسلەن: «ئېگىلگەن بويۇننى قىلىچ كەسمەس». (ماقال)

**بويۇن تولغىماق**

مەنىسى: باشقۇرۇش، مەسلىھەت ياكى نەسىھەتلەرگە كۆنمەي، ئۆز مەيدانىدا تۇرماق؛ ئۆز يولىغا مېڭىشقا تىرىجەپ كەتمەكنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «خوش، لەببەي! — دېدى ھېكىمبەگ خوجام ۋىجىك، ئاقساقال بوۋايغا تىكىلىپ قاراپ قويۇپ، — ئاكىمىز كېلىشىم قىلىسەن دەۋاتسا، بىز بويۇن تولغاپ نېمىمۇ قىلالايتتۇق».



**بويۇن قىسماق** 伏低做小 fú dī zuò xiǎo

مەنىسى: ئاجىزلىق، پېقىرلىقتا ياۋاش ۋە قانائەتچانلىق بىلەن يۈرمەك؛ زەبۇن ۋە مىسكىنلىكتە دىلى سولغۇن بولۇپ ئۆتمەكنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «مەن يەنە شۇ بويتاقچىلىق بىلەن بىر بۇلۇڭدا بويۇن قىسىپ ئولتۇرغان بەندە ئىدىم، ئەمما سىزگە يولۇقۇپ، ھاياتنىڭ لەززىتىنى تېتىشقا باشلىدىم».

**بويۇنتۇرۇقتىن قۇتۇلماق**

مەنىسى: مەھكۇملۇق ئاسارەتلىرىدىن قۇتۇلماق؛ چاپلاندى، بۇدۇشقاقتىن قۇتۇلماقنى كۆرسىتىدۇ.

مەسلەن: «ئەمما قانداقلا بولسا زالىم ھۆكۈمەتنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلۇپ، بەگ، خوجىلارنىڭ نوختىسىغا تۇتۇلىدىغان ئىش بولمايدۇ».

**بويىقى سىڭمەك**

生米煮成熟饭 shēng mǐ zhǔ chéng shú fàn

مەنىسى: مەسىلە، زىددىيەتنىڭ تەرەققىياتى، ھادىسىلەرنىڭ بولارلىق يېرى بولۇپ بولغان، ئەمدى ئانداقچە - مۇنداقچە دېيىشنىڭ قەرەلى ئۆتۈپ كەتكەن، دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ.

مەسلەن: «چىدىمىساڭلار يۈزۈڭلارنى يېگىباشتىن ئېتىۋېلىڭلار!... بولىدىغىنى بولۇپ، بويىقى سىڭىپ بولدى، ئەمدى».

**بۇرنىغا چۇلۇك ئۆتكۈزمەك** 听人穿鼻 tīng rén chuān bí

مەنىسى: بىراۋلارنى ناھايىتىمۇ رايىش، ئىتائەتچان قىلىپ باشقۇرماقنى كۆرسىتىدۇ.

مەسلەن: «سىلىگە يېگۈزۈپ، ئىچكۈزۈپ، قاپقانغا دەسسەتمەكچى، بۇرۇنلىرىغا چۇلۇك ئۆتكۈزمەكچى، ئۇلار ئىشنى دەسلەپتىلا شۇنىڭدىن باشلىدى ۋە ئۇنۇمگە ئېرىشمەكچى».

**بۇرنىغا سۇ كىرمەك** 碰一鼻子灰 mǒ yī bī zi huī

مەنىسى: ئاچچىق ساۋاق ئالماق؛ چوڭقۇر تەجرىبىلەرگە ئىگە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بولماقنى بىلدۈرىدۇ.

**مەسلەن:** «كۆپ ئادەملەرگە ياخشىلىق قىلدىم، ئۇلارمۇ دەسلەپ ساڭا ئوخشاش ۋەدە قىلىپ، قەسەم ئىچكەنىدى، كېيىن تۇزكورلۇق قىلىشتى، ئادەم دېگەن خام سۈت ئەمگەن نەرسە ئىكەن، قاراپ تۇرالمىدىم، قىلىپ ئۆگىنىپ قالغاندىكىن بۇرنىغا سۇ كىرمەيدىكەن».

**بۇرنىنىڭ بېزى بار** 趾高气扬 zhǐ gāo qì yáng

**مەنىسى:** گىرى، خۇيى يامان، دۈكان كۆرمىگەن قاپاق نوچى، دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ.

**مەسلەن:** «بۇ چوقۇم ئاشۇ ئەبلەختىن، ئاشۇ ھاكاۋۇر بۇرنىنىڭ بېزى بار، يوغانچى مۇخبىردىن كەلگەن تېلېفون».

**بۇرنىنىڭ بېزىنى ئالماق** 当头棒喝 dāng tóu bàng hè

**مەنىسى:** خورىكى ئۆسۈپ كەتكەن، ھەددىدىن ئېشىپ نەزەرگە سىغماس بولۇپ كەتكەنلەرنى ئەدەپلەپ، پەسكويغا چۈشۈرۈپ، ھوشىنى تاپقۇزۇپ قويۇشلارنى سۈرەتلەيدۇ.

**مەسلەن:** «مەندەك بىر ئۇلۇغ پادىشاھنىڭ ئالدىدا بېشىنى نار تۆگىدەك ئېگىز كۆتۈرۈپ، مەغرۇر جاۋاب بەرگىنىنى قارا! بۇ بەتبەختنىڭ، ئەگەر ھازىرلا بۇرنىنىڭ بېزىنى ئېلىپ قويمىسام، كېيىن تىزگىنىنى تۇتقۇزمايدۇ، دەپ ئويلىدى سۇلتان».

**بۇرنىنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ قويماق** 可有可无 kě yǒu kě wú

**مەنىسى:** مەلۇم كېرەكلىك ياكى زۆرۈرلۈكلەرنى ئاغزاكى ياكى ھادىسەن خالىماسلىق، ياقتۇرماسلىق، ئۆزىنىڭ شۇنداق نەرسىلەرنىڭ تەلەپكارى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىش قىياپىتىدە بولۇۋالماقنى سۈرەتلەيدۇ.

**مەسلەن:** «قورسىقىم توق دەۋاتىسەن، ھېلى تاماق قىلسام بۇرنۇڭنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ قويارسەن!... بىز نەپ ئالغان، مېغىزىنى چاققان يەردە سىلەر بۇرنۇڭلارنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ قويۇپ ئولتۇرمىغانسىلەر؟».



**بۇرنىنىڭ ئۇچىنى كۆرمەك** 鼠目寸光 shǔ mù cùn guāng

**مەنىسى:** نۇۋەتتىكى، كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەت ياكى مەسىلىلەرنىلا كۆرۈپ، كەلگۈسىدىكى تەرەققىيات ياكى ھاسىلاتلارنى كۆرمەسلىك؛ كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتلەرنى دەپ كېيىنكى زور مەنپەئەتلەردىن قۇرۇق قالماقنى سۈرەتلەيدۇ.

**مەسلەن:** «ئازراق زىيان تارتساقمۇ، جىقراق پايدا قىلىدىغان ئىشنى قىلايلى دېسەم، بەزىلەر بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرۈپ قارشى چىقىۋاتىدۇ، قېنى ھېساب ـ كىتاب قىلىپ باقايلى».

**بۇرنىنى كوچىلىماق** 赤手空拳 chì shǒu kōng quán

**مەنىسى:** ئېتىبار قىلماي، پەرۋايىغا ئېلىپ قويماي، خىيالىچە تۇرماقنى بىلدۈرىدۇ.

**مەسلەن:** «ئۇلار بەلكىم توغرا چۈشىنەر، شۇنداقتىمۇ بولۇشمىز مۇشۇ دەپ بۇرنىمىزنى كوچىلاپ قاراپ تۇرساق بولماس».

**بۇرۇتىغا چاڭگا تىزماق** 欺天诳地 qī tiān kuáng dì

**مەنىسى:** بىراۋلارنى ئەخمەق قىلىپ مەقسەتكە يەتمەك، پايدىلانماق؛ پوستىغا كىرىۋېلىپ ياكى ئاجىزلىقلىرىنى تۇتۇۋېلىپ گالۋاڭ قىلماقنى سۈرەتلەيدۇ.

**مەسلەن:** «شۇنىڭغا ئۇ شامەخسۇت ئەۋەتكەن ئەلچىنىڭ بۇرۇتىغا چاڭگا تىزىپ: ‹ئاسمان خۇداسى شامەخسۇت چىڭگاڭنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلغاي، بىر ئاز سەۋر قىلىپ تۇرسۇن›، دەپ ئۇنى يولغا سالدى».

**بۇرۇتىنى پالتا كەسمەيدىغان** 依然如故 yī rán rú gù

**مەنىسى:** بەزى ئىمكانىيەت ياكى سەۋەبلەردىن بالا ـ قازادىن قۇتۇلۇپ قالماق؛ ۋەھىمىلىك، دەھشەتلىك زەربىلەردىن ئامان ـ ئېسەن ئۆتۈپ كەتمەكنى كۆرسىتىدۇ.

**مەسلەن:** «دېھقانىنىڭ تارتقان جاپاسى، قىرقىلغان رىزقى بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمىدى، ئەكسىچە ئۇلارنىڭ بۇرۇتىنى

پالتا كەسمىدى، پەقەتلا چوڭراق زىيان ئۇرغانلىرىنى ئۇ يېزىدىن بۇ يېزىغا ياكى ئۇ ناھىيەدىن بۇ ناھىيەگە يۆتكىۋەتتى، ئۇششاقلىرى قەنتلىرىنى چىقىۋەردى، ۋەسسالام».

**بۇرۇتنى پىلىكتە ياغلاپ يۇرمەك**

打肿脸充胖子 dǎ zhǒng liǎn chōng pàng zi

مەنىسى: ئەبگار، ئاجىز، خام ھالەتتە تۇرۇپمۇ، ھەشەمەتخور، سۆلەتۋازلىق، چوڭچىلىقلارغا بېرىلمەك؛ شۆھرەتئىنتىزارلىقىدا قولى قىسقا كېلىپ قالسا، ئىشتىنىنى سېتىپ داغۋازلىق قىلماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «مەنزە، بۇرۇتۇمنى پىلىكتە ياغلايدىغان ئادەممۇ؟ ئۆي دېگەندە قاپاق – قاپاقتا ياغ، يېگىلى ئېغىز يوق، قۇيماقنى تولا يەپ زېرىكىپ كەتتىم. ئادەمنىڭ ئۇغىسىنى قاينىتىدىغان گەپنى قىلماي تۈزۈك جاۋاب قىل».

**بۇرۇتنى تولغاپ يۇرمەك** 泰然自若 tài rán zì ruò

مەنىسى: ئەل – جامائەت ئالدىدا يۈزى يورۇق، تىلى ئۇزۇن، بېشى ئۆرە بولماق؛ غەم – ئەندىشىدىن خالىي، بەخۇدۇك يۇرمەكنى كۆرسىتىدۇ.

مەسلەن: «ئۇ ھەممە ئىشتىن خاتىرجەم، توققۇزى تەل، كۆڭلى توق، شۇڭغا بۇرۇتنى تولغاپ قويۇپ ئوينايدۇ».

**بۇسنى چىقارماسلىق**

人不知鬼不觉 rén bù zhī guǐ bù jué

مەنىسى: بىرەر ئىش – ھەرىكەتنىڭ ئىشقا ئېشىشى، ماددىي ياكى مەنىۋى بۇيۇملارنىڭ ئۇن – تىنىشسىزلا بىر تەرەپ قىلىنىشلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

مەسلەن: «ئۇنىڭدىن كۆرە بۇ ئىشنىڭ بۇسىنىمۇ چىقارماي بىر تەرەپ قىلىدىغان، ئۇلارمۇ خوش، بىزمۇ خوش بولىدىغان ئىشنى قىلمايمىزمۇ؟ زىخمۇ، كاۋاپمۇ كۆيمىسۇن، مەن شۇڭا كەلدىم».



**بۇغرىسى تۇتماق**

مەنىسى: ئاچچىقى كېلىپ ئەقلىنى يوقاتماق؛ خۇيى تۇتۇپ بىشەملىك قىلماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «ئۇنىڭ تازا بۇغرىسى تۇتتى، ئەلپازىنى بۇزۇپ: بۇ پىكىر ئەمەس بوھتان! ھەممىڭلار ساۋاتسىز ھەسەتخور، دەپ زاكونلاشماقچىمۇ بولدىيۇ، لېكىن يەنە ئۆزىنى بېسىۋالدى».

**بۆرە تېرىسىنى كىيمەك** 幡然改进 fān rán gǎi jìn

مەنىسى: بىرسىنىڭ غەزەپلىنىپ، يۈز – ئابرويىنى قايرىپ قويۇپ، قەھر – غەزەپلىك، ياۋۇز، قاتتىق قول ھالەتكە ئۆتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

مەسلەن: «گەپچىلىك قىلما! — سوتچى ئەمدى زادىلا چىداپ تۇرالمىدى، ئۇ بۆرە تېرىسىنى كىيگەنىدى».

**بۆرىنى قوتانغا باشلىماق** 引狼入室 yǐn láng ru shì

مەنىسى: بىراۋلارنىڭ ياكى بىرەر ئىجتىمائىي گەۋدىنىڭ مەلۇم ئېھتىياجلار ئىستىكىدە ياكى مەلۇم غەلەتلىكلەردە قىلىشتىن، دۈشمەنلىرى، رەقىپلىرىنى ئۆز دائىرىسىگە، ئىستىھكاملىرىغا باشلاپ كىرىپ زور زىيان تارتماقنى كۆرسىتىدۇ.

مەسلەن: «ھاجىم ما جۇڭيىڭنى چىللاپ چىقىش بىلەن بۆرىنى قوتانغا باشلىغان بولسا، شېڭ دۇبەن بىلەن پۈتۈم تۈزۈپ، ئۆزىنىڭ پۇتىغا كىشەن سېلىۋالدى».

**بۆشۈكى زاۋالدا قالغان** 孽根祸胎 niè gēn huò tāi

مەنىسى: يامانلىقتىن ئوڭشالمايدىغان؛ تىنماي چاتاق تېرىيدىغان، دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ.

مەسلەن: «يېرىلالماي ئاران تۇرغان سانىخان: ‹نېمە بولاتتۇق، يەنە شۇ ھېلىقى بۆشۈكى زاۋالدا قالغان شۇمنىڭ دەردى، دەپ ئۇن سېلىپ يىغلاپ كەتتى».

**بۆشۈكىدە ئۇجۇقتۇرماق** 防微杜渐 fáng wēi dù jiàn

مەنىسى: بىرەر مەسىلە ياكى ھادىسىنى ئەمدىگىنە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

شەكىللىنىۋاتقان، ئىپادىلىرى سېزىلىۋاتقان پەيتتىلا يوقاتماقنى كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن: «بىر چوڭ ئاپەتنىڭ ئالدى تۇسۇپ قېلىندى، بىخ ھالىتىدە، بۆشۈكتىكى چېغىدىلا بوغۇۋېتىلدى، بولمىسا ئۇنىڭ زىيىنىنى تۆلىۋالغىلى بولمايتتى».

**بۆكگە جىگدە سالماق** 指山卖磨 zhǐ shān mài mó

مەنىسى: زور ئۈمىد، كاتتا تەمەلەرنى قوزغاپ قويۇپ، ئەمەلىيەتتە قىلچە نەپ بەرمەي، ئەرزىمەس ئىلتىپاتلار بىلەن ۋەسسالام قىلماق؛ ئەرزىمەس نەپلەر بىلەن ئوڭدا قويۇپ كەتمەكنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «بۇ قېرى تۈلكە بۆكۈمگە جىگدە سېلىپ قويۇپ، كۆزۈمنىڭ يۇمۇلۇشىنى كۈتۈپ تۇرامدۇ، نېمە؟ سوۋغا - سالاملىرىمىز ئازلىق قىلدىمۇيا؟».

**بۆكنى ئاسمانغا ئاتماق** 欢天喜地 huān tiān xǐ dì

مەنىسى: بەخت - سائادەتكە چۆممەك ياكى مۇۋەپپەقىيەت شادلىقلىرىدا بولماقنى كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن: «بوشاڭ قىز سېنى نامزات كۆرسەتتى، بۆكۈڭنى ئاسمانغا ئېتىۋال».

**بېشى ئاسمانغا يەتمەك** 喜气洋洋 xǐ qì yáng yáng

مەنىسى: يۈكسەك دەرىجىدە شادلىق، رازىمەنلىكلەردە بولماقنى كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن: «ھىراتنىڭ پادىشاھى، مەشھۇر ئۆلىما ۋە ماشايىخلىرى ئۈچ پەرسەخ يولنى بېسىپ، ئۇ جانابنىڭ خىزمىتىگە بېرىپ، ئۇنىڭ بوسۇغىسىنىڭ تۇپرىقىنى يۈزلىرىگە سۈرتۈش بىلەن پەخىرلىنىپ بېشى ئاسمانغا يەتتى».

**بېشى باغلاقلىق**

مەنىسى: قىز - چوكانلارنىڭ لايىقى بارلىقىنى، قۇدىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ ئورنىتىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.



مەسىلەن: «مەۋلانىنىڭ ئەلچىلىرىنىڭ كەينى - كەينىدىن دەرۋازا ئاتلاپ كىرىشى ئابلىز قارىم ئۈچۈن ھاقارەتتەك تۇيۇلدى، شۇنىڭغا ئەلچىلەرنى بىر - ئىككى قېتىم: قىزىمىزنىڭ بېشى باغلاقلىق، دېگەن سىلىق جاۋاب بىلەن قايتۇردى».

**بېشىدا تۇگمەن چۆرگىلىمەك** 含垢纳污 hán gòu nà wū

مەنىسى: دىشۋارلىق تارتماق؛ غەم - ئەلەملەردە ئۆتمەكلەرنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «كۆڭلۈمنىڭ ئارامى بولمىدى، تۇرمۇشۇم ئىزغا چۈشكەندە بىراقلا خەت يازاي دەپ ساڭا خەتمۇ يازمىدىم، بېشىمدا تالاي تۇگمەنلەر چۆرگىلەپ كەتتى».

**بېشىدا ئوت كۆيمەك** 泰山压顶 tài shān yā dǐng

مەنىسى: ئۈستىگە دەرد - بالالار يېغىپ تۇرماق؛ تەقدىرنىڭ جازاسىغا ئۇچرىماق؛ ئىنتايىن ئېغىر ھالغا قالماقنى كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن: «ئەممازە، تۆگە قانچە، يېغىرى شۇنچە دەپ، چىڭگاڭ غوجامنىڭمۇ بېشىدا ئوت كۆيۈۋاتقان ئوخشايدۇ، ئۇنداق بولمىسا، ھەزرەتلىرىنى يوقلىماي قويامدۇ».

**بېشىدا ياڭاق چاقماق** 欺人太甚 qī rén tài shèn

مەنىسى: زۇلۇم - سىتەم ۋە خورلۇقلارنى سالماق، كىشىلەر ئۈستىدە زوراۋانلىق قىلماقنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: « تىلەكلىرىمىز ھەل بولىدىغان ئوخشايدۇ، ئاللا بىزگە خوتەنلىك بىر ھاكىمنى راۋا كۆرۈپتۇ، بۇمۇ ئىشىمىزنىڭ ئوڭغا تارتقىنى، خوتەنلىكلەر بىزگە ئوخشاش ساددا، باشقىلارنىڭ بېشىدا ياڭاق چېقىشنى ئۇقمايدۇ، دېيىشتى ۋە ئەتە - ئاخشىمى ئۆگزىلەرگە چىقىپ خوتەن تەرەپكە قارايدىغان بولۇۋېلىشتى».

**بېشىدىن ئىسسىق - سوغۇق ئۆتمەك**

曾经沧海 céng jīng cāng hǎi

مەنىسى: جەبىر - جاپالارنى تولا تارتقان، ياخشى - يامان ئىشلار ۋە كۆرگۈلۈكلەرنى كۆرگەن، تەجرىبە - ساۋاق ۋە چېنىق-

قىشلاردا بولغاننى كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن: «گەرچە ئۇ ساۋاتسىز بولسىمۇ، لېكىن بېشىدىن ئۆتكەن ئىسسىق - سوغۇقلاردىن بىلىمنىڭ خاسىيىتىنى، مۇھىملىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلغانىدى».

**بېشىغا چىقماق I**

مەنىسى: باش كېتىدىغان چاتاق تېرىماق؛ نابۇت بولارلىق ئاقىۋەتلەرگە گىرىپتار قىلماقلارنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «سىز نادىروف، ساۋۇتوفدەك ئادەملەرنىڭ بېشىغا چىقتىڭىز، يالغان دېلو پەيدا قىلغانلىقىڭىز ئۈچۈن نامەت قولغا ئېلىندى».

**بېشىغا چىقماق II**

مەنىسى: ھۆكۈمدار، خوجايىنلىق ئورنىغا چىقىۋالماق؛ بوزەك قىلماق، پايخان قىلماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «شۇنداقمۇ كىشىلەر باركى، سەن ئۇلارغا يول قويۇپ، ئىززىتىنى قىلساڭ ئۇ سېنى ئاجىز چاغلاپ بېشىڭغا چىقىۋالىدۇ».

**بېشىغا سىركە قۇيماق** 自讨苦吃 zì tǎo kǔ chī

مەنىسى: بىرەر ئىش ياكى ھەرىكەتنىڭ ئالدى - كەينىنى تازا ئەستايىدىل ئويلاشماي، تولۇق مۆلچەرلىمەيلا قولغا ئېلىپ قويۇپ، ئۆز - ئۆزىگە كېلىشمەسلىك، كۆڭۈل ئازارلىق تېپىۋېلىشنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «ئاغرىمىغان بېشىمغا ئالتە تاياق دېگەندەك، يوقسۇل بولسىمۇ تىنچ ياشاۋاتقان بۇ بوۋاي خوتۇن ئالدىم دەپ، بېشىغا سىركە قۇيۇۋالغىنىنى نەدىن بىلسۇن».

**بېشىغا كىيىلمەك** 拉家带口 lā jiā dài kǒu

مەنىسى: مەلۇم ۋەزىپە، بۇرچ ۋە مەسئۇلىيەت قاتارلىقلار قېچىپ بولماس رەۋىشتە يۈكلەنمەكنى كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن: «ھەركىم ھەرنېمە دەيدۇ، باشقا كەلمەيدۇ، بىلمەيدۇ



دېگەندەك، ئۇلار ھازىر بىلمەيدۇ، بىر ئۆي بېشىغا كىيىلگەندە، مورىدىن ئىس چىقىرىشنىڭ نەقەدەر تەسلىكىنى ئاندىن بىلىشىدۇ».

**بېشىغا كىيمەك** 无法无天 wú fǎ wú tiān

مەنىسى: مەلۇم جاي ياكى ئىش - ئوقەت ساھەسىنى زوراۋانلىق، تەنتەكلىك ياكى ئالجوقلىق قاپلاپ كېتىشىنى، ئۆز ئىلكىگە ئېلىشنى كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن: «ئۆزلە يۇرتقا ئاتا بولمىسىلا، يولۋاس ئەتىلا ئەنشىدىن يېنىپ چىقىپ، بەشىر بىلەن ئىككىسى قومۇلنى بېشىغا كىيىۋالۇرمىكىن !».

**بېشىنى بىر قىلىۋالماق** 攻守同盟 gōng shǒu tóng méng

مەنىسى: پىكىر، مۇددىئا ۋە ئىدىيە بىرلىكى قىلىۋېلىشنى كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن: «پېقىر بۇرادەرلىرى قەشقەرگە كەتكەندىن كېيىن ئۇلار بېشىنى بىر قىلىۋېلىپ ئىش تېرىپ يۈرمىسۇن، يۇرۇش - تۇرۇشىغا، سۆز - ھەرىكىتىگە ھەر زامان ھوشيار تۇرغايلا، ئاغزىلىرىغا ھېزى بولغايلا».

**بېشىنى چىشلىسە قاتتىق، كۆتىنى چىشلىسە سېسىق**

无能为力 wú néng wéi lì

مەنىسى: ئوڭشىغىلى بولمايدىغان، ئىشقىلا تۇرىدىغان، پاسسىپ ۋەزىيەتنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «مەسئۇل بولىدۇ، جاۋاب قىلىدۇ، دەپ قۇلاق يوپۇرۇپ يۈرگەن بىلەن بولامدۇ؟ ئەتە - ئۆگۈن ھەممە دەسمايىنى غالتەككە چىقىرىپ، ئىششىپلا ئولتۇرۇشسا، ئۇ چاغدا، ئەركىن، خالىق دېگەنلىرىڭنىڭ بېشىنى چىشلىسەڭ قاتتىق، كۆتىنى چىشلىسەڭ سېسىق بولىدىغان ئىش بولارمىكىن».

**بېشىنى سىلىماق** 恩同再造 ēn tóng zài zào

مەنىسى: ئاتىدارچىلىق قىلماق، مۇناسىپ رەۋىشتە غەمخورلۇق قىلماقنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

مەسلەن: «ئاڭلىشىمچە چىڭگاڭ غوجام بېيجىڭدا ئىكەن، مەندەك بىر تەلىيى شورنىڭ دەردىگە يېتىپ، بېشىمنى سىلاپ قويسا، دەپ زار - زار يىغلاپتۇ».

**بېشىنى ئوڭلىماق** 成家立业 chéng jiā lì yè

مەنىسى: ئۆيلۈك - ئوچاقلىق قىلىپ، تۇرمۇشىنى ئوڭلۇق هالغا سالماقنى كۆرسىتىدۇ.

مەسلەن: «ياخشى، يامان بولسىمۇ بىر يىلدىن بېرى ئۆزىمىز يېمىگەننى يېگۈزۈپ، كىيمىگەننى كىيگۈزۈپ، بېشىنى ئوڭلاپ قويساق «خوش»مۇ دېمەي كېتىپ قالغىنىنى قارا !».

**بېشى ئىششىپ قالماق** 好肉剜疮 hǎo ròu wān chuāng

مەنىسى: تايىنى يوق ئىشلارغا ئارىلاشماق؛ مۇناسىۋەتسىز مەسىلىلەرگە يەڭ شىمايلاپ زىيان تارتماقنى كىنايە قىلىدۇ.

مەسلەن: «ئۆزىمىزنىڭ دەردىمۇ يېتىپ ئاشىدۇ، خەقنىڭ يىغىسىنى يىغلاشقا بېشىم ئىششىپ قالمىغان».

**بېلى بوشاپ كەتمەك**

مەنىسى: باشلىغان ئىش - مەقسەتنى بىر باشقا ئاچىقماستىن، ئارا يولدا بەل قويۇپ بەرمەك؛ ئىنتىلىش، ئىزدىنىش ئىرادىسىنى يوقىتىپ قويماقنى كۆرسىتىدۇ.

مەسلەن: «سوپى مەرگەن: بۇ بەگ - غوجاملاردا ئىشەنچ يوق، دەپ توغرا ئېيتىپتىكەن، هېلىتىنلا بېلى بوشاپ كېتىپتۇ، يۇسۇپ تەيجىدەك ئادەمنىڭ قىلغان گېپىنى قارىمامدىغان».

**بېلىنى رۇسلىماق** 重整旗鼓 chòng zhěng qí gǔ

مەنىسى: قىيىنچىلىقلاردىن قۇتۇلۇپ، ياخشى كۈنلەرگە يېتىمەك، ئۇزۇكچىلىكلەردىن نېرى بولۇپ، هال - ئوقىتى ياكى تۇرمۇش شارائىتلىرى ياخشىلىنىپ قالماقنى كۆرسىتىدۇ.

مەسلەن: «مېنىڭچە بۇ يىل دېهقانلارغا سېلىق تۇرماق، باج ۋە بەزى خىراجەتلەرنىمۇ ئارتماسلىق لازىم، بۇ يىلچە ئۇلار بېلىنى رۇسلىۋالسىلا بولغىنى».



**بېلىنى قايرىماق**

مەنىسى: ئادەم ياكى شەيئىلەر ئۈستىدىن ئۇزۇل - كېسىل غالىب كەلمەك؛ رەقىبىنى نابۇت قىلماقنى كۆرسىتىدۇ.

مەسلەن: «ئويلىمىغان يەردىن يېڭىهىسارنىڭ خانىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىشى مىرزا ئابابەكرىنىڭ بېلىنى قايرىۋەتتى، ئۇ دۇنيادەپىنىسىنى يىغىشتۇرۇپ قېچىشنىڭ تەرەددۇتىغا چۈشتى».

**بېلىنىڭ تۆۋىنىگە سۇيۇقئاش بارمىغان**

卑躬屈膝 bēi gōng qū xī

مەنىسى: جاسارەت، دىت ۋە غۇرۇر جەھەتلەردە تايىنى يوق، لېيى خام؛ روهىيىتى نىمجان، ئىشقا بوش، دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ.

مەسلەن: «ئاباق دېگىنىڭ بېلىنىڭ تۆۋىنىگە سۇيۇقئاش بارمىغان بىر نېمە، بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇشقا بولمايدۇ».

**بېلىنى ئوشتۇماق** 精疲力竭 jīng pí lì jié

مەنىسى: مەلۇم جەھەتتىن زەربە يەپ بەربات بولۇشقا تايىن تاپماقنى كۆرسىتىدۇ.

مەسلەن: «جاسارىتىڭلار بىكارغا كەتمىدى، جىيەنىم! سەمەرقەند پادىشاهىنىڭ ئۆزى سۇلهى تەلەپ قىلغانمىش. كۆۋرۈكتىكى يوقىتىش دۈشمەننىڭ بېلىنى ئوشتۇغانىكەن».

**بىر باشقا ئاچىقماق**

مەنىسى: باشلىغان ئىش - هەرىكەتنى بىرەر نەتىجىگە يەتكۈزمەك، پايانىغا چىقارماقنى كۆرسىتىدۇ.

مەسلەن: «ئىسلاشقان چۇچۇلىنى يەلپۈڭلار، هەرگىزمۇ سوغۇق سۇ چاچماڭلار، مۇشۇ ئاياللار ئىشنى بىر باشقا ئاچىقمىدۇ، قورقماي يەلپۈڭلار، يانغىن پەيدا بولسۇن».

**بىر بۇرۇندىن نەپەس ئالماق**

一鼻孔出气 yī bí kǒng chū qì

مەنىسى: مەقسەت - مۇددىئالىرى بىر يەردىن چىقماق؛ ئىش -

ھەرىكەتلىرى جىپسا كېلەر رەۋىشتە ماسلاشقان بولماقنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: شىنجاڭدىكى ئەكسىلئىنقىلابچىلار جاھانگىرلىكنىڭ غالچىلىرى بىلەن بىر بۇرۇندىن نەپەس ئېلىپ، ئېغىز - بۇرۇن يالىشىپ، ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ كۆتۈرمەكچى».

**بىر بۇغدايدا سەمرىپ، بىر بۇغدايدا ئورۇقلىماق**

应激耳变 yìng jī ér biàn

مەنىسى: ھېچقانداق ئىش كۆرمىگەن، ساددا، كىچىككىنە پايدا - مەنپەئەتكە ئېرىشسە شادلىقتىن تېرىسىگە سىغماي قالىدىغان، ئەكسىچە كىچىككىنە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىسا، زىيان چەكسە ئۇجۇقۇپ كېتىدىغان، تەنتەك كىشىلەرنىڭ سۈرىتى.

مەسىلەن: «بايىمۇ دېدىم سىزگە، خوتۇن كىشى دېگەن بىر بۇغدايدا سەمرىپ، بىر بۇغدايدا ئورۇقلايدىغان خەق، مېنىڭ خوتۇنۇممۇ تازا مۇھىم ئىشلاردا ئۇنى - بۇنى دەپ ئۇششاق گەپ قىلىپ بېشىمنى ئايلاندۇرىدۇ».

一脉相承 yī mài xiāng chéng **بىر بۆزنىڭ ئۇچى بولماق**

مەنىسى: ئۇرۇق، قاياشى بىر كىشىلەر، ئورتاق بىر قوۋمغا تەئەللۇق ئادەملەر، دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: «ئۇنداق دېمىسىلە، ھەممىمىز بىر بۆزنىڭ ئۇچى، بىرسىمىزنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە، بىرسىمىز تاماشا كۆرسەك ئەپلىشەمدۇ؟»

半截入土 bàn jié rù tǔ **بىر پۇتى گۆرگە ساڭگىلىماق**

مەنىسى: ئۆلمىكى، بەرباد بولمىقى تايىن تېپىپ قالغان، دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: «خۇدا ھەققى مەن قېرىپ قالدىم، بىر پۇتۇم گۆرگە ساڭگىلىدى... ئۇنىڭ ھەممە نېمىسىنى ۋەيران قىلىۋېتىمەن».

疲于奔命 pí yú bèn mìng **بىر پۇتىنى ئون قىلماق**



مەنىسى: بارلىق ئىمكانىيەت، مۇمكىنچىلىكلەرنى ئىشقا سېلىپ ئاتلانماق؛ ئەڭ زور چەكتە تىرىشچانلىق كۆرسەتمەكنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «ئالىي كەرەملىرىنىڭ دۆلەتلىرى سايىسىدە، بىز قۇللىرى كەچ يېتىپ، سەھەر تۇرۇپ يۇرتىنىڭ تىنچلىقى ئۈچۈن بىر پۇتىمىزنى ئون قىلىپ يۈگۈرۈپ يۈرۈپتىمىز».

**بىر تاپقا چۈشمەك**

按部就班 àn bù jiù bān

مەنىسى: ئىش - ھەرىكەتلەر بىر تەرتىپكە چۈشمەك؛ مەلۇم ئىش - ھەرىكەتكە يەڭ تۇرگەنلەر ئۆزئارا ماسلىشىپ ئىتتىپاقلاشماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «ھەممە ئىش ئەلچىنىڭ دېگىنىدەك بىر تاپقا چۈشكەندى، ئەمدىكى گەپ توينىڭ ئاشسۈيىنى راسلاپ ئەل - يۇرتنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشلا قالغانىدى».

**بىر تاختا قوغۇن بىر پۇل بولماق**

劳而无功 láo ér wú gōng

مەنىسى: ئىش - ھەرىكەتلەر بىلەن مەشغۇل بولۇشتا گاھىبىر ئەقىلسىزلىك، بوشاڭلىق، سەل قاراشلاردىن ياكى ئىشنىڭ كۆزىنى بىلمەسلىكتىن تەييار نەرسىنى خاراب قىلماق؛ ئەسلىدە باشقا چىقىدىغان ئىشنى ئارا يولدا سۇغا چىلاشتۇرۇپ قويماقنى كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن: «نېمىلا دېگەنبىلەن چوڭ ھوقۇق تۇتقان ئادەمنىڭ ئەقلىمۇ چوڭ بولىدىكەن، ئەگەر مۇشۇ قېتىم تېز تۇتمىغان بولساق، بىر تاختا قوغۇن تاسلا قالغان بىر پۇل بولغىلى».

二百五 èr bǎi wǔ **بىر تاسقام بار**

مەنىسى: ئەقلىدىن ئازغان مەنۋى كېسەللىك ئامىللىرىنىڭ بەلگىلىك مىقدارى بار، دېگەنلىكنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: «ئايخاننىڭ قىلىقلىرىنى كۆرگەن ھەرقانداق بىر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كىشى بۇ چوكاندا بىر تاسقام بارىكەن، دەپ قالاتتى».

等量齐观 děng liàng qí guān **بىر تاياقتا ھەيدىمەك**

مەنىسى: ياخشى - يامانى، خام - پىششىقنى ئايرىماستىن
بىراقلا بىر تەرەپكە قىلماق؛ ھەممىنى ئىنكار قىلماق ياكى ھەمە-
مىنى مۇئەييەنلەشتۈرمەكنى كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن: «ئۆي تۇتۇش باشتىن - ئاياغ ئەلەم ۋە ئازاردۇر،
ئەمما ئۇنىڭ ھەممىسىنى بىر تاياقتا ھەيدىگىلى بولمايدۇ، ئەگەر
ئائىلىسىدە مۇۋاپىق خوتۇن بولسا ئۆيىنىڭ بۇۋىسى، كۆپتۈر دۆلەت
ۋە جەمئىيەتكە ئۇنىڭ پايدىسى».

一丘之貉 yī qiū zhī hé **بىر جاڭگالنىڭ بۆرىلىرى**

مەنىسى: سەلبىي جەھەتتىن مەلۇم خاراكتېر، خۇسۇسىيەت-
لەردە بىردەكلىك، ئورتاقلىقلارغا ئىگە بولماق؛ مەلۇم مەۋقەلەردىن
باغلىنىشلىق، چېتىشلىق بولماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «ياپون ئالۋاستىلىرى بىلەن مىللىي مۇناپىقلار بىر
جاڭگالنىڭ بۆرىلىرى».

同心同德 tóng xīn tóng dé **بىر جان، بىر تەن بولماق**

مەنىسى: يۈكسەك دەرىجىدىكى ئۆملۈك ۋە ماسلىشىشلارنى
كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن: «بارلىق يېزىلىقلار بىرجان، بىرتەن بولۇۋېلىشقانىدى،
بەزگەك بولۇپ ئورۇنلىرىدا يېتىشقان باللار، ئاغرىقلار، مېيىپلار
ۋە قېرىلارنىڭ ھەممىسى بايرام ئوغلىنىڭ قوشۇنىنى كۈتۈشەتتى».

穿连裆裤 chuān lián dāng kù **بىر جۇۋىدا تەرلىمەك**

مەنىسى: مەنپەئەت ۋە نەپ ئۈستۈن كېلىپ، غورۇرى ۋە
مەيدانىنى يوقاتماق؛ ئىجىل - ئىناق بولۇشۇپ كەتمەك دېگەنلەرنى
بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: «ئالتۇن، سەن نەچچە يىللىق ئاداۋەتنى قەلبىڭگە
دەپنە قىلىپ ساقلاۋاتقان قىساسكارلارنى بىر جۇۋىدا تەرلەتكەن



سېھىرگەرسەن».

**بىر چالمىدا ئىككى پاختەك سوقماق**

一石二鸟 yī shi èr niǎo

مەنىسى: بىر ھەرىكەت، بىر تۈرلۈك ئورۇنۇش ئارقىلىق كۆپ
ھاسىلاتلارغا يېتىنمەكنى كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن: «تاغقا تويلاشقانلارنىڭ ئىشىنى تېزدىن بىر ياقلىق
قىلىش كويىغا چۈشكەن ياقۇپبەگ بىر چالمىدا ئىككى پاختەك
سوقماقچى بولۇپ، خوجا ئىلياسنى خوتەنگە ئەۋەتكەنىدى».

积不相能 jī bú xiàng néng **بىر قازاندا قايىنىماسلىق**

مەنىسى: مەلۇم بىر ئىش - ھەرىكەت، ئىگىلىكنى ياكى بىر
ئائىلىنى بىرلىكتە روياپقا چىقارماقچى بولغان تەرەپلەرنىڭ بىر-
لىك ئاساسى يوقلۇقىنى، بىرلىكتە مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ بىرەر
ئىشنى باشقا ئاچىقالمايدىغانلىقىنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «سەن ئۆزۈڭنى ھېكىمبەگ خوجىنىڭ ئوغلى قې-
يۇمبەگ خوجا چاغلاپ قالدىڭما؟ بىلىپ قوي، كۆمۈرچى بىلەن
ئۈرۈمچىلىك ئېسىلزادە خانقىز قانداقمۇ بىر قازاندا قايىنىسۇن؟»

睚眦必报 yá zì bì bào **بىر قاققا بىر قاق قىلماق**

مەنىسى: نازۇك، گىرى، چىڭگىز خاراكتېرلەرنى سۈرەتلەيدۇ؛
ھەرىكەت تەسۋىرىدە بولسا باشقىلارنىڭ قىلغان - ئەتكىنىگە تەپمۇ-
تەڭ، ئۇدۇل كەلتۈرۈپ قىلماق؛ كەم - زىيادىسى يوق، قالدۇقى،
نېسىسى بولمىغان دېگەنلەرنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «ھەر ھالدا بىزمۇ بىر قاققا بىر قاق قىلىۋالدۇق،
نېسى قويمىدۇق، ھاردۇقىمىز چىقىپ قالدى».

**بىر قولىدا ئوت، بىر قولىدا سۇ كۆتۈرمەك**

مەنىسى: ياخشىلىق ۋە يامانلىق بابىدا يېتۈك؛ ھەم ياخشىلىق-
نىڭ يولىدا ياخشىلىق، ھەم يامانلىقنىڭ يولىدا يامانلىق قىلىشقا
قادىر كىشىلىك مىجەزنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «بىر قولىدا ئوت، بىر قولىدا سۇ كۆتۈرۈپ يۈرۈي-

دىغان قېرىندىشىمىزدىن ئايرىلىپ قالغاندۇق».

**بىر ئۇن، بىر تۇن بولماق** 同舟共济 tóng zhōu gòng jì

**مەنىسى:** چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق ماسلىشىش، ھەمكارلىشىشنى بىلدۈرىدۇ.

**مەسىلەن:** «بىتەرەت يەرگە دەسسىمەيدىغان ھەپىزىخان قىرىق نەچچە يىلدىن بۇيان بىر ئۇن، بىر تۇندە بولۇپ، تۇرمۇشنىڭ ئاچ - چىق - چۇچۇكلىرىنى تەڭ كۆرۈپ كېلىۋاتقان بۇ ئىخلاسمەن ئەر - نىڭ ھەرقانداق گېپىگە ھەيرانلىق ئىلكىدە ئىسەنگىرەپ قالدى».

**بىر ئىشتىنى ئىككى بولماسلىق** 衣不蔽体 yī bù bì tǐ

**مەنىسى:** تۇرمۇشى ئۆزۈكچىلىكتىن، سىرىقتاللىقتىن بىرى بولمايدىغان، يالىڭمايدىغان، ئىشلىرى ئىلگىرى كەلمەيدىغان كى - شى، دىگەن پىكىرلەرنىڭ ئاچچىقلاشتۇرۇلۇپ، كىنايىلەشتۈرۈلۈپ ئىپتىلىشى.

**مەسىلەن:** «بۇنداق كىرىمگە يارىشا خەج - خىراجەت قىلمايدى - غان، ‹ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى› دەپلا پۇل خەجلەيدىغان بولساق، ئۆمۈر بويى بىر ئىشتىنىمىز ئىككى بولماي، ئۆتۈپ كېتىمىز».

**بىر ياقىدىن باش چىقارماق** 戮力同心 lù lì tóng xīn

**مەنىسى:** كىشىلەرنىڭ ئىش - ھەرىكەتلەردە ئۆملۈك، زىچ ماسلىششتا بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

**مەسىلەن:** «مەسىلە بىرقەدەر ئومۇمىيۈزلۈك تۇس ئالغاندا ياكى باشقا يۇرتلۇقلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە بېرىپ تاقاشقاندا ئۆز ئارىلىرىدىكى ئاغرىنىش - ئاداۋەتلەرنى ۋاقتىنچە قايرىپ قويۇپ بىر ياقىدىن باش چىقىرىشىدۇ».

**بىرىدىن ئارقاق چىقسا، بىرىدىن ئۆرۈش چىقماق**

不胜其烦· bù shèng qí fán

**مەنىسى:** مەلۇم ۋەزىيەتتە باغلىنىشلىق بولۇپ تۇرغان تەرەپلەرنىڭ بەزىسىدىن ئۇنداق كاشىلا، يەنە بەزىسىدىن مۇنداق چاتاقلار چىقىپ ئىش ئاقماس، كاشال ۋەزىيەت



شەكىللەنگەنلىكىنى سۈرەتلەيدۇ.

**مەسىلەن:** «بۇ يالغۇز ئىشتىن بەكمۇ خۇنۇقۇپ كەتتىم، ئاخىرىغا ئېلىپ چىقالمىغۇدەكمەن. بۇ خەقنىڭ بىرىدىن ئارقاق چىقسا، بىرىدىن ئۆرۈش چىقىپ بېشىمنى ئوچاق قىلىۋەتتى».

**بىلەپ (قايراپ) تەييار قىلماق**

**مەنىسى:** بىركىملەرنى مەلۇم بىر ئىش ياكى ھەرىكەت ئۈچۈن تولۇق چۈشەنچىگە ئىگە قىلىش ۋە دەيدىغان سۆزلىرىنى ئالدىن تەييار قىلماقنى كۆرسىتىدۇ.

**مەسىلەن:** «سالاھىدىن ئوبۇلقاسىمنى بىلەپ تەييار قىلدى، ئوبۇلقاسىم سالاھىدىنىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە باسماقچى بولغان كىتابنى ئالىمجاننىڭ باسما زاۋۇتىغا ئېلىپ كەلدى».

**بىلگەن پوقۇڭنى يە** 自用则小 zì yòng zé xiǎo

**مەنىسى:** رايى تارتقان، خالىغان ئىش - ھەرىكەتنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر قىلىۋەرمەك؛ باشقىلارنىڭ ئۆزى بىلگەن، خىلى چۈشكەن بولمىغۇر يولدا ئىلگىرىلەپ مېڭىۋېرىشىگە كارى يوقلۇقىنى بىلدۈرىدۇ. كۆپىنچە ئازغۇنلۇقىنى، نادانلىقىنى زەردە قىلىش مەقسىتىدە ئىشلىتىلىدۇ.

**مەسىلەن:** «ھۇ ئېشەك نەسلى، — كامىل قاسىم يەرگە قاتتىق تەپتى، — ئەمدى ئۈچچىغا كەلسە بىر چارەك، سەن تۈزكورغا سۆزلەيدىغان ئاغزىم يوق، بىلگەن پوقۇڭنى يەۋەر».

**بىلگەن سەنىمگە دەسسىمەك**

分道扬镳 fēn dào yáng biāo

**مەنىسى:** بۇيانقى ھەمدەمكەشلەر بىلەن كارى بولماي ياكى ۋەزىيەت بىلەن ھېسابلاشماي، ئۆزى بىلگەن ئىشنى قىلىپ بولماق، رايى تارتقان يولدا ماڭماقنى بىلدۈرىدۇ.

**مەسىلەن:** «مەن ئەمدى نازۇكىنىڭ يىلىنىشى، نەسىھەتلىرىگە پەرۋا قىلماي ئۆزۈم بىلگەن سەنەمگە دەسسەپ يۈرۈۋەردىم».

# پ

**پاتاڭغا مىنمەك** 欺人太甚 qī rén tài shèn

مەنىسى: ھامىيلىقىدىكىلەر ياكى ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ھەددىدىن ئېشىپ، ئەركىلەپ يۆلىنىۋېلىشى ۋە چەكتىن ئاشقان قىلىقلارنى چىقىرىپ بويۇنتاۋلۇق قىلىشلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن: «بالىنى تۈزۈك باقساڭ ماۋۇ ئۆيدە ئېشىڭنى يەيسەن، بولمىسا بېشىڭنى يەيسەن جۇما، مەن دەپ قوياي، گەپ قىلمىسا بارغانچە پاتاڭغا مىنگىلى تۇردۇڭيا سەن !».

**پاتقاقداپ يۇرمەك** 一塌糊涂 yī tā hú tu

مەنىسى: ئىشنىڭ كۆزىنى بىلمەسلىكتىن ياكى چامى يەتمەسلىكتىن قول سالغان ئىشنى زايە قىلىۋەتمەك؛ ئىلەشتۇرۇپ، قالايمىقانلاشتۇرۇپ، كېرەكسىز نەرسە قىلىۋەتمەكنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «ھالىڭغا باقماي جاھاننى پاتقاقداپ يۇرمەي، غىتت قىسىپ سىڭگەن نېنىڭنى يېسەڭ بولمامدۇ؟»

**پاتقاقا سۆرىمەك** 拖人下水 tuō rén xià shuǐ

مەنىسى: خاراب بولۇش يولىغا باشلاپ كەتمەك؛ يامانلىقلارغا شېرىك قىلىپ بالا ـ قازاغا چېتىۋالماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «مەن ھازىرمۇ سىلەرگە پارتىيەنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنساڭلار، سىلەرنىڭ ۋە سىلەر تەرەپتىن پاتقاقا سۆرەپ كىرىلگەن ئاشۇ كىشىلەر ھاياتىنىڭ ساقلاپ قېلىنىدىغانلىقىنى تەكىتلەۋاتىمەن، بىراق، سىلەر يەنىلا قۇلاق سالمايۋاتىسىلەر».

**پاچاقا پىت چۈشمەك** 惶恐不安 huáng kǒng bù ān

مەنىسى: ئەنسىزلىك ۋە جىددىيچىلىككە چۈشۈپ قالماق؛ نېمە قىلىشىنى بىلمەي تېپىرلاپ قالماقنى سۈرەتلەيدۇ.



مەسىلەن: «ھۆددىچى كەتكەندىن كېيىن قورغانبېگىنىڭ پاچىقىغا پىت چۈشتى».

**پاختىكى ئوڭدا ئۈچىماق** 如愿以尝 rú yuàn yǐ cháng

مەنىسى: ئامىتى ئوڭدىن كېلىپ، ئىشلىرى يۇرۇشۇپ كەتمەك؛ قانداقلا قىلسا ئەپلىشەر بولماق؛ ئارمانلىرى ئىجابەت بولۇپ شادلىقتىن تېرىسىگە سىغماي قالماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «كۈنلەردىن كۈنلەر كېلىپ، بۇ سىرلار ئاشكارا بولۇپ قالسا بالام، ئۇلارنىڭ پاختىكى ئوڭدا ئۈچىدۇ، ئورۇس يېرىدە مۇنداق ئىشلار كۆپ بولغان، بىز خاراب بولىمىز، بۇ گۆللەنگەن ئائىلىمىز ۋەيران بولىدۇ».

**پاختىنى زەي سالماي ئاتماق** 大言不惭 dà yán bù cán

مەنىسى: ئاڭلىغۇچىلار ئالدىدا يوقنى بار قىلىپ، قىلنى پىل قىلىپ، يالغاننى توقۇپ، تېرىقنى تاۋۇز قىلىپ ماختانماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «بۇ ئايشەم ئەتراپىدىكى ئاياللارنىڭ بەزىلىرىنىڭ ھەۋەس نەزىرى، بەزىلىرىنىڭ ھەسەت كۆزلىرى بىلەن قاراشلىرىدىن ئۆزىگە تېخىمۇ تەمەننا قويۇپ، پاختىنى زەي سالماي ئېتىۋاتقاندا، تاشمەت تۇرغۇنجاننى كۆتۈرۈپ يېتىپ كەلدى».

**پاختىۋەن قىلىپ پو ئاتماق** 大吹大擂 dà chuī dà lèi

مەنىسى: ناھايىتىمۇ چوڭ سۆزلىمەك، داۋراڭ سالماق؛ خىيالىدىن كەچكەننى راس دەپ لاپ ئۇرماقنى سۈرەتلەيدۇ.

**پاس چىقارماق**

مەنىسى: بىراۋلارنىڭ زەربە بېرىشى، گەپ ـ سۆزدە چېقىۋېلىشلىرى ئۇچۇن يوچۇق ۋە پۇرسەت چىقىرىپ بەرمەك؛ ئۆزىنىڭ يانپاشقا چىقىپ قېلىشى ئۇچۇن باشقىلارغا ئاجىز يېرىنى تۇتقۇزۇپ قويماقنى كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن: «دۆت ئېشەك، مەن نېمە قىلىۋاتىمەن، سەن نېمە قىلىۋاتىسەن، ئورۇسلار باھانە تاپالمايۋاتسا، سەنلەر پاس چىقىرىپ

ئالتە ئۆيلۈك نەشكەشنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىغا نىمىدەپ تىقىسەن؟»

**پاششىنى قورۇماق** 独善其身 dú shàn qí shēn

مەنىسى: غەمخورلۇق قىلماق؛ ئىغىر چىلىقلىرىنى كۆتۈرۈپ، ياردەم كۆرسەتمەكنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «هازىر تەشكىل ئۆيىنى تەقسىملەشكە ناهايىتى كۆڭۈل بۆلۈۋاتىدۇ، هەر قاتلامدىن بىردىن ۋەكىل قاتناشتۇرۇپ، تەقسىملەش كومىتېتى قۇرۇپ چىقتۇق، يېقىن ئاغىنەڭ ئابدۇۋاققاسكاممۇ بار، ئۇ سېنىڭ پاشاڭنى قورۇپ، ياقا يىرتالايدۇ».

**پالتا ـ كەكىسنى قاقتۇرماق** 付之东流 fù zhī dōng liú

مەنىسى: زور ئۈمىد، تەمەلەر بىلەن بىر ئىشلارغا كىرىشىپ، ئەمەلىيەتتە ئىش كۈتكەندىكىدەك ياكى كۆڭۈلدىكىدەك بولماي قېلىپ، شاپاشلىغانلىرى نۆلگە تەڭ بولۇپ قېلىشنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «ئويلاپ ئىش قىل دېسەم ئۇنىماي كەينىدىن پالاقلىدىڭ، قانداق؟ ئەمدىغۇ تاۋزۇڭ قولتۇقىڭدىن چۈشۈپ، پالتا، كەكەڭنى قاقتۇرۇپ، ئولتۇرغانسەن».

**پالتا سېپىغا موزاي تېزەكلەپ قويماق**

狱货非宝 yù huò fēi bǎo

مەنىسى: بىراۋلار بەرگەن ئىنئام ياكى پارىلارنىڭ رولىنى باشقىلارنىڭ ئاشۇ يولدىكى ئۇرۇنۇشلىرى بېسىپ كېتىشىنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «ئەھۋالدىن قارىغاندا بۇدا يەنە پالتىنىڭ سېپىغا موزاي تېزەكلەپ قويغان ئوخشايدۇ، بۇ ئىشنى باشقىچە ئويلاشساقمىكىن دەيمەن».

**پالتا سېپى بولماق**

مەنىسى: ئۆز قاياشلىرىنىڭ، ئۆز قوۋمىنىڭ دۈشمەنلىرى ئۈچۈن ئىشلىمەك؛ ئۆز كىشلىرىنى نابۇت قىلىش تەرەپدارلىرىغا بولۇشماقنى كۆرسىتىدۇ.

مەسلەن: « يالقۇنتاغدىن هەممىلا چاغدا، — دېدى تىجارەتچى



سۆزىنى باشلاپ، — ئابدۇخالىق ئۇيغۇر چىقىۋەرمەيدۇ، ‹پالتا ساپلىرى›مۇ چىقىپ قالىدۇ».

**پايپىتەك بولماق** 手忙脚乱 shǒu máng jiǎo luàn

مەنىسى: بىراۋلار ئۈچۈن ئۆزىنى يوقاتقان رەۋىشتە چاپقىلاپ يۈرۈپ مۇلازىمەت قىلماق؛ ئۆزىنى بېغىشلىماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «بىگۇناھ كەرەكەڭنى تۇتقۇن قىلىپ زىندانغا تاشلىدى، ئۆلدىمۇ ياكى تىرىكمۇ بىلەلمىدۇق، نەچچە كۈن بولدى پايپىتەك بولۇپ يۈرۈۋاتىمىز».

**پايتىمىسنى تەتۈر ئورىماق** 时乖命蹇 shí guāi mìng jiǎn

مەنىسى: هايات مۇساپىسىدە جاپا ـ مۇشەققەت چەكمىكى تەقدىردىن پېشانىسىگە پۈتۈلگەن، دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئاساسەن كۆلپەتلىك تۇرمۇشتىن نېرى بولالماسلىقنى سۈرەتلەشتە قوللىنىلىدۇ.

مەسلەن: «ۋاي ـ ۋۇي چىقىپ كېتىمەن دەپ بىزنى قورقۇتماقچىمۇ سەن؟ ساڭا ئوخشاش پايتىمىسىنى تەتۈر ئورىغاندىن كۆرمىگى ئىش تاپالماي يۈرىدۇ».

**پايتىمىسنى سۆرەپ يۈرمەك** 蒙袂辑屦 méng mèi jí jù

مەنىسى: ئىش ـ ئوقەتلىرى ئىلگىرى كەلمەي، هاياتتا سورۇقچىلىق تارتىپ، رودۇلىشىپ كەتمەك؛ ئاۋارە ۋە ئەبگار هالدا كۈن ئۆتكۈزۈپ يۈرمەك.

مەسلەن: «هېلىمۇ ياخشى ئۇنىڭغا تەگمەپتىكەنمەن، — ئويلىدى مەھبۇبە، — بىر كىتابنىڭ باهاسى ئاران چارەك سوم تۇرسا، پايتىمامنى سۆرەپ يۈرەتتىمكەن ـ هە».

**پەدىنى يۆتكىمەك** 改弦易辙 gǎi xián yì zhé

مەنىسى: ئۇسۇل ـ چارىلەرنى بىردىنلا ئۆزگەرتمەك؛ ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلەردىكى پوزىتسىيەدە كەسكىن ئۆزگىرىش بولماق؛ ئەسلىي مەشغۇلاتنى تاشلاپ باشقىغا ئۆتمەكنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «خەزىنىچى بەگ نىياز هېكىم بەگنىڭ پەدىنى يۆت-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كەپ تېخىمۇ نازۇك يەرگە قول سوزغانلىقىنى چۈشەندى ـ دە، دەرھال جاۋاب قىلدى».

**پەردە ئارقىسىدا قوماندانلىق قىلماق**

幕后操纵 mù hòu cāo zòng

**مەنىسى:** ئاستىرتىن يېتەكچىلىك قىلماق؛ پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ باشقۇرماق، قوماندانلىق قىلماقنى سۈرەتلەيدۇ.

**مەسىلەن:** «كۈندۈزلىرى بۇ تەتۈر تەشۋىقاتقا پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ قوماندانلىق قىلىۋاتقان ھەربىي ئەمەلدارلار كېچىلىرى چېركىلىرىنىڭ ئۈچىسىغا سەگەز چاپان كىيدۈرۈپ، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ ئالتۇن ـ كۈمۈش توپلاش بىلەن ئاۋارە ئىدى».

**پەركايى ئۈچماق** 牢骚满腹 láo sāo mǎn fù

**مەنىسى:** غەزەپلەنمەك، نورماللىقىنى يوقاتماق؛ زۆرۈرىيەتتىن تاشقىرى گەپ ـ سۆز قىلىۋېتىشكە تەمشەلمەكنى كۆرسىتىدۇ.

**مەسىلەن:** « مەنمۇ شۇ، شائىر ئەپەندى، مەنمۇ ئۇنى خۇددى سىزگە ئوخشاشلا تاپالماي يۈرىمەن، — دېدى مەرۇپ پەركايى ئۈچقان ھالدا».

**پەش قاقماق** 扬长而去 yáng cháng ér qù

**مەنىسى:** ئۆمىدلەر ئۈزۈلۈپ، ئالاقىلەرنى ئادا ـ جۇدا قىلىۋېتىپ كەتمەك؛ يامانلاپ كېتىپ قالماقنى سۈرەتلەيدۇ.

**مەسىلەن:** «داۋۇت موللامىنىڭ توختىغۇدەك سەۋر ـ تاقىتى قالمىغانىدى، ئۇ پېشىنى قېقىپ، كۆرسەڭ ئۆزۈڭ كۆر دېگەندەك قىلىپ ھەممىنى قارىقويۇق قارغاپ ئۆز يېزىسىغا كەتتى».

**پەشنى كېسىپ يەڭنى ياماق**

拆东补西 chāi dōng bǔ xī

**مەنىسى:** ئەھمىيەتسىز قۇربان بەرمەك؛ يوقاتقانلار بىلەن ئېرىشكەنلەر تەڭ بولۇپ، قالماق؛ قولدا بار بولغانلارنى يوقىتىپ، يەنە شۇنچىلىككە ئېرىشمەكنى سۈرەتلەيدۇ.

**مەسىلەن:** «ئات ـ ھارۋىدىن ئايرىلىپ دۇكان ئاچساق، بۇ نېمە قىلغان قىلىق بولدى، ئاكا، پەشنى كېسىپ يەڭنى ياماغاندەكلا



بىر ئىش ئەمەسمۇ، بۇ ئىشتا ھېچبىر خاسىيەت يوققۇ!».

**پەشۋا يېمەك** 沉重打击 chén zhòng dǎ jī

**مەنىسى:** قاتتىق زەربە يېمەك؛ مەلۇم سەۋەبتىن ئەدەپلەنمەكنى سۈرەتلەيدۇ.

**مەسىلەن:** «كىمكى ‹گىرى›لىك قىلسا، ئىشنىڭ يولىنى بىلمىسە، زامانغا بېقىپ ئىش قىلمىسا، تۇرمۇشتا تەس كۈنگە قېلىشى، پەشۋا يەپ قېلىشى، ھەتتا مەسخىرىگە قېلىشى مۇمكىن».

**پەگاھقا چۈشۈپ قالماق** 坐冷板凳 zuò lěng bǎn dèng

**مەنىسى:** ئەسلىدىكى قىممەت ـ ئېتىبارلىرى بىراقلا چۈشۈپ كەتمەكنى سۈرەتلەيدۇ.

**مەسىلەن:** «نېمە دېگەنلىرى بۇ؟ ئۇنداق سىياسەت، چاقىرىقلار ھازىر دېگەن پەگاھقا چۈشۈپ قالدى، ئاينا!».

**پور كۆتەككە نەقىش ئويماق** 朽木不雕 xiǔ mù bù diāo

**مەنىسى:** قۇتقۇزغىلى بولمايدىغان ۋەزىيەت، ئەيۋەشكە كەلمەس ئوبيېكت، ئەھمىيەتسىز ئىشلارغا ئۆزىنى بېغىشلاپ، كۆيۈپ ـ پىشىپ كەتمەك؛ تەربىيە سىڭمەسلەرگە زور ئەجىر قىلماقنى سۈرەتلەيدۇ.

**مەسىلەن:** «مائارىپىمۇ پور كۆتەككە نەقىش ئويىدىغان ئىشلارغا چۈشۈپ كەتمىسۇن، پەرزەنتلىرىنىڭمۇ ۋاقتى ئىسراپ بولۇپ كەتمىسۇن».

**پوستىغا كىرىۋالماق** 蛊惑人心 gǔ huò rén xīn

**مەنىسى:** دۈشمەنلىك قىلغۇچىلار ياكى مۇخالىپلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولۇۋالماق؛ شۇلارنىڭ رايىچە بولۇپ، ئۆزلىشىۋالماق؛ ئۇندەككە كەلتۈرمەك، ئۆز سەنىمىگە دەسسەتمەكنى سۈرەتلەيدۇ.

**مەسىلەن:** «ئەمدىكى گەپ سۇ ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئەيسا جېلالنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ بېقىپ، ئۇنىڭ پوستىغا كىرىشنىڭ يولىنى تېپىش ئىدى».

**پوشكالغا يۆگەپ بەرسە ئىت يېمەيدىغان**

狗彘不食 gǒu zhì bù shí

**مەنىسى:** ئىنتايىن بىئېتىبار، خېرىدارسىز؛ قارىغۇچىلىكى يوق، دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ.

**مەسىلەن:** «ئۇنىڭ ئۇستىگە پوشكالغا يۆگەپ بەرسە ئىت يېمەيدىغان بىر نېمىلەرگە شېخىدىن ئۈزمىگەن ئالمىدەك تۇرغان ئىنىمنىڭ سۈركىلىشى ئەقلىگە سىغمايدىغان ئىش ئىدى».

**پوقتا تېيىلماق**

引火烧身 yǐn huǒ shāo shēn

**مەنىسى:** مەلۇم بولمىغۇر ئىش - ھەرىكەتنىڭ سەۋەبىدىن ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىماق، بالا - قازاغا مۇپتىلا بولماقنى بىلدۈرىدۇ.

**مەسىلەن:** «مانا ئەمدى ئەقىلسىز قىزى مۇنداقلا پوقتا تېيىلىۋىدى، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭدىن تەتۈر ھېساب ئېلىپ قورسىقىدىكى غۇمنى چىقىرىۋېلىشماقچى بولۇۋېتىپتۇ».

**پوقنى ئوتتۇرىدىن بۆلەلمەسلىك**

无能为役 wú néng wéi yì

**مەنىسى:** ناھايىتىمۇ ئىقتىدارسىز، بولۇمسىز، ھېچ نەرسىنى قاملاشتۇرالماس كىشى دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ.

**مەسىلەن:** «خوپ قىپتۇ، پوقنى ئوتتۇرىدىن بۆلەلمەي، مۇشۇكتەك مىياڭلاپ كەلگۈچە، ئەدېپىنى بېرىپ قويساڭ بولمامدۇ! شۈكمىزە سېنىڭ ئېتىڭ ئەمەت كورۇك».

**پوقنى ئوسۇرۇق بىلەن ياپماق**

欲盖弥彰 yù gài mí zhāng

**مەنىسى:** مەلۇم بىئەپچىلىك، ناشايان ئىش ۋە سەتچىلىكلەرنى يېپىش، يوشۇرۇش يولىدا تەمتىرەپ قېلىپ، كۆلكىلىك باھانىلەرنى، تايىنسىز سەۋەبلەرنى كۆرسىتىشلەرنى ۋە بىئەپچىلىكلەرنى بىئەپچىلىكلەر بىلەن يېپىشقا ئۇرۇنۇپ، كۆلكىگە قېلىشنى كۆرسىتىدۇ.

**مەسىلەن:** «سوپۇر ئاخۇننىڭ ھارۋىسىدا بىر - ئىككى قېتىم ئولتۇرۇپ قېلىپلا ئىشتانبېغى بوشاپ كېتىپ، ‹ئامانەت›نى ئۇ-



نىڭغا بېرىپ سالغان بولۇۋېلىپ، پوقنى ئوسۇرۇقتا يېپىپ ئۇنىڭغا تېگىشۋالغان گەپ».

**پوقنى بوغۇزلىماق**

眦裂发指 zì liè fà zhǐ

**مەنىسى:** ئۆزىنىڭ سەۋەنلىكى، ئادىشىشى سەۋەبىدىن ياكى مەلۇم ئىشقا قاتتىق ئۆكۈنۈشتىن، ئۆز - ئۆزىنى ئەيىبلەپ، غەزەپلىنىپ كېتىشنى سۈرەتلەيدۇ.

**مەسىلەن:** «نەچچە تونىنا قورۇق ئۆزۈمنى قويمىچىلارغا ئالدۇرۇپ قويغان ئېلى ئاكا پوقنى بوغۇزلاپ يۈرگەن كۈنلەردە، يەنە ئۇنى ساختا پۇل ساقلاپسەن، دەپ ساقچىلارمۇ ئىزدەپ كەلدى».

**پوقنى كۆممەك**

隐恶扬善 yǐn è yáng shàn

**مەنىسى:** قىلغان - ئەتكەن ئوساللىقلىرى، سەتچىلىكلىرى ياكى ناشايان ئىشلىرىنى يېپىپ، يوشۇرۇپ يۈرمەكلەرنى كۆرسىتىدۇ.

**مەسىلەن:** «مېنىڭ ئالدىدا بىرمۇنچە نەسىھەت قىلمىغان بولسىلا ئاللىقاچان پېشمىنى قېقىپ كېتىپ قالغان بولاتتىم، ئەمدى نېمە ئامال، كۆرسەممۇ كۆرمەسكە سېلىپ، بىراۋنىڭ پوقنى كۆمۈپ بولالماي چېچىم ئاقىرىدىغان ئوخشايدۇ».

**پۇت ئاتماق**

犯上作乱 fàn shàng zuò luàn

**مەنىسى:** چوڭلارغا ياكى يېتەكچى، ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلارغا يانماق، چېقىلماق؛ بويۇن قاتتىقلىق قىلىپ ئۆكتە قوپماقنى كۆرسىتىدۇ.

**مەسىلەن:** «بۇنىڭ ھەممىسى غەيۋەت - شىكايەت، ھۆكۈمەتكە پۇت ئاتقانلىق، ئاللانىڭ ئەمرىنى تۇتمىغانلىق، ھازىر ئاللا بىزگە نېمىشقا ھېلى جىگەر كېسىلى، ھېلى تولغاق دەپ بۇ كېسەللەرنى بېرىۋاتىدۇ؟ بۇ ئاللانىڭ بىزگە قىلغان غەزىپى».

**پۇت تېپىشمەك**

唱对台戏 chàng duì tái xì

**مەنىسى:** بىر سەپ، بىر تائىپىدىكىلەرنىڭ ئۆزئارا ئۇستۇنلۇك

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تالـىشىپ ياكى چىقىشالماسلىقتىن يوشۇرۇن نىزالاشماق؛ ئاستىرتىن بىر - بىرىنىڭ ئەدىپىنى بېرىشمەكنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «بۇ ۋاقىتتا ئوردىدىكى پۈت تېپىشىشتىن بەرھەم يېگەن بىر تۈركۈم قوقەند ئەمەلدارلىرى مىڭدىن ئارتۇق كىشى- لىك قوشۇننى باشلاپ قەشقەرگە قېچىپ كېلىۋالغانىدى».

稳扎稳打 wěn zhā wěn dǎ **پۇت تىرەپ تۇرماق**

مەنىسى: قىيىنچىلىقلارغا ۋە تالاپەتلەرگە بەرداشلىق بېرەل- مەي، كۈچ ئىشلىتەلماي، مەۋجۇتلۇق ھالىتىنى ساقلاپ قالالماس- لىقنى بىلدۈرىدۇ؛ چۈشەنچە، ئىدىيە، نۇقتىئىنەزەرلەرنىڭ ئەمە- لىيەتنىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ، ساقلىنىپ تۇرالماس- لىقلىرىنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «بۇنداق چۈشەنچە، نۇقتىئىنەزەرلەر ئەمدى پۇت تى- رەپ تۇرالمايدۇ».

乘虚而人 chéng xū ér rén **پۇتنى تىقىۋالماق**

مەنىسى: ئورۇن ياكى بىر جايغا سىغدىلىپ كىرىۋالماق؛ مەۋ- جۇتلۇق ئاساسلىرىغا ئىگە بولۇۋالماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «شۇنچە قۇربانلار بەدىلىگە زالىم ھۆكۈمەتنى يىقىتىمىزدىن ھەيدەپ چىقىرالمىساق، شېھىتلىرىمىزگە نېمە دەيمىز؟ خەلقىمىزگە نېمە دەيمىز؟ كاززاپ ھۆكۈمەت يېرىمىزگە پۇتنى تىقىۋالسىلا بىزگە كۈن بەرمەيدۇ».

变幻莫测 biàn huàn mò cè **پۇچەكلەشمەك**

مەنىسى: مەنىسىزلەشمەك، تايىنسىزلاشماق، لاۋزۇلاشماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «ئەھۋالدىن قارىغاندا بۇ ئادەم بىلەن پۇچەكلىشىپ ئولتۇرۇشنىڭ پايدىسى يوق ئىدى، ھەيدەر قولىنى سىلكىپ، قۇ- دۇق سۈيىدە يۈزىنى يۇيۇۋاتقان ئابدۇۋۇنىڭ يېنىغا باردى».

天花乱坠 tiān huā luàn zhuì **پۇچقاقتىن پۇۋلىمەك**



مەنىسى: بىراۋلارنى مەقسەتلىك ھالدا ماختاپ - ئۇچۇرماق، ماختاپ - ئۇچۇرۇپ ئۆز سەنىمىگە دەسسىتىشكە ئۇرۇنماقنى بىلدۈرىدۇ.

مەسلەن: «سەن ئۇنى پۇچقاقتىن پۇۋلىسەڭمۇ، يەنە شۇ پېتى تۇرىدىغۇ؟».

**پۇچۇلىنىپ كەتمەك**

مەنىسى: زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىماق؛ دەرد تارتىپ ھالىدىن كەتمەكنى كۆرسىتىدۇ.

مەسلەن: «گايىت يەكتىز ھالدا جىم ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ ھېلىقى ۋەقەدىن كېيىن چىرايى خېلىلا پۇچۇلىنىپ قالغانىدى، لېكىن بىرەرسىگە چىش يېرىپ سۆزلىگىنى يوق».

积不相能 jī bú xiàng néng **پۇرچىقى پىشماسلىق**

مەنىسى: بىراۋلار بىلەن يەنە بىراۋلار بىرگە ئىشلەش ياكى بىرگە تۇرۇشلاردا ئۆزئارا ئېپقى كېلىشمەيدۇ، ھەمكارلىق، ماسلى- شىش بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ.

مەسلەن: «ئېزىز تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئۆز كەنتىدە دېھقانچىلىق قىلىۋاتقان بۇ ئۈچ يىل ئىچىدە ماموتخان بىلەن پۇرچىقى پىشماي كېلىۋاتاتتى».

**پۇشايماننى ئالدىغان قاچا تاپالماسلىق**

懊悔无及 ào huǐ wú jí

مەنىسى: مەلۇم بىر ئىشنىڭ ئاقىۋىتىدە ناھايىتى قاتتىق ئۆ- كۈنۈش، زەردىگۆش بولۇش، پۇشايمانغا قېلىش، لېكىن ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئىمكانىيىتى يوق ئىكەنلىكىنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «پەقەت ئۇنى تاپقاندىلا، ئاندىن بۇ تېپىشماقنىڭ جاۋابى يېشىلىدۇ، كېچىكىپ قالساق پۇشايماننى ئالدىغان قاچا تاپالماي قالىمىز».

任其自流 rèn qí zì liú **پۇرەككە چىقىرىپ قويماق**

مەنىسى: بەكمۇ چوڭ كۆرۈپ، قەدىرلەپ خورىكىنى ئۆستۈرۈپ قويماق؛ ئەتىۋارلاپ بەكلا چوڭچى، داخۇڭگەي قىلىپ قويماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «مېنىڭچە بولسىغۇ ئۇنىمىغىنىنىغا ئۇنىماي بۇگۇنلا بىركىمگە چېتىۋەتكۈم بار، دادىسى دېگەن كاج ‹ئۆزى كىمنى لايىق تاپسا شۇنىڭغا بېرىمىز› دەپ ئۇنى پۇرەككە چىقىرىپ قويدى».

**پۇۋلەپ ئۇچۇرماق**

مەنىسى: ئاشۇرۇپ ماختاپ كۆككە كۆتۈرمەك؛ شىيلاپ يايرىتىۋەتمەكنى بىلدۈرىدۇ.

مەسلەن: «ماختىسا كۆپمەيمىز، پۇۋلىگەنگە ئۇچمايمىز، ئاۋۋال مەقسىتىڭنى ئېنىق ئېيت».

倒戈卸甲 dǎo gē xiè jiǎ **پېتىدىن چۈشمەك**

مەنىسى: بىراۋنىڭ بىرەر نەرسىگە دۈچ كېلىشى بىلەنلا نوچىلىقى، ھەيۋىسى ۋە ھاكاۋۇرلۇقى بىراقلا توزۇپ كېتىشنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «راست، قاسىمكامغا خەۋەر قىلىشنى كەنت بوغالتىرلىرىغا تاپشۇرغانىدىم، شۇ دەلتىمنى تۇتاي، — شاپ بۇرۇت ئۇزۇن يىل كىيىلگەن ئىشتاندەك پېتىدىن چۈشۈپ ئارقىغا ياندى».

原封不动 yuán fēng bù dòng **پېچەتى بۇزۇلمىغان گەپ**

مەنىسى: ھېچقانداق قول تەگمىگەن، قېپى ئېچىلمىغان، يىپ-يېڭى، دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ.

مەسلەن: «بۇنداق يېڭى گەپلەرنى كوچىغا ئاچىقىدىغان شەھەرخان چوڭ ئاناڭ بولماي كىم بولاتتى، دادۇي شۇجىلىرىمۇ، مۇنۇ دىلەيساخانمۇ تېخى پېچەتى بۇزۇلمىغان يېڭى گەپلەرنى ئاڭلاش ئۈچۈن كۈنگە بوسۇغامغا باش ئۇرىدۇ».

**پېشانىسىنى سىلىۋەتمەك**

مەنىسى: ئۆزۈڭگە ئەستايىدىل بايقاپ باق؛ ئۆزۈڭ ئىشتانسىز تۇرۇپ، ئىشتىنى يىرتىقتىن كۈلمە! دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ.



مەسلەن: «دۇنيادا بولمايتتى نائادىل كىشى، ئۆز پېشانىسىنى سىلىسا بارچە».

奉若神明 fèng ruò shén míng **پېشىدا ناماز ئوقۇماق**

مەنىسى: بىراۋلارنىڭ مەلۇم كىشىلەرگە ناھايىتى ئەستايىدىل چوقۇنىدىغانلىقىنى، ئۇلۇغ بىلىپ چىن دىلىدىن ئىقتىدا قىلىدىغانلىقىنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «مۇبادا ئابدۇللا ئەلەم چېقىپ قالغان بولسا ئۇلارمۇ تاپانلىرى تېشىلگۈچە شاپاشلىشىپ كېتەتتى، چۈنكى بىزنىڭ قىشلاقتا ئۇنداق كاتتىلارنى كۆرسە پېشىدا ناماز ئوقۇيمەن دەپ يېتىۋالىدىغان ئەسەبىيلەرمۇ چەتتىن چىقاتتى».

发蒙振聩 fā mēng zhèn kuì **پېشىنى تارتىپ قويماق**

مەنىسى: بىراۋلارنىڭ ئەخمەقلىك ياكى ساددىلىقتىن گەپ-سۆز، ئىش-ھەرىكەتتە تاپتىن چىقىپ كېتىشلىرىنى ئۇقتۇرۇپ قويماق؛ ئىش-ھەرىكىتى ئەل-يۇرتقا زىيان سالغان، ئەلنىڭ كۆزىگە سىغمايۋاتقان كىشىلەرگە سىگنال بېرىپ، ئۇلارنى پەسكويغا چۈشۈرۈپ قويماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «بالا تېخى كىچىك، مەنۇ چەھىر ھوزۇرىدا ئۇنىڭ چاپىنىنىڭ پېشىنى تارتىپ قويىدىغانلار چىقىپ قالسا ئىكەن، ئىلاھىم! دەپ ئويلىدى سەللان ئاتا».

草间求活 cǎo jiān qiú huó **پېشىنى دەسسەپ يۈرمەك**

مەنىسى: ئالدىرىغانچە ئىشلىرىدىن كاشىلا چىقىپ، ئىلگىرى كەلمەيلا قالماق؛ ھال-كۈنى ئەبگارلاشماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «بىراق، ئادەم تىرىشقانغىلا ئۆسكىلى بولمايدىكەن، ئامەت كەلمىسە كېچە-كۈندۈز تىرىشقىنىڭ بىلەنمۇ پېشىڭغا دەسسەپ يۈرۈۋېرىدىكەنسەن».

**پېلەكنى بويلاپ خەمەك ئىزدىمەك**

顺藤摸瓜 shùn téng mō guā

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

مەنىسى: كىرەكلىك نەرسىنى ئۆز يولى بىلەن ئىزدىمەك؛ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ مۇمكىنچىلىكى ئۈستىدە ئىزدىنىشنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «رازۋېدكا گۇرۇپپىسى تەييارلىققا جىددىي كىرىشىپ كەتتى، ھازىرچە قولغا چۈشكەن ماددىي پاكىتلار دېلو بىكىتىشكە يېتەرسىز بولسىمۇ، ئەمما پىلەكنى بويلاپ خەمەك ئىزدەشكە ئاساس بولالايتتى».

**پېيىنى قىرقماق** 暗箭伤人 àn jiàn shāng rén

مەنىسى: بىراۋلارنى ئەدەپلەپ ئاجىزلاشتۇرماق؛ يوشۇرۇن ئەدەپلەپ نابۇت قىلماقنى بىلدۈرىدۇ.

مەسلەن: «ئۇ سىزگە بىۋاسىتە خوجايىن بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغىمۇ ئازراق بىرنەرسە بەرمىسىڭىز بولمايدۇ، بولمىسا پېيىڭىزنى قىرقىشقا ھەرىكەت قىلىدۇ».

**پىتتىن پوستۇمبا ئالماق** 一毛不拔 yī máo bù bá

مەنىسى: قۇسۇر، ئېۋەن تېپىشقا ماھىر بولماق؛ ئىنتايىن پىخسىق، ۋاستە تاللىمايدىغان، ھەرقانداق نەرسىدىن پايدا - مەنپەئەت ئۈندۈرۈپ ئېلىشقا تىرىشىدىغان خاراكتېرلارنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «ئۇلارنىڭ ئىشلىرى بەك ئىنچىكىلەپ كەتتى، پىتتىن پوستۇمبا ئايرىپ ئولتۇرغىنى ئولتۇرغان».

**پىتلىنىپ قالماق** 丰衣足食 fēng yī zú shí

مەنىسى: ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئاز - تولا كۆتۈرۈلۈپ قالماق؛ مەنىۋى جەھەتتىن بېشى ئۆرە بولۇپ، ئاز - تولا يېتىنىپ قالماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «ئۇلار ئوقەت قىلىشنىڭ ئورنىغا ئانچە - مۇنچە پىتلىنىپ قالغانلارنىڭ پېيىدە يۈرىدۇ، ئېپىنى تاپسا ئۇلارنىڭ پېيىنى قىرقىپ، مىڭ جاپادا تاپقان ۋەج - دۇنياسىنى سىيرىۋالىدۇ».



**پىتىنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوتقا سالماق**

مەنىسى: چىدامسىزلىق، تەخىرسىزلىك، قىسقا پەملىك قىلىپ، كېلىشمەسلىك ياكى روھىي بېسىمغا پايلىماي مۇھىم ئىشلارنى بەربات قىلىۋەتمەك؛ ئاچچىقنى بېسىۋالالماي، قولغا كېلىپ قالغان نەتىجىلەرنى يوققا چىقارماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «سۇ كېتىدۇ تاش قالىدۇ، ئوسما كېتىدۇ قاش قالىدۇ، دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ، پىتىنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوتقا تاشلىۋەتمەي، مەلۇم ۋاقىت يېزىغا چىقىپ جان ساقلاپ تۇرساقمىكىن».

**پىچاق سۆڭەككە يەتمەك** 万箭钻心 wàn jiàn zuàn xīn

مەنىسى: دەرد - ئەلەم، خار - زارلىقلار جان - جېنىدىن ئۆتۈپ كەتمەكنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «دادا، ئەمدى پىچاق سۆڭەككە يەتتى، — دېدى ئايمۇھەممەت يىغىدىن بوغۇلۇپ تۇرۇپ، — دەرھال خوتەنگە بېرىپ نىياز ھېكىم بەگنىڭ ئەدىپىنى بەرمىسەك, سىڭلىم ئۇنىڭ قولىدا ئۆلۈپ كېتىدۇ».

**پىچاققا يارىماق** 勉强过关 miǎn qiǎng guò guān

مەنىسى: ھەرھالدا لاياقەتلىكلەر قاتارىغا ئۆتەلەيدۇ؛ مەلۇم شارائىتتىكى بىر ئۆلچەم بويىچە دەڭسىگەندە، ئۆلچەمگە توشىدۇ، مەلۇم كىشىلەر ئارىسىدىكى تۈزۈكلىرى، دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

مەسلەن: «مەھەللىدىكى پىچاققا يارايدىغانلار كەنت كادىرلىرىدىن بىزگە ئاشامتى؟»

**پىچىقى چېپىشىپ تۇرماق**

针锋相对 zhēn fēng xiāng duì

مەنىسى: دۈشمەنلىك ئوتلىرى لاۋۇلداپ تۇرۇشماق؛ مۇرەسسەسىز كۈرەش ھالىتىدە تۇرماقلارنى بىلدۈرىدۇ.

مەسلەن: «كېلىن بىلەن قىزمۇ بىر ئۆيگە پاتمايدىكەن، ئۇلار-

نىڭ بىر - بىرىگە پىچىقى چېپىشىپ تۇرىدۇ، باش قېتىنچىلىقى بولغاندىمۇ بىر چاققىچە ئەمەس».

**پىچىقى كەسمەك**

مەنىسى: ھۆكۈم، بۇيرۇقلىرى ئۆتۈشلۈك، گەپ - سۆزلىرىنىڭ قىممەت ۋەزنى بار، دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ.

مەسلەن: «سىلىنى شۇجىلىققا دەسسىتىش ئۈچۈن يېزا ۋە ناھىيەدىكى پىچىقى كېسىدىغانلارنى ئېپىنى تاپقان يەردە ئوبدان مېھمان قىلدىم».

**پىستان چاقماق** 半途而废 bàn tú ér fèi

مەنىسى: ھەممە تەخ - تولۇق بولغاندا ئىش - ھەرىكەتتىن ئويلىمىغان جايدىن كاشىلا كۆرۈلۈپ، ھەممە ئىش سۇغا چىلاشماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «ئاغىنىمىز ياسىنجاندىن سوراپ باقسىلا، مەن دېيىشىپ بولۇپ يېنىۋالغان ياكى ئارا يولدا پىستان چاققان بىرەر سودا بارمىكەن.»

**پىلسىراتتىن ئۆتمەك**

مەنىسى: مۇشكۇلاتقا دۇچ كەلمەك؛ قىيىن ھەم خەتەرلىك ئۆتكەلدىن ئۆتمەك؛ ناھايىتى ئېغىر ھالغا قالماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «خويمۇ كاتتا ئىش بوپتۇغۇ، ئەمدى بۇ تېجىمەللەرنىڭ پىلسىرات كۆۋرۈكىدىن قانداق ئۆتىدىغانلىقىنى كۆرىمىز، ئۆزلەرنىڭ نېسۋىلىرىنى ئۇنتۇپ قالامدىغان».

**پىيزى گىچ - گىچ** 狐裘羔袖 hú qiú gāo xiù

مەنىسى: ئاساسلىرى خام ئىش؛ شەرت - شارائىتلار تازا پىشىپ يېتىلمىگەن، ئازراق خام جايلىرى بار ياكى دەماللىققا قولغا چىقمايدۇ، دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ.

مەسلەن: «مەن قارىسام ئۇلارنىڭ سودىسىنىڭ پىيزى گىچ - گىچ، مەنمۇ شۇنىڭغا بىرەر نەرسە دېيەلمىدىم».



# ت

**تاپ باسماق** 随踵而至 suí zhǒng ér zhì

مەنىسى: ئىزمۇ ئىز ئەگىشىپ كەلمەك؛ بىرەر ئىشنى ئېنىقلاشتا مەلۇم يىپ - يۇنىلىشنى بويلاپ، ئىزچىل رەۋىشتە، خۇددى ئاچچىق ئۇچەينى سىيرىغاندەك قىستاپ كەلمەكنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «باشقا ئىشلار ھازىرچە تۇرۇپ تۇرسۇن، خوتۇن، تاپ باستۇرۇپ قىش كېلىۋاتىدۇ، باللارنىڭ ئەڭلى بولسا مۇشۇ تۇرقى، ئوزۇقلۇقمۇ سەل - پەل كەملەيدىغاندەك، ئاۋۋال مۇشۇ ئىشلارنى بىر ئىدىتلىۋالايلۇق».

**تاپان تىرىمەك** 顶天立地 dǐng tiān lì dì

مەنىسى: بوي بەرمەي، مۇستەھكەم تۇرماق؛ ھەرخىل سوققا - زەربىلەرگە تاقابىل تۇرماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «قەيسەر قايىرخان بىلەن تۇغۇلغان يېرىگە يىلتىز تارتىپ، تاپان تىرىيەلىگەن، ئوترارنىڭ دەرۋازىسىنى چىڭگىزخان لەشكەرلىرىگە ئېچىپ بەرگەن ساتقىنىنىڭ تىراگېدىيەسى ماڭا ساۋاق بولدى».

**تاپتىن چىقماق** 大逆不道 dà nì bù dào

مەنىسى: بىرەر قوۋم، تەبىقە ياكى ئەل - يۇرت ئۈچۈن ئورتاق نىزام ۋە تۇرمۇش يوسۇنى بولۇۋاتقان ئادەت، قائىدىلەرگە خىلاپلىق قىلىپ يولدىن چىقماق؛ بىراۋلار بەلگىلەپ بەرگەن ھەرىكەت سىزىقىدىن چىقىپ كەتمەكنى بىلدۈرىدۇ.

مەسلەن: «ئۇزۇن يىل يېتىملارنى بېقىپ، يوقسۇزلۇقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقان تۇل خوتۇننىڭ يېشى چوڭايغاندا مۇھەب-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بەت تورىغا ئىلىنىپ قېلىشى، تاپتىن چىقىپ كەتكەنلىك ئەمەستەك قىلاتتى».

**تاپقا چۈشمەك** 衔尾相随 xián wěi xiāng suí

مەنىسى: ئىش ـ ھەرىكەت، خىزمەت ياكى كىشىلەرنىڭ خۇي ـ قىلىقلىرى نورمال، ساغلام ھالغا كەلمەك ھەمدە قائىدە ـ مىزانلارغا چۈشمەكنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: «ئاۋۋال قانداق تەلەپ ـ ئارزۇ، پىكىرىڭلار بولسا سۆزلەپ بېقىڭلار، شۇنداق قىلىپ، سۆھبىتىمىزمۇ ئاستا ـ ئاستا بىر تاپقا چۈشۈپ كېتىدۇ».

**تاخ دېسە تاختىبېشىغا، چىقىۋالىدىغان**

مەنىسى: توختالغۇسى يوق، شاتىراق، بىرەر گەپنى قىلغۇسىز ھالدىكى يەڭگىلتەك؛ چاپقىنكەش، چېپىلغاق، دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: «ۋاي بىز بارغۇ سەندەك تاخ دېسە تاختىبېشىغا چىقىۋالىدىغان، پەش دېسە مورا بېشىدا يۈرۈيدىغان چاپقىنكەش قانجۇقلىنى تولا كۆرگەن جۇمۇ».

**تاختا قوياي، سۈپرا قوياي دېمەك**
蜗行牛步 wō xíng niú bù

مەنىسى: ئۇ ياكى بۇ ئىشلارنىڭ باھانە، سەۋەبكارلىقى بىلەن زۆرۈر ئىشلارنى كېچىكتۈرۈپ، پۇرسەتلەرنى قولدىن بېرىپ قويماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «شۇنچە يىل تۇل ئولتۇرۇپ ئاخىر مەي جۇرىنىنىڭ نەزىرى چۈشۈپتۇ ئەمەسمۇ ئۆزلىرىگە! تاختا قوياي، سۈپرا قوياي دەپ، ئارقىغا تارتىپ پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈۋەتمەي، نانىنى تونۇرنىڭ قىزىقىدا ياقسىلا».

**تاختىبېشىغا ئېلىپ قويماق I** 存而不论 cún ér bù lùn

مەنىسى: مەلۇم شەيئى ياكى ھادىسىنى ئەسلا قولغا ئالمايدىغان رەۋىشتە بىر چەتكە تاشلاپ قويماق؛ مۇھىم بىر ئىشنى پەرۋايىغا



ئالماي يۈرمەكنى كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن: «شۇڭا، بۇ مەسىلە بىر تۈرۈپ رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ مۇھىم بولۇپ قالاتتى، يەنە بىر تۈرۈپ تاختىبېشىغا ئېلىپ قويۇلاتتى».

**تاختىبېشىغا ئېلىپ قويماق II** 束之高阁 shù zhī gāoge

مەنىسى: كۆرۈشكە تېگىشلىك، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى ئەسلا كۆرمەي، قىلماي بىر چەتكە تاشلاپ قويۇپ، ئانچە زۆرۈر بولمىغان ئىشلارغا يېپىشىپ قېلىشنى كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن: «ئارىمىزدا شۇنداقمۇ يولداشلار باركى، ئۆزلىرىنىڭ كەمچىلىك، يېتەرسىزلىكلىرىنى تاختىبېشىغا ئېلىپ قويۇپ، باشقىلارنىڭ خاتالىقلىرىنى تېپىشقا، تەنقىدلەشكە بەكمۇ ماھىر».

**تارازىسى چېكىتسىز** 变化莫测 biàn huà mò cè

مەنىسى: ھەق ـ ناھەق، ياخشى بىلەن يامان ۋە توغرا ـ خاتالارنى ئايرىش، پەرقلەندۈرۈش ئۆلچەملىرى تايىنسىز ياكى ئۆلچىمى يوق، دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: «يامۇللارنىڭ تارازىسى چېكىتسىز بولار، دەردمەن نامرات كىرسە ئەگەر، يېڭى ـ يېڭى دەردلەرگە تولار».

**تارتقان ئۇينى ئۇرماق** 能者多劳 néng zhě duō láo

مەنىسى: ئىش قىلماسلار بىلەن كارى بولماي، ئاڭلىق ياكى پىداكارلىق بىلەن ياخشى ئىشلەۋاتقانلارنى ئەدەپلەپ، داۋاملىق ياخشى ئىشلەشكە دەۋەت قىلماق؛ گەپ ئاڭلايدىغان، ئىنتىزامچان كىشىلەرنى بىكاردىن تەنقىدلەپ، دەككە بېرىپ تۇرماق، ئەمما بولۇمسىز، ئاڭسىزلار بىلەن ئانچە كارى بولماسلىقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن:

«ئاتماس تاڭدا ئاچ ـ زېرىن،
كوممۇناغا ئىشلىدۇق.

تارتقان ئۆينى ئۆراركەن،
لېۋىمىزنى چىشلىدۇق».

**تارىنى چىڭتىماق**

مەنىسى: بىرەر ئىشنى بېجىرىشتە، ئورۇنداشتا ئەمەلىي ئەھۋالنىڭ كۆتۈرۈش دەرىجىسىدىن ئاشۇرۇۋېتىپ، ئىشنى بىراقلا بۇزۇپ قويماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «بۇنداق كايىغىلى تۇرسىڭىز كىچىك بالا كۆتۈرەلەمدۇ؟ تارىنى چىڭتىۋېرىپ ئۈزۈۋەتمەڭ يەنە!».

不胜其烦 bù shèng qí fán **تاسقاچىلىق سالماق**

مەنىسى: دەرد ـ ئەلەم، جەبىر ـ جاپالارنى سالماق؛ قىيىن ئەھۋالدا قالدۇرماق؛ يامان كۆنەلەرگە مۇپتىلا قىلماقنى كۆرسىتىدۇ.

مەسلەن: «زەينەپنى باجگىر بېگىمگە توغرىلىمىساق بولامدۇ؟ ئەگەر ئۇنداق قىلمايدىغان بولساق، بېگىمنىڭ ئاچچىقى كېلىپ يۇرتقا تاسقاچىلىق سالسا قانداق قىلىمىز؟».

反面无情 fǎn miàn wú qíng **تاش چىشلەپ تۇرماق**

مەنىسى: كىشىلەرنىڭ ئىلتىجاسىغا، يالۋۇرۇشىغا ۋە نالىلىرىگە قەتئىي پىسەنت قىلماي، تاش يۈرەكلىك قىلىپ ئۆز مەيدانىدا چىڭ تۇرۇۋالماقنى كۆرسىتىدۇ.

مەسلەن: «خام سۈت ئەمگەن ئىنسان ئەمەسمۇ ... ئەگەر مۇتىسكىلىت سوقۇۋەتكەن بالىغا قىلغاندەك تاش چىشلەپ تۇرۇۋالسا ھېچ ئامالىڭ يوقتە!»

牵强附会 qiān qiǎng fù huì **تاشنى تاياققا تاڭماق**

مەنىسى: ئۆز ئارا مۇناسىپ ئەمەسلىكى، نامۇناسىپ (كاشاڭپاي) بولىدىغانلىقى كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ، مەلۇم بىر مەنپەئەتنىڭ دەيدەيدىچىلىكىدە نامۇناسىپلارنى زورلۇق بىلەن ئۆز ئارا باغلاشقا ئۇرۇنماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «قىز ئۇنىمىسا تاشنى تاياققا تاڭغىلى بولمايدۇ،



باشقىچە ئويلىنىش كېرەك».

**تاللىق باغقا كىرىپ قالماق**

这山望着那山高 zhè shān wàng zhe nà shān gāo

مەنىسى: بىراۋلارنىڭ ئىمزدىگەن، ھاجەت بولغان نەرسىسى بەكمۇ مول بولغان ۋەزىيەتكە يولۇقۇشى بىلەن، نازۇك تاللاش زۆرۈرىيىتىگە دۇچ كېلىپ، قايسىبىرىنى تاللاشنى بىلەلمەي چۆرگىلەپ قالماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «ئۇ ئىلگىرى تاللىق باغقا كىرگەن بولسا، ئەمدى تويلۇقنى چىنىدىن چىققۇدەك بېرىدىغان بىر كىشى بوسۇغىغا كەلسىلا خېرىنگۈلنى ئىككى قوللاپ تۇتۇپ بېرىشكە، تويدىن كېيىن قانچە پۇل كېتىشتىن قەتئىينەزەر ھەززىخانىنىڭ ئاستىغا سۇ قۇيۇشقا بەل باغلىدى».

博而不精 bó ér bù jīng **تاھارىتى بوش كەلمەك**

مەنىسى: مەلۇم ئىش ـ ھەرىكەت ياكى ئىلىم ـ ھېكمەت ئۇچۇن ئالدىن قىلىنىدىغان تەييارلىق ۋە ئەمەلىي بىلىم زاپىسى ياكى ئىقتىدار تۈزۈلمىسى بەۋا كېلەلمەي، چامىسىزلىقتا تۇرۇپ قېلىشنى بىلدۈرىدۇ.

مەسلەن: «ئەرەب ئىسلام پەلسەپىسى ئۈستىدە مۇتائىلىلەرنىڭ بولغىنى بەك ياخشى ئەھۋال، بىراق پەلسەپەدىكى ئەڭ نېگىزلىك مەزمۇنلارنى ئىگىلىمەي تۇرۇپلا، ئۇنىڭغا ئېسىلىۋالساق ھازىرقى بۇ تاھارەتلىرىمىز ئۇنداق زور ئىشلارغا بوش كېلىدۇ، ئەلۋەتتە».

大逆不道 dà nì bù dào **تاھارىتى بۇزۇلماق**

مەنىسى: نىيەت، مەقسەتلەر ئۆزگەرمەك؛ ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە كېلىشىملەر ئۆزگىرىپ، ۋەدىلەر بۇزۇلۇپ كەتمەكنى كۆرسىتىدۇ.

مەسلەن: «بىراق، پەيتى كەلمەي تۇرۇپلا تاھارەت بۇزۇلدى، شەكسىزكى، ھېلىقى جۇرىن ئۇنىڭدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن قوتان يېنىدىكى ئۆينى ئۇلارغا بەرگەن».

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

**تاۋۇزى قولتۇقىدىن چۈشمەك** 万念俱灰 wàn niàn jù huī

**مەنىسى:** تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن بىرەر ئىش ـ ھەرىكەتكە تۇتۇنۇپ، ئويلىمىغان يەردىن قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ، روھى چۈشۈپ ئۈمىد ۋە پىلانلىرىدىن بىراقلا ئايرىلىپ قېلىشنى كۆرسىتىدۇ.

**مەسلەن:** «ئەمدىغۇ تاۋۇزۇڭ قولتۇقۇڭدىن چۈشكەندۇ، بەختى قارا شۇم پېشانە، تۇزۇكرەك ئەر بولسا بۇچاققا ئىككى تال نەرسىنىڭ كۆزىگە قاراپ ئولتۇرماي يۆتكەپ كەتمەمتى سېنى؟».

**تەپمە ھالال قىلماق** 蒙混过关 méng hùn guò guān

**مەنىسى:** لاياقەتلىك بولۇش بىلەن لاياقەتسىزلىكنىڭ ئارىلىقىدىراق، بەلكى لاياقەتسىزگە ئېغىپ قالغانراق بىر ئىش ياكى «ھىيلە بىلەن لاياقەتلىك بولغان»، يەنى سۇبىيېكتىپ ھالدا «ئۆتكەلدىن ئۆتتى» بولغان ھالەتلەرنى سۈرەتلەيدۇ.

**مەسلەن:** «ئۇلار شۇ كۈنى ئىدارىدە قىلىدىغان ئىش بولسا گاچ ـ گۇچلا تەپمە ھالال قىلىپ قول بوشىتاتتى ـ دە، قۇرۇق پاراڭغا ياكى باشقا شەخسىي ئىشلارغا كىرىشىپ كېتەتتى».

«ئىمتىھانلاردىن بولسا كۆچۈرۈش، يول مېڭىشلار خاسىيىتىدە تەپمە ھالال ئۆتۈپ تۇردۇق».

**تەخىيى تۆت چىشلىق بولماق** 洪福齐天 hóng fú qí tiān

**مەنىسى:** تاسادىپىي ھالدا سوقۇر ئامەتلەر ئۇچراپ، ئىشلىرى يۈرۈشۈپ كەتمەك؛ ئامەتنىڭ كاتتىلىقىدىن ھەممە ئىشى ئوڭغا تارتماقنى كۆرسىتىدۇ.

**مەسلەن:** «ئون نەچچە تونا قۇرۇق ئۈزۈمنى ناھايىتى ئوڭۇشلۇق قولغا چۈشۈرۈپ، گۇاڭجۇغا ئاپىرىۋالغان قويمىچىلارنىڭ تەخىيى تۆت چىشلىق بولۇپ يۈرگىنىدە رازۋېدكا خادىملىرىمۇ يېتىپ كېلىشكەندى».

**تەلپىكى سۇغا چىلاشماق** 败军之将 bài jūn zhī jiāng

**مەنىسى:** ئوڭۇشسىزلىققا، ئاپەتكە ئۇچراپ ئىش ـ ئوقىتى



ئاقماي قالماقنى كۆرسىتىدۇ.

**مەسلەن:** «ئەگەر ئۆستەڭگە سۇ چىقىرىش كەينىگە تارتىلىۋەرسە، يەنە يەتتە ـ سەككىز مىڭ مو يەردىكى كۈزگى بۇغداينى تېرىپ بولدۇق، تەلپىكىڭ سۇغا چىلاشتى دېگەن گەپ ئەمەسمۇ!».

**تەلپىكنى قىرلىماق** 志得意满 zhì dé yì mǎn

**مەنىسى:** ئىشلىرى ئوڭدىن كېلىپ، ئىنتىلگەنلىرىگە يېتىنىپ خۇشاللىقتا چۆممەكنى سۈرەتلەيدۇ.

**مەسلەن:** «ھازىرقى باشلىقلار ئىشى سەل ئوڭغا تارتىپ قالسىلا، تەلپىكنى قىرلاپ، قىز ـ جۇۋانلارغا يۈگۈرەيدىغان بولدىغۇ».

**تەيپۇنەمنىڭ ۋاقتىدا** 隔年黄历 gé nián huáng lì

**مەنىسى:** ئۇزاق ئۆتمۈشكە مۇناسىپ ئوي ـ پىكىر؛ دەۋردىن خېلى بەكلا كېيىن قالغان، ئىستېمال قىممىتى ئاللىقاچان يوقالغان بۇيۇم دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ.

**مەسلەن:** «ئەمدى قورال ئامبىرىدا پەقەت تەيپۇنەم زامانىسىدىن قالغان قىلىچ، نەيزە، ئايپالتا، ئوقيا، ئۇمۇت قاتارلىق ئىپتىدائىي قوراللارلا قالغانىدى».

**توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلىماق** 趁火打劫 chèn huǒ dǎ jié

**مەنىسى:** قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ نەپ ئالماقنى كۆرسىتىدۇ.

**مەسلەن:** «ھېلىمۇ بەگ ـ غوجاملاردا ئىشەنچ يوق، بەشىر دېگەن ھاراقكەشنىڭ مەيلىچە بولسا توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلاپ، ۋاڭ بولۇۋالغۇسى بار، لېكىن ھاجىم ئېيتقاندەك، بىز بۇنىڭغا ھەرگىز يول قويمايمىز».

**توخۇ ئۇچتى، تۇخۇم سۇندى** 鸡飞蛋打 jī fēi dàn dǎ

**مەنىسى:** ئالدىراقسانلىق، يەڭگىلتەكلىك بىلەن ئىشقا كىرىشىپ، ئىش ـ ئوقەتلەرنى ئارا يولدا بۇزۇپ قويۇشنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «گەپنى ئاڭلا، ۋېلەم، شاتراقلىقىڭنى قويمىساڭ بۇ قېتىم يەنە توخۇ ئۇچتى، تۇخۇم سۇندى بولۇپ ھەممىدىن قۇرۇق قالىمىز، جۇمۇ».

**توخۇنى « تاخ »، مۇشۇكنى « پەش » دېمەسلىك**

مەنىسى: ئەسلا چېقىلمىغان، يەكلەش پوزىتسىيەسىدە بولمىغان، دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

مەسلەن: «گۇلەمخان سىلىنىڭ ئەمەس، مىركەرىمنىڭ دۈشمىنى، ئۇ سىلى بىلەن نېمە تالاشقاندى، توخۇلىرىنى تاخ، مۇشۇكلىرىنى پەش دەپ باقمىغان تۇرسا».

**توخۇنى بوغۇزلاپ مايمۇننى قورقۇتماق**

杀鸡吓猴 shā jī xià hóu

مەنىسى: بىرەر كىشى ياكى بىر توپ ئادەمنى جازالاپ، بۇيانقى ئەل ـ جامائەتنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇپ قويماق، ئىبرەت قىلماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «بىزگە ئوخشاش ئېغىر كېسىمدىكىلەر ناھايىتى جىم ئىدۇق، ئۇلار ئۇچۇن توخۇنى ئۆلتۈرۈپ مايمۇننى قورقۇتۇشقا، بىرنى جازالاپ، مىڭغا ئىبرەت قىلىشقا دەسمايە چىقاتتى».

**توخۇنى ئۆلتۈرۈپ، تۇخۇمنى ئالماق**

杀鸡取卵 shā jī qǔ luǎn

مەنىسى: كۆز ئالدىكى كىچىككىنە مەنپەئەتنى كۆزلەپ، زور ئىسراپچىلىق قىلماق؛ ئىگىلىك، ئىشلەپچىقىرىش ياكى قۇرۇلۇشنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان ئىشلارنى قىلماقنى كۆرسىتىدۇ.

مەسلەن: «تېچۇدىن جۇپلەپ ئېلىپ قۇشخانا باشلىقىنىڭ ئۆيىگە باردىم، ئۇمۇ گېلىنى دېسە توخۇنى ئۆلتۈرۈپ، تۇخۇمنى ئېلىپ يەيدىغىنىدىن دېگىنە، ئۇنىڭ گېلىنى مايلىۋەتكەندىن كېيىن، ئالدىنئالا جايلاپ قويغان بىر ئىسپىراپكىنى ئالدىغا قويدۇم».



**توردىن چۇشۇپ قالماق** 漏网之鱼 lòu wǎng zhī yú

مەنىسى: سىياسىي ھەرىكەت ـ پائالىيەتتە زەربە بېرىش ئوبېيكتى قىلىنغان كىشىلەرنىڭ قولغا چۈشمەي ئامان قالماق؛ ساقچىلارنىڭ تۇتۇش دائىرىسىدىن قېچىپ كەتمەك، دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ.

مەسلەن: «مەھەللىمىزدە كېيىن يەنە بىرنەچچە ياخشى ئادەمنى ‹تۆتتە ئېنىقسىز› دەپ ئىشتىن توختىتىپ مەسىلە تاپشۇرۇشقا قويدى، خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەر مەھەللىمىزدە توردىن چۇشۇپ قالغان ئۇنسۇرلاردىن كۆندە بىرنى تاپاتتى».

**توققۇز قىزنىڭ تولغىقى تەڭ تۇتماق**

左支右绌 zuǒ zhī yòu chù

مەنىسى: بىرنەچچە تەرەپنىڭ ئېھتىياجى بىرلا ۋاقىتتا كەپلىشىپ قالماق؛ بىرنەچچە جىددىيچىلىك بىرلا ۋاقىتتا قىستاپ كەلمەك؛ ھەممە تەرەپنىڭ مۇشكۇلاتى، ئېغىرچىلىقى بىرلا ۋاقىتتا دوقال كېلىپ قالماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «يائاللا توققۇز قىزنىڭ تولغىقى تەڭ تۇتتىغۇ ئەمدى، ئۇنى قىلسام بۇ قالىدۇ، بۇنى قىلسام ئۇ، — دېدى ئايىمخان».

**توققۇزى تەل بولماق** 一应俱全 yī yīng jù quán

مەنىسى: ھېچنەرسىدىن غېمى يوق بولماق؛ مال ـ دۇنيا، ساغلاملىق قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىگە يېتىنگەنلىكنى كۆرسىتىدۇ.

مەسلەن: «ۋاي قىزىم، — دېدى موماي، — ئادەم دېگەن توققۇزى تەل، دۆلەتمەن بولسىلا بەختلىك بولىۋەرمەيدۇ. گاداي بولسىمۇ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىغا يەتكەن كىشىنى بەختلىك دېسە بولىدۇ».

**توقمىقى كىچىك كەلمەك** 举鼎绝膑 jǔ dǐng jué bìn

مەنىسى: ۋەزىيەت ياكى ئەھۋاللارغا نىسبەتەن تەييارلىق، قولىدىكى ئىمكانىيەت، شەرت ـ شارائىتلىرى بەۋا كېلەلمەي، ئا-

مالسىز قالماقنى كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن: «سىزنى مەسئۇللۇققا بېكىتىش ئۈچۈن خېلىلا كۆچگەن بولساممۇ توقمىقىم كىچىك كېلىپ قالدى، ھازىرچە ئىشلىگەچ تۇرۇڭ، سىزگە كېيىنچە چوقۇم لايىقىدا بىر ئىش قىلىپ بېرىمەن».

说黄道黑 shuō huáng dào hē **توقۇم تىكمەك**

مەنىسى: بىراۋلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىش، قارا باستۇرۇش ئۈچۈن، گۇناھى كەبىرلىرىنى تىزىشتۇرۇپ، كۆپتۈرۈپ ئەدەپلەش ئۈچۈن تەييارلاشنى كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن: «ئۆزىنى «ئاپئاق» دەيدۇ بەزىلەر، داغلار تۇرسىمۇ گەرچە يۈزىدە. باشقىلارغا تىكىدۇ توقۇم، بولسىمۇ نۇرغۇن ئىللەت ئۆزىدە».

气势汹汹 qì shì xiōng xiōng **توقۇمنى قارنىغا ئالماق**

مەنىسى: بىراۋلارنىڭ خۇيى تۇتۇپ، ئەسكىلىك قىلماق؛ تەتۈرلۈك قىلىپ تۇرۇۋالماقنى كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن: «مۇنداق بولىدىغان بولسا، بۇ خېنىم ئۆزلىرىنىڭ قوللىرىغا قول، پۇتلىرىغا پۇت بولغۇدەك، خۇدايىم مەقسەتلىرىگە يەتكۈزگەي، ئەممازە قەمەرخان ئايلا ئاپام توقۇمنى قارنىغا ئېلىپ قوپۇرمىكىن».

一错再错 yī cuò zài cuò **توقۇمى ئېغىرلاشماق**

مەنىسى: ئاتالمىش جىنايەت، گۇناھلىرى ئېغىرلاشماق، گۇناھ ئۈستىگە گۇناھلار قوشۇلماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «دولقۇن دۇساقنىڭ پاش بولغان ‹ئېغىر گەپ - سۆزلىرى› بارىدى، ‹قاراڭغۇ بازارچىلىقى› بىلەن قوشۇلۇپ توقۇمى يەنىمۇ ئېغىرلاشتى».

**تومۇرىنى تۇتقۇزۇپ قويماق**

مەنىسى: گۇمپا - كارامەتلىرىنى سەزدۇرۇپ، قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۇرۇپ قويماق؛ ئاجىزلىقلىرىنى بىلدۇرۇپ



قويۇپ، باشقىلار ئالدىدا پاسسىپ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «خوپ بولدى، ئۆزۈڭلار تەنتەكلىك قىلىپ تومۇرۇڭلارنى تۇتقۇزۇپ قويدۇڭلار، ئەمدى قالغىنىنى ئۆزۈڭلاردىن كۆرۈڭلار».

见貌辨色 jiàn mào biàn sè **تومۇرىنى تۇتماق**

مەنىسى: بىركىمنىڭ بىرەر ئىش - ھەرىكەت، مەسىلە ياكى كىشىلەرگە بولغان پوزىتسىيەسىنى بىلىپ باقماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «سەيپۇڭ توختى بۇنى غەنىيمەت پۇرسەت دەپ ئويلاپ، ئېلى پالگاننىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ باقماقچى بولدى».

马牛襟裾 mǎ niú jīn jū **تونىغا ئورانماق**

مەنىسى: ئەسلىي ماھىيەت، مۇددىئالىرىنى مەلۇم كەسىپ ياكى ھادىسىلەرنىڭ سايىسىگە يوشۇرماق؛ باشقىچە قىياپەتلەر بىلەن كۆز بوياپ يۈرمەكنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «تاقىر باش، چېقىر كۆز، ئوتتۇرا ياشقا كەلگەن بۇ باخشى دادىسىنىڭ ئالاھىدە ئىمتىيازىغا ۋە باخشىلارنى باشقۇرىدىغان ‹مەڭگۈلۈك ئەلچى› دېگەن چېقىلغىلى بولمايدىغان تونىغا ئورىنىۋېلىپ، باشقىلارنى كۆزگە ئىلماي، خىيالىغا كەلگەننى قىلىپ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى مۇھىم ئەمەللەرگە قويۇشقا باشلىدى».

说黑道白 shuō hēi dào bái **تونى پىچىلماق**

مەنىسى: بىراۋلارنىڭ تەقدىرى بەلگىلەنمەك؛ ھايات مۇساپىسىدىكى ھەل قىلغۇچ ئىشلار بىر تەرەپ بولۇپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى قىسمەت پېشانىسىگە پۈتۈلمەكنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «شۇ كۈنى خۇپتەندىن كېيىن مەھەللىنىڭ جامائىتى كىرىپ، ئىمامنىڭ ئوقۇغان نىكاھىغا شاھىتلىق قىلىشتى، شۇنداق قىلىپ مېنىڭ ئۆمۈرلۈك ھايات سودامنىڭ تونى پىچىلدى».

**تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرمەك**

无中生有 wú zhōng shēng yǒu

مەنىسى: قەستەنگە ئېۋەن تاپماق، تۆھمەت چاپلىماق، كاشىلا تاپماقنى بىلدۈرىدۇ.

以卵击石 yǐ luǎn jī shí **تۇخۇمنى تاشقا ئۇرماق**

مەنىسى: ئاجىزلارنىڭ قۇدرەتلىكلەرگە چېقىلىشىنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «تووۋا دەيمەن، ھېلىقى سادام ھۇسەيىن دېگەن قىپقىزىللا سارائ بىرنېمە ئىكەنغۇ، تەلۋىلىك قىلىپ تۇخۇمنى تاشقا ئۇرۇۋىدى، ئاخىرىدا بېرىپ ئۆزى مەغلۇپ بولدى».

**تۇخۇمنىڭ ئىچىدە چۇكۇلداپ يۈرمەك**

处堂燕雀 chǔ táng yàn què

مەنىسى: ھېچقانداق بىر ئىش كۆرمىگەن؛ ناھايىتى تار دائىرىدىكى بىكىنمىچىلىكتە تايىنسىز ھادىسىلەرنى «جاھان مۇشۇ»دەپ يۈرمەكنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: «تېخى سىز تۇخۇمنىڭ ئىچىدە چۇكۇلداۋېتىپسىز، ئىككى دۇكاننىڭ كىرىم - چىقىم ھېساباتى يوشۇرۇلۇپ، باج ئوغرىلىغانلىقى ئۈچۈن بانكىدىكى پۇلنىڭ توڭلىتىۋېلىنگەنلىكىنى تېخى ئۇقمامسىز، دىرېكتور قىزچاق !»

赶尽杀绝 gǎn jìn shā jué **تۇخۇمنى قۇرۇتماق**

مەنىسى: ئۇرۇغ - ئەۋلادىنى قۇرۇتماق؛ مەۋجۇتلۇقىنى تۈپ - يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاشنى كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن: «ئاندىن تۆمۈرنىڭ تۇخۇمىنى قۇرۇتىۋېتىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئەركەك ئەۋلادىدىن ھېچكىمنى تىرىك قالدۇرماڭلار، خوتۇن - قىزلىرىنى دەرھال شەھەرگە ئەۋەتىپ بېرىڭلار! بۇ ياڭ جاڭجۈن جانابلىرىنىڭ بۇيرۇقى».

沆瀣一气 hàng xiè yī qi **تۇمشۇق يالاشماق**

مەنىسى: بىركىملەرنىڭ ئورتاق مەنپەئەتلەر تەقەززاسىدىن دوستلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.



**تۇمشۇقلۇقتا چوقۇتماي، قاناتلىقتا قاققۇزماي**

مەنىسى: ھىمايىسىدىكىلەرنى ئەستايىدىل مۇھاپىزەت قىلماق؛ ئۇنى ھەرقانداق زىيان - زەخمەت يەتكۈزگۈچىلەردىن ئامان ساقلىماقلارنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: «تۇنجى قېتىم يۈمشاق چاينالغان ناننى ئۇنىڭ ئويماقتەك ئاغزىغا سالغىنىدا ئايىقىزغا غايىبانە قەسەم بەرگەن، مەن قىزىڭنى تۇمشۇقلۇقتا چوقۇتماي، قاناتلىقتا قاققۇزماي ياخشى تەربىيەلەپ چىقىمەن».

手足胼胝 shǒu zú pián zhī **تۇمشۇقىدا يەر تىرىمەك**

مەنىسى: بىركىملەرنىڭ بىرەر ئىشنى بىر باشقا ئاچىقىشتا نەقەدەر رىيازەت چېكىپ، ئېغىر دىشۋارچىلىق تارتقانلىقىنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «شۇنچە يىل تۇمشۇقىدا يەر تىرەپ ئىشلەپ، يىل ئون ئىككى ئايدا بىر كۈن دەم ئالمىغان ماكار تاغامنىڭ كۆرگەن كۈنى موشۇ بولغاندا، بىز ئىشلەپ نېمە تاپاتتۇق».

闭关却扫 bì guān què sǎo **تۇۋاقنى ياپما**

مەنىسى: مەسىلە ياكى ھادىسىلەرنىڭ ئەھۋالىنى يوشۇرۇپ قالماق؛ مۇناسىۋەتلەرنى ئۈزۈپ بېكىنمىچىلىككە ئۆتمەكنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: «بىركىم قىز سوراپ دەرۋازا قاقمايدىكەن، قاققانلىرىمۇ ئۇنىڭ - بۇنىڭ كوت - كوتىنى ئاڭلاپلا تۇۋاقنى يېپىۋالىدىكەن، كۆزۈمنىڭ ئوچۇقىدا ئۇنىڭ توينى كۆرەلمەسمەنمىكىن دەپ يۈرىكىم سۇ».

望而生畏 wàng ér shēng wèi **تۇيىقى سىرقىرىماق**

مەنىسى: قورقۇنچ، ئەندىشىلەردىن تىترەپ تۇرماق؛ مەلۇم ھادىسىلەرنىڭ تەسىرىدىن ۋايىم يەپلا تۇرماقنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: «تولا ئاغزىمنى غىرىچلىما ! — خوجىۋىلىبەردى ئۇنىڭ بىلەن ئېيتىشىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ تۇيىقى سىرقىراپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تۇرسىمۇ شۇنچە نۇرغۇن كىشىنىڭ ئالدىدا پېتىدىن چۈشكۈسى كەلمەي گۈركىرىدى».

**تۆت پۇتلۇق بولماق**

مەنىسى: بىرسىگە يېقىش، كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن، پۈتكۈل تىرىشچانلىقى بىلەن مۇلازىمەتتە بولماق؛ كۆڭۈل تارتقان سورۇن، ئورۇنلارغا، كەلمەككە مەجبۇر بولغان يەرگە ئۆزىنى ئېتىپ تۇرماقلارنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: «مانا، مەن، مەن دېمىدىممۇ؟ ھېلىقى تۈكى چۈشمىگەن سويما بولغان بولسا، بۇنداق يەرگە تۆت پۇتلۇق بولۇپ كېلەر ئىدى».

四脚朝天 sì jiǎo cháo tiān **تۆت پۇتى ئۆرە قالماق**

مەنىسى: بىراۋلارنىڭ بىرەر ئىشقا ياكى كۆز قاراش، ئىدىيەگە جان ـ جەھلىدىن قارشى ئىكەنلىكى، پەقەت خالىمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: «ئۇ ئۇردا ئىچىدە يۇقىرى مەرتىۋىلىك تۆرىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئېسىلزادىلەرنىڭ غۇرۇرىغا تېگىدىغان گەپ ـ سۆزلەرنى ئاڭلىسا تۆت پۇتى ئۆرە قالاتتى».

八方呼应 bā fāng hū yìn **تۆت تەرىپى قىبلە**

مەنىسى: بىرسىنىڭ ئىش ـ ھەرىكەت قىلىش ئىمكانىيىتى ناھايىتى كەڭرى بولماق؛ رايى تارتقاننى قىلىش، قول سوزغاننى ئېلىشتا ئىمكانىيەت بار بولماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «ۋاي، ئۇ خېنىم مېنىڭ بالامغا تەگمەيمەن دېگۈدەكمۇ؟ تۆت تەرىپىم قىبلە مېنىڭ، مەن بالامغا خالىغان يەردىن تىرناقتا توختىغۇدەك قىز ئېلىپ بېرىمەن، — دېدى سەلىمىخان قاشلىرىنى ئوينىتىپ».

拭目以待 shìmùyǐdài **تۆت كۆز بىلەن كۈتمەك**

مەنىسى: بىرەر ئىش ياكى يىغىلىقنىڭ چىقىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتمەك؛ ئارمان قىلغان نەرسىگە ئىنتىزار بولماق.



مەسىلەن: «ئەتە مەن بۇ شەھەردە يوق، ماشىنا مېنى يىراق جەنۇبقا ـ قۇملار ئىچىدىكى ئىككىنچى يۇرتۇمغا ئەپكېتىدۇ، ئۇ يەردە مەكتىپىم، ئايالىم، بالىلىرىم مېنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ».

**تۆتىنىڭ ئالدى، تۆتىنىڭ كەينى**

名列前茅 míng liè qián máo

مەنىسى: مەلۇم دائىرىدىكى ساناقلىقلا كاتتىلار قاتارىدا بار بولماق؛ ئادەتتىكىچە ئەمەس، دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: «لېكىن سەن بۇ ئىشتا مېنىڭ ئاغزىمغا قارا، جان بېقىش ئاسان ئىش ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۆتىنىڭ ئالدى، تۆتىنىڭ كەينى بولۇپ جان بېقىش تېخىمۇ تەس، سەن تېخى كىچىك».

数一数二 shǔ yī shǔ èr **تۆتىنىڭ بىرى**

مەنىسى: سەردارلار قاتارىدا بار بولماق؛ ئەڭ ئۈزۈپ چىققانلارنىڭ بىرسى بولماقلارنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: «مەنمىچۇ، ماختانسام ماختانغۇچىلىكىم بار ئادەممەن، زامانىسىدا مەنمۇ ‹ئۇ قات›تىكى چاغدا ئالمائاتىدىكى ‹سوپى زارۋات مەكتىپى›دە تۆتىنىڭ بىرى بولۇپ ئوقۇغانمەن».

鸠形鹄面 jiū xíng hú miàn **تۆشى ئۈچۈق قالماق**

مەنىسى: تۇرمۇشتا ئۆزۈكچىلىكتە قالماق؛ رودۇلىشىپ كەتمەكنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «مەن قارا سايدىكى قويچىلارنىڭ يېنىغا گۆلە ـ قاق ئاپىرىپ سېتىپ ئاز ـ تولا ئوقەت قىلاي، دېھقانچىلىققا قاراپ تۇرساق تۆشىمىز ئۈچۈق قالغۇدەك».

顺水推舟 shùnshuǐtuīzhōu **تۈكنى يېتىشىغا سىلىماق**

مەنىسى: كىشىلەرنىڭ رايىچە بولماق؛ مەلۇم ۋەزىيەتنىڭ يار بېرەر شارائىت ۋە ئىمكانىيەتلىرىچە ئىش تۇتماقنى كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن: «قاۋاقخانا ئىگىسى ئۈنچىقمىدى، ئۇ بۇنداق ھۆررەكلەرنىڭ تۈكىنى يېتىشىغا سىلىمىسا، بۇ يەردىكى ھەممە نەر-

سىنى ئەرەختەن ـ پەرەختەن قىلمىۋېتىدىغانلىقىنى ئوبدان چۈ-
شىنەتتى».

**تۈكۈرۈكىنى چاچراتماق** 愤愤不平 fèn fèn bù píng

**مەنىسى:** چالۋاقىماق؛ نارازىلىقتىن قايناپ كەتمەكنى سۈرەتلەيدۇ.

**مەسىلەن:** «ئېينى ۋاقىتتا ئۈنچىقمايسىز، ئەمدى بولغاندا تۈكۈرۈكىڭىزنى چاچراتقىنىڭىزنىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟».

**تۈگمىنى چېكىلمەك** 狼吞虎咽 láng tūn hǔ yàn

**مەنىسى:** ئىش ـ ھەرىكەتكە ئاتلىنىشقا تەقمۇتەق بولۇپ تۇرماق؛ بىرەر نەپكە ئىشتىھا ساقلاپ، چىش بىلەپ تۇرماق؛ ئىشتىھاسى بەكمۇ سازلىشىپ كەتمەكنى كۆرسىتىدۇ.

**مەسىلەن:** «تاماقنى بۆرىدەك بىردەمدىلا يەپ بوپسىز ـ دە، تۈگمەن تازا چېكىلگەن ئوخشىمامدۇ؟».

**تۈگمەنگە سۇ قويماق** 为虎添翼 wèi hǔ tiān yì

**مەنىسى:** بىراۋلارنىڭ ياخشى ـ يامان ئىشلىرىنىڭ، ھەرىكەت ـ پائالىيەتلىرىنىڭ يەنىمۇ روناق تېپىشى، يۈكسىلىش قەدەملىرىنىڭ يەنىمۇ جانلىنىشى ئۈچۈن ئۈستىلەپ كۈچ قوشماق؛ بىركىملەرنىڭ ياخشى ياكى يامان ئىشلىرىنىڭ روناق تېپىشىغا تۈرتكە بولماقنى سۈرەتلەيدۇ.

**مەسىلەن:** «بۇ خەۋەر ياقۇپبەگنىڭ كېيىنكى قەدەملىرىگە كۆز سېلىپ يۈرگەن نىياز ھېكىمبەگنىڭ مۇلاھىزە تۈگمىنىگە سۇ قويدى».

**تۈگمىنى دەپ، تۈگمىدىن قۇرۇق قالماق**
争猫丢牛 zhēng māo diu niú

**مەنىسى:** ئەرزىمەس پايدا، نەپلەرگە مەھلىيا بولۇپ قېلىپ، چوڭ مەنپەئەتلەردىن قۇرۇق قالماق؛ كۆز ئالدىدىكى تايىنسىز ئىشلار ئۈچۈن، مۇقەررەرلىكتىكى زور نەتىجىلەرنى يوق قىلماقنى سۈرەتلەيدۇ.

**مەسىلەن:** «تۇرمۇشتا پىشقان، ھاياتنىڭ ماھىيىتىنى تونۇپ



يەتكەن، ئۇمىدۋار ئادەملەر تۈگمىنى دەپ، تۈگمىدىن قۇرۇق قالمايدۇ».

**تۈۋگە توپا يۆلمەك** 春风风人 chūn fēng fēng rén

**مەنىسى:** بىراۋلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن پەرۋىشچى بولماق؛ ئۇتۇق ـ نەتىجىلەرگە ئېرىشىشى ئۈچۈن ھەمدەم بولماقنى سۈرەتلەيدۇ.

**مەسىلەن:** «ئۇنىڭ بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدە بوي بەرمەي باش كۆتۈرگەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت مايسىلىرىنىڭ تۈۋگە توپا يۆلەشى، يازغۇچى، شائىر، سەنئەتكارلارغا ئىلھام بېرىپ قوللىشى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەنئەنىسىنى ئۈزۈپ قويماسلىق، داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىدى».

**تېرە تاراقلاتماق** 虚张声势 xū zhāng shēng shì

**مەنىسى:** ھەيۋە، پوپوزا قىلىپ كىشىلەرنى قورقۇتماق؛ ئۆزىنىڭ ئاجىز، تايانچسىز ئىكەنلىكىنى قۇرۇق ھەيۋىلەردە يېپىشقا ئۇرۇنماق.

**مەسىلەن:** «ئايزىمخان بەزى تونۇش ـ بىلىشلەرنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئەشۇ شوينا بەل پاقپاقنىڭ ئائىلىسىگە ‹ئەلچى› ئەۋەتىشكە مەجبۇر بولدى، دەسلەپتە ئۇ نېمىلەر ‹تونۇمايمىز› دەپ، ھەتتا ‹بالىمىزنى بۇزغان› دەپ تېرە تاراقلىتىپمۇ باقتى».

**تېرە ئۈستىدە پۇل قىلماق** 急于求成 jí yú qiú chéng

**مەنىسى:** ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ نەتىجىسىگە پات ئارىدا ئېرىشىشكە ئىنتىزار بولماق؛ قولمۇ قول ھاسىلاتقا يېتىنىشكە ئۇرۇنماق؛ بىرەر مەسىلە ياكى ماددىي، مەنىۋى ھېساباتلارنى ھەرگىزمۇ كەينىگە قالدۇرماستىن، قولمۇقول، نەقتىنى نەق بىر ياقلىق قىلماقنى سۈرەتلەيدۇ.

**مەسىلەن:** «رەھمەت، ئەمما لېكىننزە، بىر مەسلىھەتىم ‹ئاچچىق ئەقىلنى كېسەر› دەپتىكەن، ھازىرلا تېرە ئۈستىدە پۇل قىلماي، ئاستا ـ ئاستا تۈيدۈرماي ئىچىگە ئۆرسىلا ياخشى بولارمىكىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

دەيمەن، ئۆزى».

扬扬得意 yáng yáng dé yì **تېرىسىگە پاتماي قالماق**

مەنىسى: مەغرۇرلۇق ياكى شادلىق ۋەسۋەسىسىدە ئۆزىنى بى-
لەلمەي قالماق؛ خۇدىنى بىلەلمەي قالماقنى كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن: «مەۋلانوف تېرىسىگە سىغماي ھۆركىرەپ يۈرگەن
زامانلىرىدا ئىنتايىن قەبىھ ئىشلارنى قىلغانىكەن».

**تېرىنى بىكارلىماق**

مەنىسى: ئۆلمەك؛ ئۆلۈش بىلەن توسالغۇ، پۈتلىكاشاڭلار يوق
بولماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «كۆزدىكى ھالىمنى كۆرسەڭلار ‹ئاتىمىز پات پۈر-
سەتتە تېرىنى بىكارلىغۇدەك› دەپ قالاتتىڭلار، ھازىر ئىنشائاللا،
ئوبدانلا ئادەم سىياقىغا كىرىپ قالدىم».

钻天打洞 zuàn tiān dǎ dòng **تېرىقىقا ئۆشكە قويماق**

مەنىسى: چەكتىن ئاشقان ئەستايىدىللىق قىلماق؛ تولىمۇ
بېخىل بولۇپ كەتمەك؛ ھەرقانداق شارائىتتا يولۇققان
ئوبيېكتتىن نەپ - مەنپەئەت ئۈندۈرۈۋېلىشقا ئۇرۇنۇپ
يۈرمەكلەرنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «كىم چىدايدۇ مۇشۇنداق كەلسە - كەلمەس سېلىق-
قا، پۇل ئالدىدا بولغىنىپ، ئۆشكە قويسا تېرىقىقا؟»

软硬不吃 ruǎn yìng bù chī **تېزىكى قاتماق**

مەنىسى: غەزىپى تۇتماق؛ ھەملە قىلغانچە تېخىمۇ غادىيىۋال-
ماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «نەدىكىنى، — دېدى ئامبال، — تاغدىكى ئوغرىلار
كۆچەيگەنسىرى ئۇ تېزىكىنى تېخىمۇ قاتۇرۇۋالدى».

粉饰太平 fěn shì tài píng **تېشى ھېيت، ئىچى روزا**

مەنىسى: ئېغىر بۇرۇقتۇرمىلىق، ئەنسىزلىك ياكى دىل غەش-
لىككە قالغان بولسىمۇ، ياسالما خۇشخۇي، ئەمىن قىياپەتكە
كىرىۋېلىپ كۈن ئۆتكۈزۈۋاتقان كىشىنىڭ سۈرىتى.



مەسىلەن: «ئۇ خوجىزادىلەر ئاغىچىلىرىغىمۇ يېتىشىپ تۇرغىنى
يوق، ئۇلارنىڭ تېشى ھېيت بولغىنى بىلەن، ئىچى روزا، ھەممى-
سىنىڭ ئىككى - ئۈچتىن كۈنداشلىرى بار».

暴跳如雷 bào tiào rú léi **تىتاڭ تومۇرىغا تەگمەك**

مەنىسى: نازۇك تەرەپلىرىگە بېرىپ تاقىلىپ سەكرىتىۋەتمەك؛
يارىسىغا تېگىپ چىچاڭشىتىۋەتمەكنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «تاجىخاننىڭ شادلىق قىيامى قايناۋاتقان قازىنىغا
بىر چاڭگال توپا چۈشتى. ئامراق جىيەنىنىڭ ئاغرىق كۆزىنى ئې-
رىنىڭ چىشلەپ تارتىپ ھاقارەت قىلىشلىرى ئۇنىڭ تىتاڭ تومۇ-
رىغا تەگكەنىدى».

洗垢求瘢 xǐ gòu qiú bān **تىرناق ئاستىدىن كىر ئىزدىمەك**

مەنىسى: نورمال ئىش، نورمال ئادەملەر ئۈستىدىنمۇ ئېۋەن
تېپىپ ناچارغا چىقىرىشقا ئۇرۇنماق؛ ياخشى ئىش ۋە نەتىجىلەرنى
ئىنكار قىلىشقا تىرىشىپ، قەستەنگە ئۇ يەر - بۇ يېرىدىن نۇقسان
چىقارماقلارنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «مەن دراما ئارتىسلىرىنىمۇ سۈرەتكە تارتىمەن،
ئۇلار سىزدەك تىرناق ئاستىدىن كىر ئىزدەپ تۇرۇۋالمايدۇ، —
دېدى سۈرەتچى، — قانداق قىلىپ سىزدەك خېرىدارغا يولۇقۇپ
قالغاندىمەن».

完美无疵 wán měi wú cī **تىرناقتا توختايدىغان**

مەنىسى: تازا ۋايىغا يەتكەن، ھەر جەھەتتىن لاياقەتلىك بول-
غان، دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: «ۋاي، ئۇ خېنىم مېنىڭ بالامغا تەگمەيمەن دېگۈدەك-
مۇ؟ تۆت تەرىپىم قىبلە مېنىڭ، مەن بالامغا خالىغان يەردىن تىر-
ناقتا توختىغۇدەك قىز ئېلىپ بېرىمەن، — دېدى سەلىمىخان
قاشلىرىنى ئويىنىتىپ».

碍口识羞 ài kǒu shí xiū **تىرنىقنى تاتىلىماق**

مەنىسى: بىرسىنىڭ گۇناھ - ئەيىبلىرىنى بوينىغا ئېلىپ،

كىشىلەر ئالدىدا ئوڭايسىزلىق، خىجالەتلىك ۋە پۇشايمانلىق ھالدا تۇرۇشنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «يۇسۇپ تەيجى ئەتىسى ئوردا بەگلىرىنى يىغىپ كېڭەش ئۆتكۈزدى، بەگلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تىرنىقىنى تاتىلاپ تۇرۇشتى».

**تىزگىننى تارتماق** 发蒙振聩 fā mēng zhèn kuì

مەنىسى: يەڭگىلتەكلىك، ئالدىراڭغۇلۇقتىن چەكلىمەك؛ ئاگاھ بولۇش سىگنالى بەرمەكنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «شۇنداق، بالامغا پات-پات تەربىيە بېرىپ، تىزگىنىنى تارتىپ تۇرمىسام، ئاسانلا قىڭغىر يولغا كىرىپ كېتىدۇ».

**تىزگىننى باشقىلارغا تارتقۇزۇپ قويماق**

仰人鼻息 yǎng rén bí xi

مەنىسى: مەلۇم نەرسە ياكى ئىش-ئوقەتلەرگە ئىگىدارلىق قىلىش، خوجايىن بولۇش ياكى باشقۇرۇش ھوقۇق ۋە ئىمتىيازىنى باشقىلارغا تارتقۇزۇپ قويۇشنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «رەھبەرلىك ئورۇنلىرىنىڭ ياشلاشتۇرۇلۇشى ھەرگىزمۇ پېشقەدەملەرنىڭ تىزگىننى ياشلارغا تارتقۇزۇپ قويغانلىقى ئەمەس، بەلكى ھەرقايسى ئورگانلىرىمىز خىزمەتلىرى ئېغىر يۈكىنىڭ ياشلار زىممىسىگە يۈكلىنىشى ئۈچۈندۇر».

**تىزگىننى تارتماق** 回头是岸 huí tóu shì àn

مەنىسى: بىرسىنى چەكلەش، ئەدەپلەش ياكى ئاگاھلاندۇرۇش ئارقىلىق، مېڭىۋاتقان يولى، قىلىۋاتقان ئىشلىرىدىن توسۇپ قويماقنى بىلدۈرىدۇ.

مەسلەن: «بۇنداق بولىۋەرسە ھاكىمنىڭ يولىيورۇقىنىڭ ئىجرا قىلىنىشى بۇياقتا تۇرسۇن، ئۇنىڭ ئامما ئارىسىدىكى ئابرۇيىغىمۇ نۇقسان يېتىشى تۇرغان گەپ ئىدى. شۇڭا داۋراڭ سېلىۋاتقانلارنىڭ تىزگىننى تارتىپ قويۇش نىيىتىگە كەلدىم».

**تىزگىننى قويۇۋەتمەك** 信马由缰 xìn mǎ yóu jiāng



مەنىسى: مەيلىگە قويۇۋەتمەك؛ بولۇشىغا قويۇپ بەرمەكلەرنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «ھازىر تىزگىننى قويۇۋەتكەندەك قىلغان بىلەن، يولى كەلگەندە يامان ئىشنىڭ ھامان سورىقى بولىدۇ».

**تىغ ئۇچىنى قاراتماق** 锋芒所向 fēng máng suǒ xiàng

مەنىسى: بىركىملەرنى يوقىتىش ياكى يېڭىش ئۈچۈن ئەجەللىك ۋاستە ياكى كوزۇرلارنى ئىشقا سالماق؛ رەقىبىنىڭ بېشىدا دىۋەيلەپ تۇرماقنى سۈرەتلەيدۇ.

**تىكىچى توختىماسلىق** 反复无常 fǎn fù wú cháng

مەنىسى: مەۋقە، قارارى بىر يەردە توختىماس، توختاۋسىز ئۆزگىرىدىغان مىجەزلىكنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «ماڭغىنا نېرى، راستىنلا تىكىچىڭ توختىمايدىكەن، لېۋىركا، باياتىن سېنى چاقچاق قىلىۋاتىدۇ دەپتىمەن، سېنىڭ بىلەن ئېلىم-بېرىم قىلىشىمىز شۇ يەرگىچە ئوخشايدۇ ئەمدى».

**تىلىنى چاينىماق** 吞吞吐吐 tūn tūn tǔ tǔ

مەنىسى: ھەق ئالدىدا تۇتۇلۇپ قېلىپ، دۇدۇقلانماق؛ يا ساختا مەيداندا ئىزچىل تۇرالماي، يا ئەسلىي ھالىنى ئېيتالماي، پەلەپەتىش سۆزلىمەكنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «ئىمام بۇنىڭ ھېچقايسىسىغا ئېنىق جاۋاب بېرەلمەي ‹ھېلىقى كۈنى مەسچىتتە مەن قۇمۇللۇق، كەسپىم ياغاچچى› دېگەندى، دەپ تىلىنى چاينىدى».

**تىنىقى بىر** 气味相投 qì wèi xiāng tóu

مەنىسى: مۇددىئا، مەقسەتلىرى بىردەك بولماق؛ كۆڭۈل-رايلىرى، ئارزۇ-ئارمانلىرى بىر يەردىن چىقىدىغان بولۇپ قالماقنى كۆرسىتىدۇ.

مەسلەن: «توغرا دېدىلە، خېلىدىن بېرى ئۇ ئىككىسىنىڭ تى-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

نىقى بىر، كامىل بولغان ئىشنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا دەپ بولغان گەپ».

## ج

**جاراھەتنى تاتىلماق** 挖苦 wā kǔ

**مەنىسى:** دىلخەستىلىكلەرنى كوچىلىماق؛ ئىلگىرى ئۆتكەن ـ پۈتكەن ئازابلارنى قايتا قوزغىماقنى بىلدۈرىدۇ.

**مەسلەن:** «تۇردى ھەسەن ئاشۇ كۆڭۈلسىز ھەم ۋەھىمىگە تولغان ئىشلارنى ئويلىماي دەيتتى، بىراق بۇ قېتىم خوتۇنى خالىئاي ئاشۇ كۆڭۈلسىز جاراھەتنى تاتىلاپ قانىتىپ قويدى».

**جاراھەتكە تۇز قۇيماق** 冷锅里爆豆 lěng guō lǐ bào dòu

**مەنىسى:** دەرد ئۈستىگە دەردلەر قوشماق؛ ئاچچىق ۋە ئازابلارنى يەنىمۇ كۈچەيتمەكنى سۈرەتلەيدۇ.

**مەسلەن:** «بۇ دىلى زەھەر، پەس، مۇناپىق قېرى بەختسىز قىزنى كۆرەلمەيتتى، ئۇنىڭغا نەشتىرىنى سانجىپ تۇراتتى، ئۇدۇل كەلگەنلا يەردە ئۇنىڭ جاراھىتىگە تۇز قۇياتتى».

**جان چىققاندا ياسىن ئوقۇماق** 临渴掘井 lín kě jué jǐng

**مەنىسى:** بولار ئىش بولۇپ بولغان، قۇتقۇزۇش، ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش مۇمكىن بولماس ھالەتتە قالماقنى سۈرەتلەيدۇ.

**مەسلەن:** «جان چىققاندا ياسىن ئوقۇشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ بالىنى كىچىكىدىن ياخشى تەربىيەلەش كېرەك ئىدى، ئەمدى بولسا قاماققا ئېلىنىدى».

**جاننى ئوغرىغا بەرمەي يۈرمەك** 苟且偷安 gǒu qiě tōu ān

**مەنىسى:** ئەڭ تۆۋەن چەكتە جان ساقلاپ تۇرۇشنى، جاندىن باشقا ئوغرى ئالارلىق ھېچ نەرسىسى يوق، جاننى بولسا ئوغرى



ئالمايدۇ دېگەندەك، ئەڭ ناچار ئەھۋالدا كۈن ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقنى كۆرسىتىدۇ.

**مەسلەن:** «بىر نەچچە يىل مابەينىدە، ئىشقىلىپ مۇشۇ ئوتتۇرىدا جاننى ئوغرىغا بەرمەي كېلىۋاتىمەن، — دېدى موللا زەيدىن جاۋابەن».

**جاھاننىڭ رەپتارىغا باقماق** 偷合苟容 tōu hé gǒu róng

**مەنىسى:** ۋەزىيەتكە ماسلىشىپلا ياشاپ، نەپ ـ مەنپەئەت ئېلىشنى بىلىۋالماق؛ ئۆزىنىڭ مۇستەقىل مەيدانى ياكى غۇرۇرى يوق بولۇۋالماق، دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ.

**مەسلەن:** «شۇ چاغقىچە كەلمىگەن بولسا ئەمدى كەلسۇن، جاھاننىڭ رەپتارىغا بېقىپ ئىش قىلمىساق بولماس، تەكشۈرۈشتىن ياخشى ئۆتسەك بىزگىمۇ، سىلىگىمۇ بولىدۇ».

**جۇدۇنى ئۆرلىمەك** 肝胆欲碎 gān dǎn yù suì

**مەنىسى:** خۇيى تۇتۇپ، جىلىخور بولۇپ قالماق؛ مىجەزىگە نامۇناسىپ مەلۇم شەيئى، ھادىسىلەرنى ئۇچرىتىش بىلەنلا خۇيى تۇتىدىغان ئەھۋاللارنى كۆرسىتىدۇ.

**مەسلەن:** «پۈجۈك خېنىمنىڭ بۇ يېقىندىن مىجەزى ئۆزگىرىپ كۈرۈك توخۇدەك قىيىقلاپ قالدى، ياش دېدەكلەرنى، چۆرە قىزلارنى كۆرسىلا جۇدۇنى ئۆرلەپ، خۇيى تۇتاتتى ـ دە، تىللاپ ماكچايتىۋېتەتتى».

**جۇۋا تاراقلاتماق** 装腔作势 zhuāng qiāng zuò shì

**مەنىسى:** پوپوزا قىلىش، قورقاق سېلىشلار بىلەن بىركىملەرنى ئۈركۈتۈپ قويماق؛ كېيىنگە كىرگۈزۈش ئۈچۈن يامان ھادىسە ياكى مەزمۇنلارنى پەش قىلىپ، قورقاق سالماقنى سۈرەتلەيدۇ.

**مەسلەن:** «ئۇلارنىڭ دېھقانلارغا پوپوزا قىلىپ، جۇۋا تاراقلىتىپ، ئۇلارنى يۈگۈرتۈپ يۈرۈپ ئىشقا سالىدىغان ئاچچىقىمۇ بۈگۈن كەلكۈندەك دەۋرەپ تۇرغان بۇ كىشىلەرنىڭ ئالدىدا تاماكىسى بىلەن قوشۇلۇپ، نەلەرگىدۇر غايىب بولغانىدى».

**جىنى ھەلقۇمىغا كەلمەك** 气息奄奄 qì xī yǎn yǎn

**مەنىسى:** يوق بولۇشقا تايىن بولماق؛ ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ قالماقنى كۆرسىتىدۇ.

**مەسلەن:** «گومىنداڭ ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلىرى ئۆزلىرىنىڭ ھەلقۇمىغا كېلىپ قالغان جېنىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، ئەسكەرلىرىنى مۇداپىئەدە قالدۇرۇپ، مۇھاپىزەتچىلىرى بىلەن شەرققە قاراپ قېچىپ كەتكەچكە، ئەسكەرلەر پۈتى كۆيگەن توخۇدەك بولۇپ قالغاندى».

**جىگدە پۇراپ قالماق** 情窦初开 qíng dòu chū kāi

**مەنىسى:** ئوغۇل - قىزلارنىڭ بويىغا يېتىپ قالغانلىقىنىڭ ياكى ئەر - ئاياللارنىڭ مۇھەببەت سەۋداسىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنىڭ سىپايىلەشتۈرۈپ ئېيتىلىشى.

**مەسلەن:** «ئالما چېچىكى باغدا، يۇلغۇن چېچىكى سايدا. قىز قاچار، يىگىت قوغلار، جىگدە پۇرىغان چاغدا».

**جىڭدا ئولتۇرماق** 举足轻重 jǔ zú qīng zhòng

**مەنىسى:** ۋەزنى ئېغىر، لاياقەتلىك، بېجىرىم، دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ.

**مەسلەن:** «ھە قېنى، مەيدىلىرىدە ئۆچكە چۈپۈرى بولغان ئەركەك تۈكلىرى بولغاندىكىن، جىڭغا ئولتۇرىدىغان بىر ئېغىز راست گەپ قىلىسىلا، بىر تەخەينى ئىككى مىڭغا دېگەن مۇتەخەسسىسنىڭ كىملىكىنى بىلگىلى بولامدۇ؟».

**جىن چاپلاشقان** 心心念念 xīn xīn niàn niàn

**مەنىسى:** بىراۋلارنى مەلۇم نەرسىگە مۇناسىۋەتلىك ئىستەك، ئارمان ۋە ئىشتىياقلار باغلىۋالغان، شۇنداق ئىستەكتىن يانالماس بولۇپ كەتكەن، دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ.

**مەسلەن:** «ماڭا ئاشۇ يەر يېغىنىڭ جىنى چاپلاشقان، بۇنىڭدىن ئون نەچچە يىل ئىلگىرىلا چاپلاشقان، ئادەم پېشانىسىگە نېمە يېزىلسا شۇنى كۆرىدۇ».



**جىننى ئۇسسۇلغا سالىدىغان**

**مەنىسى:** ئىنتايىن ھىيلىگەر، تەدبىرلىك، ھەرقانداق كىشىنى ئۆز سەنىمىگە دەسسىتەلەيدۇ، دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ.

**مەسلەن:** «مېنى بەكمۇ ئەخمەق قىلىۋەتتىڭىز جۇمۇڭ، ئاكا، ئەمما قۇۋ ئىكەنسىز، جىننىمۇ ئۇسسۇلغا سالىدىكەنسىز، سىز بىلەن ئاسانلىقچە بىر سودىنىمۇ قىلغىلى بولمىغۇدەك».

## چ

**چاپان چۆرۈمەك** 能近取譬 néng jìn qǔ pì

**مەنىسى:** بىرسى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا سەكرەپ چۈشمەك؛ يەكدىللىك بىلەن ياقا يىرتماقنى كۆرسىتىدۇ.

**مەسلەن:** «بۇ قېتىم ئابدۇۋاققاس يارىدى جۇمۇ، ئۆي تەقسىماتىدا مەن ئۈچۈن چاپان چۆرۈپ، ئەل - ئاغىنىدارچىلىقنى يەتكۈزدى».

**چاپان سالماق** 赤膊上阵 chì bó shàng zhèn

**مەنىسى:** ئۇرۇش - جېدەلگە يەڭ تۈرمەك؛ بىراۋلارنىڭ چىدىماسلىق قىلىپ چاقچاقنى، ئوينىشىشنى دۈشمەنلىشىشكە ئۆزگەرتمەكنى سۈرەتلەيدۇ.

**مەسلەن:** «چاقچاقتا، چاپان سالماق يوق». (ماقال)

**چاپان كۆتۈرمەك** 拍马屁 pāi mǎ pì

**مەنىسى:** غالچىلىق قىلماق؛ ئۆز قەدرىنى يوقىتىپ خۇشامەت قىلماقنى كۆرسىتىدۇ.

**مەسلەن:** «گەپنىڭ راستىنى ئېيتقاندىمۇ ئابدۇرازاق ياقۇپ نازىرنىڭلا چاپىنىنى كۆتۈرۈپ، مۇئاۋىن نازىر ئايۇپ ئاكىنى كۆزگە ئىلمايتتى».

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

**چاپان ياپماق** 济弱扶倾 jì ruò fú qīng

**مەنىسى:** ھىمايىسىگە ئېلىپ مۇھاپىزەت قىلماق؛ بولۇشۇپ بەرمەك؛ سەۋەنلىك، خاتالىقلىرىنى يوشۇرۇپ بەرمەكنى سۈرەتلەيدۇ.

**مەسىلەن:** «خالمان پانساد بىلەن موللاجى تۇراپىنىڭ يۈزسىزلىقىدىن نارازى بولۇپ يۈرگەن تۆمۈر خەزىنىچىبەگ بۇ ئىككىسىنى ئەتىۋارلاپ يۈرگەن نىياز ھېكىم بەگكە چاپان يېپىپمۇ كەتمىدى».

**چاپاننى تەتۈر كىيمەك** 面目全非 miàn mù quán fēi

**مەنىسى:** بىردىنلا ئەپت - بەشىرىسىنى بۇزۇپ قويماق؛ ئەسكىلىك قىلىشقا يەڭ تۈرمەكنى كۆرسىتىدۇ.

**مەسلەن:** «لېكىن بەزىلەر قادىر يورغىغا سادىق بولغان بولسىمۇ، نېمىشقىدۇر بىردىنلا ‹مۇدىرلىقنى قىلمايمەن› دەپ چاپانلىرىنى تەتۈر كىيىشتى».

**چاپىقىنى ئالمەن دەپ قارىغۇ قىلماق**

过犹不及 guò yóu bù jí

**مەنىسى:** ئادەتتىكى، ئانچىكى بىر ئېيۋەنلەرنى ئوڭشايمەن دەپ پۈتۈنلەي نابۇت قىلىشنى سۈرەتلەيدۇ. قورساقتا گۇمپىسىنىڭ تايىنى يوق، ئاتىكاچىلىق بىلەن ئىش بۇزۇشنى سۆكۈشتىمۇ قوللىنىلىدۇ.

**مەسلەن:** «بۇنداق قىلىش تەشكىلىي رەسمىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەي، باشقا بىر چۈشەنمەسلىك پەيدا قىلىپ قويسا، چاپىقىنى ئالمەن دەپ قارىغۇ قىلىپ قويىدىغان ئىش يۈز بەرسە، قانداق بولىدۇ؟».

**چاپىنى تىزىدىن ئاشماسلىق** 短褐不完 duǎn hè bù wán

**مەنىسى:** ئىلگىرى كەلمەس، ئىش - ئوقەت بابىدا زور تىرىشچانلىق كۆرسەتسىمۇ قوۋۇرغىسىغا ماي قونمايۋاتقانلىقىنى سۈرەتلەيدۇ.

**مەسلەن:** «ئاقمۇللا قاپاقلىرىنى ئۇچۇرۇپ: ناخشا - ساز دېگەن



شەيتاننىڭ پىرىسى، ناخشا - ساز بىلەن ھەپىلەشكەن ئادەمنىڭ چاپىنى تىزىدىن ئاشمايدۇ، دەپ غۇدۇڭشۇشقا باشلىدى».

**چاشقان تۆشۈكى ساراي بولماق**

望门投止 wàng mén tóu zhǐ

**مەنىسى:** قاتتىق ئىزا - ئاھانەتكە قىلىپ قىيىن ھالغا چۈشۈپ قالماق؛ ئىزا - ئاھانەت ياكى قورقۇپ كېتىشتىن ئۆزىنى قويارغا، چەتكە ئالارغا يەر تاپالماي قالماقنى سۈرەتلەيدۇ.

**مەسلەن:** «ئادەملەر شۇنداق ئوخشايدۇ، بەزىدە شىردەك ھۆركىرەپ جاھانغا پاتماي قالسىمۇ، ئەمما توسۇق چۈشكەندە چاشقان تۆشۈكى ساراي بولۇپ كۆرۈنىدىكەن».

**چاشقانغا كېپەك ئالدۇرمايدىغان** 一毛不拔 yī máo bù bá

**مەنىسى:** ئىختىسادىي مەسىلىدە ناھايىتى چىڭ، پۇل مۇئامىلىدە پىخسىق، دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ.

**مەسىلەن:** «مەخدۇمزادە قەسىرىنىڭ باش خوجىدارلىقىنى ئۈستىگە ئالغان رەجەپ دەرۋىش ئىشاندىنمۇ ئۆتەر پىخسىق، چاشقانغىمۇ كېپەك ئالدۇرمايدىغان خەسىس ئادەم ئىدى».

**چاقنى يۆلىمەك** 一臂之力 yī bì zhī lì

**مەنىسى:** ياردەم قىلىپ قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتكۈزۈپ قويماق؛ بىراۋلارنىڭ ئوڭۇشسىزلىقلاردىن ئۆتۈۋېلىشىغا ھەمدەملىك كۆرسەتمەك.

**مەسلەن:** «بولىدۇ، مەن پەقەت مۇشۇ بىر قېتىملا چاقىڭلارنى يۆلەپ قويالايمەن، — دېدى ئۇ ئىنىسىگە قاراپ».

**چاك باسماق** 动静有常 dòng jìng yǒu cháng

**مەنىسى:** بىر ئىش بىلەن يەنە بىر ئىش، بىر گەپ بىلەن يەنە بىر گەپ تازا ھىملىنىشىپ، سىزىقىقا - سىزىق جىپسا كېلىپ كەتمەكنىڭ سۈرىتى.

**مەسلەن:** «مەن ئېيتاي، — دېدى كېرەم پەيتىنى قولدىن بەرمەي، — ئۆزلىرىنى ئازادە، مېنى بەگزادە كۆرگەن يەردە مېيىمە-

خاننى شاھزادە كۆردۈم دېسىلە، گەپلىرى راسا چاك باسىدۇ».

«ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئابدۇراخمان ئاكا ماڭا كوچىدا يولۇقۇپ قالدى، ئۇ مەندىن ئۆزىنى قاچۇرغاندەك قىلاتتى، نېمىشقا ئۇنداق قىلىدىكىن ياكى ھېلىقى گەپ چاك باسماي قالغانمىكىن؟».

**چاك بېسىپ قالماق** 门可罗雀 mén kě luó què

مەنىسى: ئىلگىرى باسماي بىر ئىزدا توختاپ قالماق، تۆھپە، نەتىجىلىرى كونىراپ ۋەزىيەتتىن قالماقنى كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن: «نەنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىسەنۇي، بېشىر! ئۇ قائىدىلىرىڭنى ئاللىقاچان چاك بېسىپ قالمىدىمۇ؟».

**چاك چىقارماق** 出神入化 chū shén rù huà

مەنىسى: ناھايىتى زور داغدۇغا بىلەن ئىش تەۋرەتمەك؛ ئىش - ئوقەتنى ھەقدادىغا يەتكۈزۈۋەتمەكنى كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن: «قىز يەنە ئاچچىق ۋە كىنايە بىلەن، — بىلىۋاتىمەن، ھېلىمۇ بۇ يەردە چاك چىقىرىپ كېتىۋاتىسىز، تىل تېگىپ كەتمىسۇن يەنە، — دېدى».

**چالما تېرىپ قالماق I** 为人作嫁 wèi rén zuò jià

مەنىسى: تەجرىبىسىزلىك، ئالدىراڭغۇلۇق بىلەن ئىش كۆرۈپ، كەمتۈك، ناچار نەرسىلەرگە ئۇچراپ قالماق؛ قىلغان ئەجىر - مېھنەتلىرى يوققا چىقماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «بىرى چالما دەپ تاشلىغاننى، بىرى ئالما دەپ ئالىدۇ، دەيدىغان گەپ بار، يەنە شۇنىڭدەك ئالما دەپ ئالغىنىڭ چالما چىقىپ قالىدىغان ئىشمۇ ھەم بار، ھەرھالدا يەڭگىللىك بىلەن چالما تېرىپ قالمىساقلا بولاتتىغۇ!».

**چالما تېرىپ قالماق II** 全功尽弃 quán gōng jìn qì

مەنىسى: بىراۋلار ئۇچۇن ئەجىر - ئەمگەكلەر قىلىپ ئىلتىپاتسىز قالماق؛ بىكارغا ئىشلىمەك؛ ئورۇنۇشلىرى بىكارغا كەتمەكنى سۈرەتلەيدۇ.



مەسىلەن: «ئۇلارنىڭ كەينىگە كىرمە، كىرسەڭمۇ بەربىر چالما تېرىپ قالىسەن، ئۇلار ساڭا نان يېگۈزۈپ قويمايدۇ، قانداق ئېيتقىنىم كەلدىمۇ ئەمدى؟»

**چالمىسى سۇغا چىلاشماق** 泥牛入海 ní niú rù hǎi

مەنىسى: بىراۋلارنىڭ سىرى پاش بولۇپ، غەرىزى يوققا چىقىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ناھايىتى بىئەپ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن: «ئەمما ئۇ يەنە نۇر ئېلىدىن پەشۋا يەپ ئىچىگە بىر مۇنچە قورقۇنچ سېلىپ، تاۋۇزى قولتۇقىدىن چۈشۈپ، چالمىسى سۇغا چىلاشتى».

**چاۋىسىنى چىتقا يايماق** 丑态百出 chǒu tài bǎi chū

مەنىسى: بىراۋلارنىڭ خۇپىيانە رەزىللىكلىرىنى ياكى نىيەتلىرىنى ئەل - يۇرتقا يېيىۋەتمەك؛ ئۇزۇل - كېسىل پاش قىلىپ، رەسۋاسىنى چىقارماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «تازىمۇ قىزىقكەنلا، ئۇكام، ئايزىمخان سىلىنى ياخشى كۆرگەن بولسا قانچىلىك قىلاتتىلىكىن، ئۇ خوتۇننىڭ ھەدىگەندە سىلىنى ئوغلۇمغا قىز چۈشمىگەن دەپ يامان ئېلىپ، چاۋىلىرىنى چىتقا يايغانلىقىنى ئۇنتۇپ قاللىمۇ؟».

**چەتكە چىقماق** 拒之门外 jù zhī mén wài

مەنىسى: قاتناشماس، ئارىلاشماس، بىپەرۋا بولۇۋالماقنى كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن: «ئەمدى ئۇ مەسۇمنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشماس بولۇپ، چەتكە چىقتى، ئۇنىڭ بۇ پوزىتسىيەسى مەسۇم بىلەن تۇتىمگۈلنىڭ ‹تاڭ ئاتار› ئۆيىنىغا تازا يول ئېچىپ بەردى».

**چەتكە قاقماق** 排斥异己 pái chì yì jǐ

مەنىسى: ئارىغا ئالماي قويماق؛ يات كۆرۈپ خورلىماقنى كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن: «نەۋائى ئۇلۇغ شائىر، خاندانلىقنىڭ ئەك سەممىي

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئەمىرى بولسىمۇ، خان ھەم قارانىيەت ۋەزىر ـ ۋۇزرالار تەرىپىدىن چەتكە قېقىلغان».

**چەللىدە ئات چاپماق** 跳梁小丑 tiào liáng xiǎo chǒu

**مەنىسى:** ھەددىدىن ئېشىپ، قىنىغا پاتماي، ئېتىقسىزلىقلارنى، خىيالىدىن كەچكەننى قىلماقنى سۈرەتلەيدۇ.

**مەسىلەن:** «شېرىپ شەيتان چەللىدە ئات چاپىدىغان ھېلىقى قولاقكەستىلەر بىلەن بىرلەشكەن سائەتتىن باشلاپ، ئىلياس مىرزا ئۆي ئىچىدىمۇ تىنچ ياتالمايدىغان بولدى».

**چوت سوقماق** 如意算盘 rú yì suàn pán

**مەنىسى:** ئۆزىچە كۆڭلىگە سان پۈكمەك؛ قىياسەن بوداقلارنى بودىماق؛ شىرىن ئوي ـ تەسەۋۋۇرغا بىر نەرسىلەرنى قىلماقنى سۈرەتلەيدۇ.

**مەسىلەن:** «بوغماق چوكان ئايازنى يىغلاپ يالۋۇرىدۇ، تىزلىرىمنى قۇچاقلاپ كۈچۈكلىنىدۇ، دەپ چوت سوقQانىدى، ئەمما ھېچ ئويلىمىغان يەردىن بېرىلگەن جاۋاب خۇددى تاش ـ توقماقتەك كاللىسىغا تەگدى».

**چورۇق بىلەن خامپىغا سەكرىمەك**

目不见睫 mù bù jiàn jié

**مەنىسى:** ھېچ نەرسىنى ئىلغا قىلمايلا، بىرەر شەپە ـ سادانى سەزمەيلا يەڭ شىمايلاپ مەيدانغا چۈشمەك؛ ئاق ـ قارىنى سۈرۈشتۈرمەيلا، تەييارلىقسىز ھالدا ئىشقا ئاتلانماق؛ يەڭگىلتەكلىك بىلەن بىر ئىشقا يەڭ تۈرۈپ يامان ئاقىۋەتكە قالماقنى سۈرەتلەيدۇ.

**مەسىلەن:** «يىگىتلەر، ئالدىرىماڭلار، چورۇق بىلەنلا خامپىغا سەكرىگەننىڭ پايدىسى يوق، دېدىمغۇ، بۇ تېخى بىر گۇمان، گۇمانىنى ئىسپاتلىماي تۇرۇپ يەنە بىر ئىشقا بەل باغلىغىلى بولمايدۇ! ـــ دېدى تەمكىنلىك بىلەن خىتاب قىلىپ».

«سىزنىڭ دېھقان قىزلىرىغا ئوخشاش، كۆڭلىڭىز تاياقتەك تۈز، مىجەزىڭىز بەكمۇ يېقىشلىق بولغاچقا، ئۆزۈمنى دەڭسىمەي



خامپىغا چورۇق بىلەنلا سەكرەپتىمەن».

**چوقىسىغا قويماق** 鞭辟入里 biān pì rù lǐ

**مەنىسى:** دەل ئۇستىدىن ئېيتماق؛ نەق جايىغا تەگكۈزۈۋەتمەكنى كۆرسىتىدۇ.

**مەسىلەن:** «كامىل گەپ ئارىسىدا زۆھرەنىڭ مۇشۇنداق ياخشى شارائىت ھازىرلانغان ئۆيگە كەلگىلى ئۇنىماي ئۆزىنى بىر مۇنچە خاپا قىلغانلىقىنى چوقىسىغا قويۇپمۇ ئۇلگۇردى».

**چويلىدا توختىمايدىغان گەپ** 捕风捉影 bǔ fēng zhuo yǐng

**مەنىسى:** تايىنى يوق، ھېچبىر ئەھمىيىتى يوق، دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ.

**مەسىلەن:** «پالانى بىلەن كۆرۈشكەندە قانداق ئەكسىيەتچى گەپ ـ سۆزلەر بولۇنغان؟ پوستانىنىڭ رادىيو ئاڭلىغىنىنى بىلەمسەن؟ دېگەندەك سەپسەم چويلىدا توختىمايدىغان گەپلەر ئىدى».

**چۇۋۇتقۇسى چۇۋۇلماق** 原形毕露 yuán xíng bì lù

**مەنىسى:** بىراۋلارنىڭ بولمىغۇرلۇق، ناچارلىقلىرى پاش بولماق، سازايى بولماق، سىر ـ مەخپىيەتلىرى ئاشكارىلانماقنى بىلدۈرىدۇ.

**مەسىلەن:** «ئۆزۈم سوراق قىلسام ئەھۋال بۇ، باشقىلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرەي دېسەم، چۇۋۇتقۇم چۇۋۇلۇپ كېتىدۇ، ئەستاغپىرۇللا قانداق قىلارمەن، بولدىلا تەۋەككۇل قىلىپ ھەربىي ۋەكىلگىمۇ بىر يېلىنىپ باقاي».

**چۆچۈرىنى خام سانىماق** 打错算盘 dǎ cuò suàn pán

**مەنىسى:** سۇبيېكتىپ خىيالغا چىنپۇتۇپ، بالدۇر ـ پىشىنلا قارار قىلىۋەتمەك؛ قۇرۇق تەسەۋۋۇردىن مەمنۇن بولۇپ كېرىلمەك؛ ئۆز خىيالىچىلا مەيدانغا چۈشمەكنى سۈرەتلەيدۇ.

**مەسىلەن:** «ۋىيەي، قوۋۇرغام، ئۆزۈڭچە مەن خانزادىخان بولۇپ ئولتۇرىمەن دەپ ئويلىدىڭمۇ، چۆچۈرىنى خام ساناپسەن!».

**چۈجىكىدە قورقۇپ كەتمەك** 畏首畏尾 wèi shǒu wèi wěi

مەنىسى: تەبىئىتىدىنلا توخۇ يۈرەك، قورقاقلىقتىن قۇتقۇزغىلى بولماس كىشى؛ بىرەر نەرسىدىن قاتتىق قورقۇپ يۈرەكئالدى بولۇپ كەتكەن خۇسۇسىيەتلەرنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «سايىم ئاكا ساقچىدىن چۈجىكىدە (چۈجە مەزگىلىدە) قورقۇپ كەتكەن ئادەم، ساقچىلار ئۇنىڭغا تىكىلىپ قويسىلا پۇت ـ قولىدا جان قالمايدۇ».

**چۈجىنى كۈزدە سانىماق** 秋后算帐 qiū hòu suàn zhàng

مەنىسى: ئىش ـ ئوقەت، ھەرىكەت ـ پائالىيەتلەرنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسىگە، ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتۈشىگە قارايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. كۆپ ھاللاردا مەلۇم كىشىلەرنىڭ مەلۇم ئىش ـ ھەرىكەتلەردە ساددىلىق قىلىپ يىغىلىشىۋاتقانلىقىنى، يەنى چۈجىنى باھاردىلا ساناپ، شۇ سانغا ئىشىنىشكە بولمايدىغانلىقىنى ئەسكەرتىش مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ.

مەسلەن: «ئۆز زامانىسىدا، قورالىق ئىسيان كۆتۈرگەن تۆمۈر خەلىپىدەك خوخەنزىلەر مېنىڭ بۇ ھۈنىرىمگە بەرداشلىق بېرەلمىگەن يەردە، ئەمدى بۇ تالىپ مىجەز پەن ياۋنەن ئەپەندى نېمە قىلالايتتى؟ ئۇلار ھازىرچە چىچاڭشىپ تۇرسۇن، چۈجىنى كۈزدە سانايمىز تېخى».

**چۈشەپ قويماق** 裹足不前 guǒ zú bù qián

مەنىسى: ئەركىن ـ ئىختىيارلىقىدىن مەھرۇم قىلماق، مەلۇم نەرسىلەرنىڭ ۋاسىتىلىكىدە باغلىنىپ قالماقنى كۆرسىتىدۇ.

مەسلەن: «ئەڭ مۇھىمى سىز ئۇ چاغدا ئۆزىڭىزنى بەك تۆۋەن چاغلاپسىز، ئۇلارغا جاۋاب قايتۇرۇشتەك بىر خىل ئوي سىزنى چۈشەپ قويۇپتۇ».

**چۈشى بۇزۇلماق** 白云苍狗 bái yún cāng gǒu

مەنىسى: مەلۇم مەۋقە ياكى ھالەتلەردىن بىراقلا ئۆزگىرىۋالماق؛ ۋەدە ۋە تەشۋىقات ـ تەرغىباتلىرىدىن پۈتۈنلەي يېنىۋالماقنى



كۆرسىتىدۇ.

مەسلەن: «بۇ كۈندە زاۋۇت ـ فابرىكا قۇردۇڭ دېگەن گەپ بىساتىڭدا بارنىڭ بەرىنى چوقچايتىپ ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ۋاقتانى ۋاق كېلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ شۇنداقلا چۈشى بۇزۇلسا ھەممە نېمەڭدىن ئايرىلىپ، پوستى سويۇلغان پىيازدەك بولۇپ قالدىڭ دېگەن گەپ».

**چېچەك چىقماق** 平地风波 píng dì fēng bō

مەنىسى: پۈتۈۋاتقان مەلۇم بىر ئىش ئارا يولدا ئۆزگىرىپ قالماق؛ تاسادىپىي كېلىشمەسلىكلەرگە ئۇچراشتىن ئىش ـ ئوقەت، پائالىيەتلەر ئارا يولدا سۇغا چىلاشماقنى كۆرسىتىدۇ.

مەسلەن: «ھەرگىز تويلۇق ـ پويلۇق دەپ باش قاتۇرماي، تويىنىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋەرسۇن، كېيىنىگە سۈرىۋېرىپ، يەنە بۇ ئىشىمىزغا چېچەك چىقىپ قالمىسۇن».

**چېكىپ باقماق**

مەنىسى: كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىش مەقسىتىدە بەزىبىر ئۇرۇنۇشلاردا بولماقنى كۆرسىتىدۇ.

مەسلەن: «مۇنداقراق چېكىپ باقسام تىرناق تاتىلاپ تۇرىدۇ، مەيلى بارىكەن، مەيلى بولمىسا «ياق !» دەپ ۋارقىرايتتى ـ دە، سېلىم بايدەك مەرد، چىقىشقاق، جاپادىن قورقمايدىغان ئەركەك ئوبدان جۈپ ئەمەسمۇ؟»

**چېكىسىگە تاڭماق**

مەنىسى: بەخشەندە قىلىۋالماق؛ چوڭ بىلىپ، قىزغىنىپ كەتمەكنى بىلدۈرىدۇ.

مەسلەن: «ئۇ: ھېلىغۇ سەن بىر يېزىنىڭ ئاق ساقىلى ئىكەنسەن، پۈتۈن دۇنياغا ئاق ساقال بولساڭمۇ، قورقمايمەن، يامىنى كەلسە، باللىرىڭنى چېكەڭگە تاڭ دەيمەن ! ـــ دەپ غودۇڭشىغىنچە چىقىپ كەتتى».

**چېڭىدا قالماق** 望尘莫及 wàng chén mò jí

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

مەنىسى: بىراۋلارنىڭ ناھايىتى كەينىدە قالماق؛ سېلىشتۇرۇپ بولماس كەينىدە تۇرماقنى كۆرسىتىدۇ.

مەسلەن: «سەمەندەرقۇل باقمىچىلىق قىلىپ، ئەجەب باي بولۇپ كېتىپتا، خۇدايىم ئامەت بېرىپتۇ ئۇ قاشقالىقتا، بىز دۇم چۈشەرمىزمىكىن دېگەن ۋەسۋەسىدە خەقنىڭ چېقىدا قاپتىمىز».

**چېۋىسىغا ئالماسلىق** 视若无睹 shì ruò wú dǔ

مەنىسى: مەلۇم مەزمۇن ياكى پىكىرلەرنىڭ بىراۋلار نەزەر، ئېتىبارىغا ئېلىنماسلىقنى، پەرۋايىغا كېلىپ قويمىغانلىقنى كۆرسىتىدۇ.

مەسلەن: «ئۇلارنىڭ باغرى تاش ئىكەن، بىزنىڭ يىغلاپ - قاقشاشلىرىمىزنى چېۋىسىغىمۇ ئېلىپ قويمىدى».

**چىراي سارغايتماق** 阿谀谄媚 ē yú chǎn mèi

مەنىسى: ناھايىتى ئېغىر خىجالەتچىلىك ئىلكىدە كىشىلەرگە ئىلتىجا قىلماق؛ زۆرۈرىيەتنىڭ قاتتىقلىقىدىن ئىنتايىن مۇشكۇل ۋەزىيەتتە كىشىلەردىن ئۆتۈنمەك، تىلەنمەكنىڭ سۈرىتى.

مەسلەن: «ئىككى يىل ئىچىدىلا كونا قەرزلىرىدىن قۇتۇلغاننىڭ تاشيانىدا خېلىلا ئەتلىنىپ، چىرايىغا قان يۈگۈرۈپ قالغان دېھقانلار ماۋتخانىنىڭ ئالدىغا بېرىپ قەرز ئاش، قەرز پۇل دەپ يالۋۇرمايدىغان، قۇتقۇزۇش ئۇچۇن كىيىم - كېچەك بەرسىلە دەپ چىراي سارغايتمايدىغان بولۇپ قالدى».

**چىرىغنى يورۇتماق** 踵事增华 zhǒng shì zēng huá

مەنىسى: بىراۋلار ياكى ئاتا - بوۋىلىرى بەرپا قىلغان ئائىلە ياكى ئىگىلىكنى داۋاملاشتۇرماق؛ بىراۋلار ياكى ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ئىشلىرىغا، پۇل - ماللىرىغا ئىگىدارلىق، ۋارىسلىق قىلماقنى كۆرسىتىدۇ.

مەسلەن: «شەمشىمۇ دادىسىنىڭ شۇ ۋەسىيىتىگە ئەمەل قىلىپ ھازىرغىچە ئاقسايدىن بىر چامدام نېرى بارمىدى، ئاتا - بوۋىسىدىن قالغان مۇشۇ كونا ئۆينىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرمەي كەلدى».



**چىرىغى ئۆرە كۆيمەيدۇ** 绊绊坷坷 bàn bàn kě kě

مەنىسى: ئىشلىرى روناق تاپالماي رودۇلىشىپ كەتمەك؛ ھال - ئوقىتى ئىلگىرى كەلمەي قالماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «ھوي ئوغرى چاشقانلار، — دېدى ئىمىن ئاكا تۇمەننىڭ ۋېلىسىپىتىنى كوچىغا تاشلىۋېتىپ، — سەنلەرنىڭ دەستىدىن دېھقاننىڭ چىرىغى ئۆرە كۆيەلمەيۋاتىدۇ».

**چىشى پاتماسلىق I**

مەنىسى: بىراۋلارنىڭ ئىمكانىيەتلىرى يېتەرسىزلىكتىن مەلۇم ئىش - ئوقەت ياكى ئىلمىي مېھنەتلەرگە بوش كېلىدىغانلىقى، ئەھدىدىن چىقالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

مەسلەن: «بىزنىڭغۇ ئەمدى، — دېدى مۇراللىم، — كاتتا ئۆلىمالارنىڭ «شەرھىي كالام»لىرىغا چىشىمىز پاتمايدۇ، شۇنداقتىمۇ غاجاپ باقمىز - دە».

**چىشى پاتماسلىق II**

مەنىسى: بىراۋلارنىڭ مەلۇم نەرسىدە ھەققى يوق؛ ئىگىدارلىق، خوجايىنلىق قىلىش ئاساسى يوق، دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ.

مەسلەن: «ئۆچكىگە سېنىڭ چىشىڭ پاتمايدۇ، مەن بۇنى ئاتامنىڭ ئۆيىدىن ئەپكەلگەن !».

**چىشنى بىلىمەك** 摩厉以须 mó lì yǐ xū

مەنىسى: بىرەر نەرسىنى ئىگىلىۋېلىشقا ياكى بىراۋلارنى يوقاتماققا تەخمۇتەخ بولۇپ تۇرماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «بۇ ئۇچىلىسىمۇ خەۋەر تەگكەندىن كېيىن بارماسلىقنىڭ ئىلاجىنى تاپالماي، ئۆزلىرىگە تەۋە ئاتلارغا مىنىپ ئادەملىرىنى ئېلىپ، ساق مالكۆلى بېشىدىكى سوتقا يېتىپ كەلدى. چىشلىرىنى بىلەپ تۇرغان بۇلۇس بىلەن ئاقساقاللار بىر سائەت ھايال قىلماي تەكشۈرۈپ قولغا ئېلىۋەتتى».

**چىشنى چىشلىمەك** 负屈含冤 fù qū hán yuān

مەنىسى: غەيرەت قىلماق؛ مەلۇم ئىش، ھادىسىنىڭ ئۆتۈپ كېتىشى ياكى داۋاملىشىشىنى چىدام بىلەن كۈتۈپ تۇرماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «شۇنچە يىللاردىن بېرى چىشىمىزنى چىڭ چىشلەپ كەلگەندۇق، سەۋرىنىڭمۇ چېكى بولىدىكەن، ئەمدى تاقىتىمىزنىڭ چېكى پۈتتى».

**چىشىنىڭ كىرىنى شۈمەك**

مەنىسى: قول ــ ئىلكىدە ئاز ــ تولا دۇنياسى بار بولسىمۇ، يەنىمۇ كۆپەيتىش ئىستىكىدە يېمەي ــ ئىچمەي دېگۈدەك تېجەشلىك، بېخىللىق بىلەن ياشاپ بارماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «سايىمنىڭ چىشىنىڭ كىرىنى شۈمۈپ ساقلاپ كېلىۋاتقان ئازراق پۇلىمۇ ئايالىنىڭ ئاغرىقى بىلەن تۈگىدى».

**چىشىنىڭ ئېقىنى كۆرسەتمەك**

مەنىسى: مەلۇم بىر مەقسەتتە ئوچۇق چىراي كۆرسەتمەك؛ خۇش مۇئامىلىدە بولماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «چىشىڭىزنىڭ ئېقىنى كۆرسىتىپ قويساڭ ساڭا كىم ئىتائەت قىلىدۇ ... شۇنچە ئىشلارغا ئەقلى يېتىۋاتقان مونۇ دادىسىنىڭ ماۋۇ ئىشقا ئەقلى يەتمەيۋاتقىنىنى».

**چىشلەپ تارتماق**

مەنىسى: بىراۋلار چىدىماسلىقتىن ياكى ھەسەتتىن، قوبۇل قىلالماسلىقتىن يەنە بىراۋلارنىڭ ئىش ــ ھەرىكەت، قىلمىش ــ ئەتمىش ۋە ئېرىشكەن نەپ ــ مەنپەئەتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويماق، پاش قىلماق، چامىسىنىڭ يېتىشىچە چۇۋۇپ، سېسىتماقنى كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن: «مەن ھاسان توڭنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ماشىنامنى كېمىگە ھەيدەپ چىقتىم، ئارقامدىن باش ئۆچىرەتتە تۇرغان ماشىنا چىقماقچى بولۇۋىدى، ھاسان توڭ ئۇنى چىقارمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئەتىگەندىن بۇيان ئۆچىرەت ساقلاپ توڭلاپ كەتكەن



شوپۇرلاردىن بىر قانچىسى مېنى چىشلەپ تارتىپ، غوۋغا كۆتۈردى».

一差二错 yī chā èr cuò

**چىگىت چاقماق**

مەنىسى: ئىش ــ ئوقەتتىن كاشىلا چىقماق؛ لېپى خاملىق، نائۇستىلىقتىن قىلغان ئىشى بۇزۇلماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «مىجىتلىرىڭدە ئىشەنچ يوق، ئاغزىدا چوڭ گەپ قىلغان بىلەن، رەسمىي ئىشقا كەلگەندە كېيىنگە سىيىپ تۇرۇۋالىدۇ، قىلغان ئىشلىرى چىگىت چاقىدۇ».

## خ

穷途末路 qióng tú mò lù

**خالتا كوچىغا كىرىپ قالماق**

مەنىسى: ئەسلا بىر باشقا ئاچىقىلى بولمايدىغان ئىش ــ ھەرىكەت بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ئېغىر زىيان تارتماق؛ ئىستىقبالى ئۆزىنى نابۇت قىلىدىغان ئىش ــ ھەرىكەتكە كىرىپ قالماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «ئويلا سەركەردە، ئويلا، ئەڭ ياخشىسى تىلىكىمنى بەجا كەلتۈر. پەممىچە سەن ئەقىلسىز ئادەم ئەمەس. مۇبادا ئەقىلسىز ئادەم بولۇپ قالساڭ، يا ئەقىلسىزلىك قىلساڭ، ئۆزۈڭدىن ھەر ۋاقىت ھېزى بول، بولمىسا خالتا كوچىغا كىرىپ قالىسەن».

人非圣贤 rén fēi shèng xián

**خام سۈت ئەمگەن**

مەنىسى: ئەسلىسىدىنلا پاراسەت، پەزىلەتتە بىكامىل؛ ئېزىپ كېتىش، ئاينىپ قېلىش ئىمكانىيىتى مەۋجۇت، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: « تۇردىباي ئوغلۇم، سىزمۇ ھەدەپ قايناۋەرمەڭ، ــ دېدى بىر بېسىق ئاۋاز، ــ خام سۈت ئەمگەن بەندە ئادىشىپمۇ قالىدۇ...

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

رەئىس ئاكىمىزمۇ خاتالىقىنى تونۇۋاتىدۇغۇ!».

半途而废 bàn tú ér fèi **خامانىنى توپان پېتى بۆلۈشمەك**

مەنىسى: كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى بىرلىك، ھەمكارلىقلار بى-
مەھەل ۋەزىيەتتە بۇزۇلۇپ، ئىش - ھەرىكەتلەرنىڭ ئاخىرقى نە-
تىجىسى چىققۇچە تاقەت قىلالىشالماي، يېرىم يولدا دارامەت بۆ-
لۈشمەكلەرنى كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن: «خەۋىرىڭىز بار، چوڭىنى ئۆيلەپ قويغان، ئۇنىڭدىن
بىر قىز، بىر ئوغۇل بار ئىدى، ئايالى بىلەن كېلىشەلمەي، خاما-
نى توپان پېتى بۆلۈشتى».

攫金不见人 jué jīn bù jiàn rén **خامنى يۇمشىماسلىق**

مەنىسى: كۆڭلى ئارامىغا چۈشمەيدۇ؛ كۈتكىنىگە يېتەلمىسە
تىنمايدۇ، ئۆز قولىغا كەلمىسىلا ئىش باشقا چىقمايدۇ، دېگەنلەرنى
بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: «شەھەر ئەتراپىدىن بىرەر مو يەر ھەل بولغان تەق-
دىردىمۇ، شۇنچىلىك بىر ئىش بىلەن تۆمۈر قارىينىڭ خامىنى
يۇمشىمايتتى، ئۇنىڭچە بولسا كەم دېگەندىمۇ بەش مو يەرگە ئېرى-
شەلىسە، ئاندىن كەلگۈسىدىكى پىلانلىرىنىڭ ئۇندىن بىرىنى ئە-
مەلگە ئاشۇرغىلى بولاتتى».

谤人门户 bàng rén mén hù **خەقنىڭ جۇۋىسىدا تەرلىمەك**

مەنىسى: باشقىلار ياراتقان مېھنەت مېۋىسىدىن ھوزۇر ئالماق؛
شەرەپلىرىدىن تەڭ بەھرىمەن بولماقنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: ساتتار چوڭامىنىڭ خوتۇنى ئادىمەتچىلىككە چىقى-
شالماپتۇ، دېسە خەقلەر كۈلۈشىدۇ، خەقنىڭ جۇۋىسىدا تەرلەپ
ئۆگىنىپ قالغانىدى، مانا ئەمدى ئۇنىڭ شورى قۇرۇدى، دېيىشەر
دۇشمەنلىرىڭ».

犬马之劳 quǎn mǎ zhī láo **خەقنىڭ كەتمىنىنى چاپماق**

مەنىسى: باشقىلار ئۈچۈن پىداكارلىق بىلەن ئىشلىمەك؛ باش-
قىلارغا يان بېسىپ بولۇشماقنى سۈرەتلەيدۇ.



مەسىلەن: «ئۆيۈڭدە ئۆزۈڭنىڭ قازىنى قايناپ تۇرىدۇ، يەنە
خەقنىڭ كەتمىنىنى چېپىپ نېمە قىلىسەن؟».

俯仰由人 fŭ yī yóu rén **خەقنىڭ كۆزىگە قارىماق**

مەنىسى: پۈتۈنلەي بىراۋلارنىڭ رايى، ئىرادىسىگە بويسۇنۇپ
ھەرىكەت - پائالىيەت قىلماقنى كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن: «خەقنىڭ كۆزىگە قاراپ، قاچان بىر توغرام نان بې-
رەر، قاچان بىر قاچا ئاش بېرەر دەپ ياشاشتىن بۇرۇن - قۇلى-
قىمغىچە تويدۇم، ئەمدى يەنە شۇنداق بولىدىغان بولسا شۇ زامان
ئۆلۈۋالىمەن».

吃里爬外 chī lǐ pá wài **خەقنىڭ ئوچىقىغا ياغ قۇيماق**

مەنىسى: ئۆز ئائىلىسىنىڭ، ئۆز تەۋەلىكىنىڭ ئىشلىرى سۇ-
غا چىلىشىش ھېسابىغا باشقىلارغا ياردەم كۆرسەتمەك؛ ئادەتتە مە-
لۇم بىر ئائىلىنىڭ ئەزاسى ئۆز ئائىلىسىنىڭ ئىشلىرىنى قايرىپ
قويۇپ، خەقنىڭ ئىشىغا قارىشىپ بەرمەك؛ ئۆز گۇرۇھىنىڭ زى-
يىنى ھېسابىغا باشقىلارنىڭ كەتمىنىنى چېپىپ كېتىش ئەھۋا-
لىغا قارىتا ئاغرىنىشلاردا قوللىنىلىدىغان ئىبارە.

مەسىلەن: «ماڭ! ساڭا ناننى ئەشۇ ئەلا ماڭقا بەرسۇن، خەقنىڭ
ئوچىقىغا ياغ قۇيۇپ، ئۆزىنىڭ ئوچىقىغا سۇ قۇيىدىغان قانداق با-
لىلاركىن بۇ؟ — دېدى ئۇ خورسىنىپ».

丝丝入扣 sī sī rù kòu **خوتقا چۈشمەك**

مەنىسى: ئىش - ھەرىكەتلەر ئۆز يولىغا چۈشۈپ يۈرۈشۈپ
كەتمەك؛ بىر نەچچە تەرەپنىڭ ھەمكارلىقى ياكى ماسلىشىشى
تەرتىپكە چۈشمەكنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «پۇلۇمنى بانكىدا بېسىپ قويغۇچە، ئالدى بىلەن
بىر بىنا سېلىۋالاي، ئېغىزدىكى شىركىتىمنى شۇ بىناغا يۆتكەپ
كېلەي، ئەمدى ھەممە ئىشىم خوتقا چۈشۈپ كېتىدىغان بولدى».

皂白不分 zào bái bù fēn **خوجا خامنى قىلماق**

مەنىسى: كۆپچىلىك ئاساسىدا ئىشلەنگەن ئىش - ئوقەتنىڭ

نەتىجە، دارامەتنى ياخشى - يامان، ئاز - كۆپ ئىشلىگەنگە قاراپ تەقسىمات قىلماستىن، بەلكى ئالغان ئالغانىنىڭ، كۈچى، تارتمۇۋېلىش ئىمكانىيىتى يېتىشىچە تارتمۇۋالىدىغان ئادالەتسىز، ناھەق ئىشلارنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «تۆھپە ئايرىم يېزىلمىشى، پەرقلەندۈرۈلۈشى كېرەك، خوجا خامىنى قىلىدىغان ئىش يوق. ھەربىر ئادەمنىڭ تۆھپىسى بار - دە».

**خورىكى ئۆسمەك** 趾高气扬 zhǐ gāo qì yáng

مەنىسى: تېتىقسىزلىقى ھەددىدىن ئېشىپ كەتمەك، داخۇڭگەيلىكى غولداپ كەتمەكنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «مانا مۇشۇ ئىشلار تۈپەيلىدىن قاغىلىقتىكى ئەنگلىيە پۇقراسىنىڭمۇ خورىكى بەك ئۆسۈپ كەتكەندى».

**خۇمدان دەزى بار** 漏卮难满 lòu zhī nán mǎn

مەنىسى: بىر اۋلارنىڭ بىر قاراشتا ئەسلا بايقالمايدىغان، ئەمما ئازراق ئەمەلىيەت جەريانى بولسىلا چېنىپ قالىدىغان ھەمدە ئاسانلىقچە تۈزىگىلى بولمايدىغان ئەيىبى، نۇقسانلىرى بارلىقىنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «بۇ كۈنلەردە بىچارە ئايزىمخاننىڭ ئازابىنى نۇسرەت ھەسسىلەپ ئاشۇرماقتا ئىدىكى، ئۆي ئۆي ئەمەس، بەلكى ئىسكەتىدە چاتاق يوق، خۇمدان دەزى بارلارنىڭ خۇن خانىسىغا ئايلىنىپ قېلىۋاتاتتى».

**خىش قېلىپىدىن چىقماق** 木已成舟 mù yǐ chéng zhōu

مەنىسى: بولار ئىش بولدى؛ ئەمدى تۈزەش، ئوڭشاشنىڭ ۋاقتى ئۆتتى، بەربات بولۇشتىن ساقلاپ قالماق ئۈچۈن تەدبىر قىلىش ۋە باشقىچە ئۇرۇنۇشلار بىھۇدە ئۇرۇنۇش بولىدۇ، دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: «ئىش ئۆتتى، خىش قېلىپتىن چىقتى، بۇھالدا ئەمدى مەن سىزگە قانداق كېڭەش بېرەلەيمەن، — دېدى ھەيدەر ئەپەندى».



**خىيالى باشقا يەردە پالاس قاقماق**
身在曹营心在汉 shēn zài cáo yíng xīn zài hàn

مەنىسى: ئوي - خىيالى، ئىستەك - ئارمانلىرى باشقا ئىشلاردا، باشقا يەرلەرنىڭ شادلىقى ياكى قايغۇلىرىدا؛ بىراۋلار جىسمانىيىتى بىلەن ئارمان - ئىستەكلەر بىر يەردە ئەمەس، دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: «ئۇلار ئۆزلىرى بۇ يەردە ئاببا سقا قاراپ كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرغىنى بىلەن، ئۇلارنىڭ خىياللىرى باشقا يەردە پالاس قېقىپ يۈرەتتى»، «ئىش دېگەننى يەكدىللىك بىلەن قىلىش كېرەك، قولۇڭ ئىشتا بولغان بىلەن كۆڭلۈڭ باشقا يەردە پالاس قېقىپ يۈرسە، قىلغان ئىشىڭدىن ھېچبىر نەتىجە چىقمايدۇ».

## د

**داپ داراڭلىغان، ئېشەك ھاڭرىغان يەردە يۈرمەك**
放纵驰荡 fàng zòng chí dàng

مەنىسى: تولىمۇ تەنتەك، مەسئۇلىيەتسىز، بىر ئىشنى قىلىشقا يا دىتى، يا غەيرىتى يوق بولۇپ، قاياقتا قىزىقارلىق شەپە ئاڭلانسا، شۇ يەرگە ئۈنىدىغان بىكار تەلەپلىكنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «ياش چاغلىرىدا تۇغۇتلۇق زۆھرەنى كېچە - كېچىلەپ يالغۇز تاشلاپ قويۇپ، داپ داراڭلىغان، ئېشەك ھاڭرىغان يەرلەردە لاغايلاپ يۈرىدىغان، ھاراق دېسە ھەممىنى ئۈنتۈيدىغان بەڭباش ھازىر زۆھرەخاننىڭ يېنىدىن بىر ئاخشاممۇ ئايرىلمايدۇ».

**داردىن قاچقان** 狐群狗党 hú qún gǒu dǎng

مەنىسى: ھېچ نەرسىدىن ھېيىقماس، ئۆزىنى قاچۇرماس، قىتمال - غىلىتاڭ بولۇپ كەتكەن، دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: «مۇراد دېگەن ئاداشقۇ بۇرۇن ساپلا داردىن قاچقان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

چاچلىرىنى بوياپ، ئەڭلىك ئېتىۋالغان ئالۋاستىدەك بىرىنىمىلەرنى باشلاپ كېلىدىغان، بۇ قېتىم قانداقلارچە بۇ پەرىزاتلارغا ئۇچراپ قالغاندۇ؟».

以怨报德 yǐ yuàn bào dé **داستىخانغا پۇت ئېرتماق**

**مەنىسى:** كىشىلەرنىڭ ياخشىلىق، شاپائەتلىرىگە نائىل بولۇپ تۇرۇپ، جامائەتنىڭ ياردەم ياكى مۇلازىمەتلىرىگە تايىنىپ تۇرۇپ، يەنە ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلماق؛ ئاش بەرگەنگە مۇشت بەرمەكنى كۆرسىتىدۇ.

**مەسلەن:** «قىسقىسى، ئاشۇ دامولла بۇ يەردىكى مېھنەتكەشلەرنىڭ ئاش - نېنىنى بىكارغا يەپ، داستىخانلىرىغا پۇت ئېرتاتتى».

垂头丧气 chuí tóu sàng qì **داق يەردە قالماق**

**مەنىسى:** ئەجىر - مېھنەت قىلىپ ئاقىۋەتتە ھەممىدىن قۇرۇق قالماق؛ ھەرەج ۋە ئەمگەكلىرى بىكارغا كېتىپ، دەرد يۇتۇپ قالماقنى سۈرەتلەيدۇ.

**مەسلەن:** «سەندەكلەرگە ياخشى كۈن يوق، ھامان داق يەردە قالىسەنغۇ ئاخىر! — قالغان ئاياللارمۇ ھەرىكەتكە كېلىپ ئېغىزىدا تىللىغاچ خۇددى قوناق سوققاندەك، مېنى كالتەكلەپ كېتىشتى».

不成体统 bù chéng tǐ tǒng **داڭقان پۇتى بولۇۋالماق**

**مەنىسى:** مۇقامدا يوق، تولىمۇ بىسەپ بولۇپ قالغان، دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ.

**مەسلەن:** «ئەگەر قورقۇۋاتقان بولساڭ سەنمۇ داڭقان پۇتى بولۇۋال، ئىلگىرى ئۆزۈڭ نەپرەتلىنىپ يۈرىدىغان جانباقارلار سېپىگە قوشۇل، شۇنداق قىلساڭ قارشى ئېلىنىسەن».

跋山涉水 bá shān shè shuǐ **داۋان ئاشماق**

**مەنىسى:** غەيرەت - شىجائەتلەر بىلەن قىيىنچىلىق ۋە توسالغۇلارنى يېڭىپ غەلىبىگە ئېرىشمەك؛ مۇۋەپپەقىيەت قازانماقنى كۆرسىتىدۇ.



**مەسلەن:** «دۇنيادا ئۈچ ئوق بار، بىرىنچىسى، ئەجەل ئوقى؛ ئىككىنچىسى، مەنپەئەت ئوقى؛ ئۈچىنچىسى، پىتنە - ئىغۋا ئوقى. مانا مۇشۇ ئۈچ ئوقتىن قورقمىغانلار داۋان ئېشىپ شەرەپ قۇچىدۇ».

鬼蜮伎俩 guǐ yù jì liǎng **دەججالنىڭ نەغمىسىگە ئەگەشمەك**

**مەنىسى:** زىيانلىق، ئەمما جەلپكار، ئازدۇرغۇچى مەنە - مەزمۇنلارغا ئەگىشىپ كاردىن چىقماق؛ ئەقىل - پاراستى يوقىلىپ كەتكەن، ئۆز - ئۆزىنى كونترول قىلالمايدىغان، ياخشى - يامانىنى ئايرىيالمايدىغان كىشىلەرنى مەھلىيا قىلىپ، ئەگەشتۈرۈپ كېتىدىغان بولمىغۇر ھادىسىلەرگە مەپتۇن بولۇپ كېتىشلەرنى سۈرەتلەيدۇ.

**مەسلەن:** «بالا يېتىم بولدى، ئاتا - ئانىدىكى كەچۈرمىش بالىلاردا تەكرارلاندى، بالىلارنى دەججالنىڭ نەغمىسىدىن توسۇش مۇمكىن بولمىدى، بىر ئائىلە ۋەيران بولدى».

**دەريادىن ئۆتۈۋېلىپ، كۆۋرۈكنى بۇزماق**

过河拆桥 guò hé chāi qiáo

**مەنىسى:** كۆزلىگەن مۇددىئاسىغا يېتىۋېلىپ، يار - يۆلەك بولغان، پىداكارلىق كۆرسەتكەنلەرنى يوقىتىش ياكى ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈشنى سۈرەتلەيدۇ.

**مەسلەن:** «پەخەس بولايلى، بۇنداق كىشىلەرنىڭ ئوندىن توققۇزى يۈز ئۆرۈشكە ئۇستا كېلىدۇ، دەريادىن ئۆتۈۋېلىپلا كۆۋرۈكنى بۇزۇۋېتىدۇ».

四分五裂 sì fēn wǔ liè **دەز كەتمەك I**

**مەنىسى:** ۋەيران بولماق، گۇمران بولۇشقا يۈزلەنمەكنى بىلدۈرىدۇ.

**مەسلەن:** «لېكىن، شۇنىڭ بىلەنلا زىياپەتكە دەز كەتكەندى، ھەتتا بىرىنچى قەدەھتىن كېيىن ئۇسسۇلغا چۈشكەن تاھىر بىلەن قادىرجانمۇ ئولتۇرۇشقا جان كىرگۈزەلمىدى»

## دەز كەتمەك II  柳树上着刀 liǔ shù shàng zhedāo

مەنىسى: مەلۇم ئىش ـ ھەرىكەت ياكى ھادىسىلەرنىڭ شۇنىڭغا باغلىنىشلىق بولغان ـ بولمىغان يەنە بىر نەرسىلەرگە زور تەسىر كۆرسىتىشىنى بىلدۈرىدۇ. كۆپىنچە ئوبيېكتىپ جەھەتتىن تەسىر كۆرسەتمىكى مۇمكىن بولمىسىمۇ، تەسىر يەتكەن قىياپەتتە بولۇۋېلىشلارغا قارىتا ئېيتىلىدۇ.

مەسىلەن:

«ھاشار بىلەن ياز كەتتى،
تۇرنا، ئۆردەك، غاز كەتتى.
مەن تىللىسام ھامۇتنى،
سادىق تازغا دەز كەتتى.»

## دەسمايە غالتەككە چىقماق  囊空如洗 náng kōng rú xǐ

مەنىسى: ھەممە نەرسىدىن ئايرىلىپ يالاڭ تۆش بولۇپ قالماق، مال ـ دۇنياسىنى سورۇپ تۈگەتمەكنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: « تاۋۇكاغا چىقىرىپ قويسا تېخى دەسمايىنى غالتەككە چىقىرىپ كۆزۈڭلىنى پارقىرىتىپ گۆشىنىپ تۇرىسىلەر، ئەمدى قازان بېشىدا تېخى ئىشىڭلارغا ھېزى بولالمايسىلەر ، دېدى مەرەمنىساخان تەلەپپۇزىنى يۇمشىتىپ».

ئىلاۋە: ئىبارە گاھى كونتېكىستلەردە ھۈنەرۋەنلەرنىڭ قولىدىكى نەق پۇل دەسمايىسىنى ماتېرىيال سېتىۋېلىشقا سەرپ قىلىۋەتكەن، دېگەن مەنىدە. يەنە بىساتىدىكى نەق پۇل ياكى بۇيۇملار دەسمايە ياكى سېلىنما سۈپىتىدە ماتا توقۇيدىغان دەستىگاھقا چىقىپ كەتكەن ئەھۋالدا، «دەسمايە غالتەكتە بولۇپ قالدى» شەكلىدە قوللىنىلىپمۇ قالىدۇ. شۇڭلاشقا ئىبارە بەزى ھاللاردا قولىدىكىنىڭ بارى ـ يوقى مەبلەغ قىلىنىپ كەتتى، باشقا ئېھتىياجغا پۇل يوق، مەنىسىدىمۇ قوللىنىلىدۇ.



## دوست تارتماق  摇旗呐喊 yáo qí nà hǎn

مەنىسى: ھەمدەم ـ ھەمكار بولۇشماق؛ ئىدىيە ۋە ياكى مەنپەئەت بىرلىكى بولۇشتىن ياكى ماددىي، مەنىۋى جەھەتلەردىن بىر سەپ بولۇشۇپ، ئورتاق ھالدا ھە ـ ھۇ دەپ دوست چاقىرىشماق، ماسلاشماقنى كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن: «دەلىل ـ ئىسپاتسىز سەپسەتىگە توۋا قىلىش جايىز ئەمەستۇر، ــ دېدى پالتۇئەئىلەم ھېلىقى گۆپپاڭچى سوپىنىڭ دوست تارتىشلىرىغا پەرۋا قىلماستىن، ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ».

## دولىسىغا ئاپتاپ چۈشمەك  饱食暖衣 bǎo shí nuǎn yī

مەنىسى: بىرقەدەر ھاللىنىپ قالماق، تەقدىر، ۋەزىيەت ياكى بىراۋلارنىڭ ئانچىكى ئىلتىپاتلىرىغا ئېرىشىپ، قەدىرئەھۋال تۇرمۇشقا ئېرىشىشنى كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن: «باشلىق بىلەن تولا ئېيتىشمىسىلا، كارىلىرى بولمىسۇن، نېمە دېسە سىلىنىڭ توغرا دەپ، دولىلىرىنىڭ ئاپتاپ كۆرگىنىگە شۈكۈر قىلىپ يۈرۈۋەرسىلە، دېسەم ئۇنىمايلا، ئاخىر مۇشۇ كۈنگە قالدۇق مانا».

## دۈكان كۆرگەن  傲雪凌霜 ào xuě líng shuāng

مەنىسى: مەلۇم جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ تەجرىبىلىك بولۇپ قالماق؛ تۇرمۇش بابىدىكى ئىشلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ پىشىپ كەتمەكنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: «گەرچە ئۇنىڭ يېشى كىچىك بولسىمۇ، دۈكان كۆرگەن چوكان، ھەتتا بىر بالىغا ئانا بولغان جۇۋان، مەتقۇناخۇنغا ئۆمۈرلۈك نىكاھلانغان خوتۇن ئىدى».

## دۇمباق چالماق  口角春风 kǒu jiǎo chūn fēng

مەنىسى: بىركىمنىڭ تەرىپىنى قىلماق؛ سۆز ـ ھەرىكىتىدە ماختىماق؛ ئىشلىرىنى قوللىماق؛ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھە ـ ھۇ دەپ كەتمىنىنى چاپماقنى بىلدۈرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

مەسلەن: «ئەمسە ھېلىقى كەلگۈندى موزدۈزنىڭ دۈمبىقىنى ئاز چالساڭ بولارمىكىن !».

**دېپىغا ئۇسسۇل ئوينىماق** 唯命是从 wéi mìng shì cóng

مەنىسى: بىراۋلارنىڭ بىلىپ ـ بىلمەي ياكى پۈتۈنلەي ئاڭسىز رەۋىشتە، مەلۇم شەخس ياكى ئىجتىمائىي گەۋدىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇش، كۆرسەتمىلىرىنى ئىجرا قىلىشلىرىنى كۆرستىدۇ.

مەسلەن: « ئەگەر يالغۇز يەردە بولغان بولسىمۇ ئۇ يەنە كەچۈرۈۋەتكەن بولار ئىدى، ئەكسىچە ئۇ تۇيغۇنىنىڭ ئەڭ چوڭ رەقىبى سالاھىدىنىنىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئوينىدى».

## ر

**رامكا ئىچىدە بولماق** 故步自封 gù bù zì fēng

مەنىسى: بەلگىلەپ بېرىلگەن چەك ئىچىدە بولماق؛ قائىدە ـ يوسۇن، تەرتىپ ـ تۈزۈم ياكى تۇرلۇك ئەھكاملارنىڭ ئىسكەنجىسىدە بولماقنى كۆرستىدۇ.

مەسلەن: «گۈلئايىم مەن سىزنى ھەرگىزمۇ بۇنداق تار رامكا ئىچىدە دەپ ئويلىمايمەن، سىز ئاز بىر قىسىم چاكىنا ئاياللارنىڭ تىپى بولۇپ قېلىشنى خالىمايسىز».

**رامزان ئېيتىپ يۇرمەك** 调嘴学舌 tiáo zuǐ xué shé

مەنىسى: بىركىمنىڭ ياكى مەلۇم جامائەتنىڭ ئاز ـ تولا زىيىنى تەگكەن كىشىلەر ئۇستىدىن غەيۋەت ـ شىكايەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ يامانلىقلىرىنى ئەلگە يېيىپ يۇرۇشنى كۆرستىدۇ.

مەسلەن: «ئۆچۈرۈۋەتسىلە، ھەببەللى، ئاۋۇ ئېلاخۇن كومشا دېگەنمۇ مېنى ‹ئاكا› دەۋالغانلارنىڭ بىرى. ئۇ: ‹ئۆگزەڭنىڭ قارىنى ئېغىمغا چۈشۈرۈۋاپسەن›، دەپ مەھەللىدە رامزان ئېيتىپ يۇرگەندى. ئۇنىڭ ئېتىنىمۇ ئۆچۈرۈۋەتسىلە، ھەببەللى !».



## ز

**زاكىسىدا قېرىغان** 少年老成 shào nián lǎo chéng

مەنىسى: كىچىككىنە تۇرۇپ چوڭلارنىڭ بىلىشىگە تېگىشلىك ئىشلارنى بىلىپ كەتكەن مەنىلەردە كېلىپ، ئاچچىق كىنايە قىلىش يولىدا ئېيتىلىدۇ، گاھى كونتېكىستلەردە بولسا چاقچاق يولىدا قوللىنىلىدۇ.

مەسلەن: «بۇ گەپنى ئاڭلاش بىلەن: ھۇ، زاكىسىدا قېرىغان جۇۋايىنىمەك ! قارا بۇنىڭ جۇۋا ئېغىزلىقىنى، — دەپ قايناپ كەتتى موماm».

**زاكىلاپ قويماق** 绳捆索绑 shéng kǔn suǒ bǎng

مەنىسى: ئىرادە، ئەركىلىرى بوغۇپ تاشلانماق؛ مەلۇم گەپ ـ سۆز ياكى ئىش ـ ھەرىكەتلەردە بولمىقى تەس بولماق، دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ.

مەسلەن: « ‹ئوڭچى›، ‹يەرلىك مىللەتچى›، ‹ئۇچى›، ‹بۇچى› دېگەن قالپاقلار زىيالىيلارنى زاكىلاپ قويغان مەزگىللەردە، مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قايتىدىن جۇلالاندۇرۇش ئۇچۇن بىرەر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشنىڭ قانچىلىك تەسلىكىنى شۇ دەۋر ۋەزىيىتىدىن خەۋەردار بولغانلارلا تەسەۋۋۇر قىلالايدۇ».

**زەھەرنى زەھەر بىلەن ياندۇرماق** 以毒攻毒 yǐ dú gōng dú

مەنىسى: يامان ئىشنى يامان ئىش بىلەن توسماق؛ ۋەھشىيلىكنى ۋەھشىيلىك بىلەن تۈگەتمەك.

مەسلەن: «بۇ ئارقىلىق جاھالەت قولۇپلىرىنى ئۆز ئاچقۇچى بىلەن ئاچقاندەك بولدۇم. زەھەرنى زەھەر بىلەن ياندۇرۇش دېگەن بەلكىم مۇشۇ بولسا كېرەك».

**زەي سالماي پاختا ئاتماق** 浮语虚辞 fú yǔ xū cí

مەنىسى: ئۆزىنى چاغلىمايلا پو ئاتماق؛ ئەقىلگە سىغماس چوڭ ۋە پەلەپەتىش سۆزلىمەكنى بىلدۈرىدۇ.

مەسلەن: «كۆڭلىمىزدە بىلىپ تۇرساقمۇ، لېكىن، كىممۇ بۇنى زەي سالماي پاختا ئېتىۋاتىدۇ دېيەلىسۇن؟ ھەممىمىز ئىچىمىزدىلا بىلىپ قالاتتۇق، ئاغزىمىزدىن چىقىرالمايتتۇق، چۈنكى يالغان گەپ قىلىش ‹سىياسىي ۋەزىپە›گە ئايلىنىپ قالغان».

**زىر - زەۋىرىگىچە بىلمەك** 打破沙锅问到底 dǎ pò shā guō wèn dào dǐ

مەنىسى: بايان قىلىش، سۈرۈشتۈرۈش ۋە خەۋەردارلىقنىڭ ناھايىتى تەپسىلىي ھەم ئېنىق بولمىقىنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «ھوشۇر بەگنىڭ قېچىپ بېرىشى بىلەن چىڭ سۇلالىسى چېرىكلىرىگە مەلۇم بولمىغان ھېچقانداق سىر ۋە ھېچقانداق مەخپىيەتلىك قالمىدى، ھەتتا ياقۇپبەگنىڭ ئاخىرقى كېڭىشىمۇ زىر-زەۋىرىگىچە ئاشكارا بولدى».

**زىغىرلىماق** 分毫析厘 fēn háo xī lí

مەنىسى: گەپ - سۆزنى ئەستايىدىللىق بىلەن كۆپەيتمەك، بەكمۇ ئەتراپلىق بايان قىلماق ياكى ئىنچىكىلەپ ئىشلىمەكنى بىلدۈرىدۇ.

مەسلەن: «بىراق، ئۇ ناخشىنى مۇنداق زىغىرلاپ تەھلىل قىلىدىغانلاردىن قانچىسى بار دەيسىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە دانالار: ھاراقتا ھەددىدىن زىيادە بېرىلىش — روھىي زەئىپلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس، دەپ ئاگاھلاندۇرغان»

## س

**سادىقنى ئاسماق** 披坚执锐 pī jiān zhí ruì



مەنىسى: ئۇرۇش، جېدەل چىقىرىشقا تەييار تۇرماق؛ يامانلىق، بىشەملىك قىلىپ ھۇرپىيىپ چىقماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «ھېلىقى ئايلىقچى خېنىملار ئىشتىن كېلىپلا تەييارنى يەپ، دالىيىپ يېتىشتىن باشقىنى بىلمەيدۇ، سانىخان بىر نېمە دېسە، سادىقنى ئېسىپلا چىقىپ ئۇنى ئېغىز - بۇرنىغىچە تويغۇزىدۇ».

**ساغرىسىنى سىلاتمايدىغان** 昂首望天 áng shǒu wàng tiān

مەنىسى: ئۆكتەم، خۇيى يامان كىشىلەرنى ياكى بىرەر يامان ھادىسىنىڭ شەپىسى بولا - بولمايلا چىچاڭشىپ كەتمەكنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «نېمانچە تەنقىد كۆتۈرەلمەيسىز؟ بۇنداق ساغرىڭىزنى سىلاتمايدىغان ھالەتتە بولسىڭىز خىزمەت ئىشلەپ بولالمايسىز، جامائەت بولغانىكەن، تۈرلۈك - تۈرلۈك گەپلەر چىقىدۇ».

**ساقال تارىماق** 自作解人 zì zuò jiě rén

مەنىسى: ئۆزىدىن چوڭ ئادەملەرنى شىلاپ، ئۇچۇرۇپ ئۆز سەنىمىگە دەسسەتمەك؛ چوڭلارغا ئەقىل، ئىش ئۆگەتمەكنى سۈرەتلەيدۇ. ئىبارىنىڭ «ساقال تارغىقىلىق قىلماق»، «ساقال تارغىقى بولماق» شەكىللىرىمۇ بار.

مەسلەن: «مۇئەللىمنىڭ سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاب بەرگۈدەك ئەھۋالىڭ بولمىسا بىلەرمەنلىك قىلىپ ساقال تارغىقىلىق قىلما، بىلىدىغىنىڭنى ‹بىلىمەن›دە، بىلمەيدىغىنىڭنى ‹بىلمەيمەن› دەپ سالما، دەپ مېنى ئاگاھلاندۇردى دادام».

**ساقال تاشلىماق** 挤眉弄眼 jǐ méi nòng yǎn

مەنىسى: خوتۇن - قىزلارغا پوخۇرلۇق قىلماق؛ بىراۋلارغا ئىچ - پەش تارتىپ يۈرمەكنى كۆرسىتىدۇ.

مەسلەن: «خوپ بوپتۇ، قېرىغىنىنى تۇيماي باشقىلارنىڭ خوتۇنىغا ساقال تاشلاپ يۈرگەندىن كېيىن شۇنداق ئەدەپلىنىدىغان گەپ».

**ساقالدىكى ئاش** 蝇头小利 yíng tóu xiǎo lì

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەنىسى: بىرەر مەنپەئەت ھېسابىغا ئۆتمەيدىغان، ئەرزىمەس، تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق پايدىنى سۈرەتلەيدۇ. كۆپىنچە ئاشۇنداق تايىنسىز، ئەرزىمەس، پايدىسىز ئىشلارغا يولىماسلىقنى دالالەت قىلىش زۆرۈرىيىتىدە قوللىنىلىدۇ.

مەسلەن: «بىز توخۇلارنى ياۋىلىتىش (ياۋايىغا ئايلاندۇرۇش)، قاقتى - سوقتى قىلىش بىلەن باي بولىمىز دېيمىز، لېكىن بۇ بىر ساقالدىكى ئاشقۇ».

**ساقالغا تۈكۈرمەك** 愤愤不平 fèn fèn bù píng

مەنىسى: بىرەر ئىش ياكى مەسىلىدىن قاتتىق نارازى بولغان، يەنى ئۇنى توسۇپ قويۇش ئىمكانىيىتىمۇ ئەمەس، شۇنىڭدەك مەقبۇللۇقىمۇ رايى يوق ۋەزىيەتنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «سېنىڭ بىلەن مېنىڭ قولۇمدىن نېمە ئىش كېلەتتى، ساقالغا تۈكۈرۈپلا قالىمىز شۇ».

**ساقالغا ئېسىلماق** 自大狂 zì dà kuáng

مەنىسى: تەنتەك بىلەرمەنلىك، ئاتىكارچىلىق قىلماق؛ چوڭلار ياكى ئۆزىدىن ئۈستۈنلەرنىڭ پىكىر - مۇلاھىزىلىرىنى تۈزىمەك، تولۇقلىماقنى كۆرسىتىدۇ.

مەسلەن: «قاتتىقراق بىر نېمە دەي دېسەم سەن كىچىك، مەن چوڭ، تۇنۇگۇنمۇ ئاغزىمدىن گەپ چىقىپ بولغۇچە ساقالغا ئېسىلىۋاتىسەن، سەت بولىدۇ ئۇكا، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىشىپ ئۆتەيلى».

**ساقال غېرىچلىماق** 好为人师 hǎo wéi rén shī

مەنىسى: تەنتەكلىك بىلەن ئۆزىدىن دانالارغا، چوڭلارغا ئەقىل ئۆگەتمەك؛ ئۆزىنى چاغلىماي گەپ يورغىلىتىپ، بىراۋلارنى چېقىلىپ ئويناپ باقماقنى كۆرسىتىدۇ.

مەسلەن: «سەن تولا ساقال غېرىچلىماي غىت قىسىپ ھارۋىڭنى ھەيدە بولامدا، — ئايۇپ بىر ۋارقىرىۋىدى سەمەت روزىنىڭ شۇئان زۇۋانى ئۆچۈپ جىم بولدى».

**ساقىلى تۈگمەندە ئاقارمىغان** 发短心长 fā duǎn xīn cháng



مەنىسى: ياشانغان، كۆپنى كۆرگەنلىكىنىڭ بەلگىسى بولمىش ساقالنىڭ ئاقلىقى تۈگمەندە ئۇن - تۇزغاق يۇقۇش ئارقىلىق ئاقىرىش بولماستىن، بەلكى ھەقىقىي ئەمەلىيەتنىڭ ئىنكاسى دېيىش بىلەن كۆپنى كۆرگەن، بىلگەنلىكنى ئىشارە قىلىدۇ.

مەسلەن: «بۇنى كىشىگە دېگىلى بولامدۇ، ئۇنچىلىك ئىشلارنى بىزمۇ بىلىمىز، تاغا، بىز داڭلىق خېلىل كوسا جۇمۇ! بىز بۇ ساقالنى تۈگمەندە ئاقارتمىدۇق».

**سامانلىقنىڭ ئاچقۇچى تەگمەك** 抱关击柝 bào guān jī tuò

مەنىسى: تېرىق چاغلىق مەنسەپ ياكى ئىمتىيازغا ئېرىشمەك؛ كۆپىنچە كىچىككىنە بىر ئىشقا، يەنى پەقەتلا تايىنى يوق بىر ئىشقا يېتىنىپلا چوڭچىلىق قىلماق، كۆرەڭلىمەككە كىنايە قىلىپ ئېيتىلىدۇ.

مەسلەن: «خۇدا بىلىپ ئېشەككە مۈڭگۈز بەرمىگەنىكەن، مۇبادا ساڭا سامانلىقنىڭ ئاچقۇچى تېگىپ قالسا، قانچىلىك نوچىلىق قىلار ئىدىڭ، ئەخمەق».

**سامانىنىڭ تېگىدىن سۇ يۈگۈرتمەك** 偷天换日 tōu tiān huàn rì

مەنىسى: قارشى تەرەپكە، ئەل - جامائەتكە زىنھار سەزدۈرمەستىن ئىش تەۋرەتمەك، مەقسىتىگە يەتمەك؛ بىراۋلارغا تۈيغۇزماستىن قەست قىلماق، زەربە بەرمەكنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «ھۇ توڭگۇزنىڭ بۇرنىدىن چۈشكەن سېرىق مۈشۈك ! سەن قىزىمنى ئوقۇتىمەن دەپ قويۇپ، سامان تېگىدىن سۇ قويۇپ، كېلىنىمنى ئازدۇرۇپتىكەنسەنيا ؟ ئازدۇرۇشنى ئەمدى مەن ساڭا ئۆگىتىپ قوياي!».

**سايىسىدە كۆكلىمەك** 寄人篱下 jì rén lí xià

مەنىسى: بىركىمنىڭ ھامىيلىقىدا، شاپائەتلىرىدە ياكى ئاتىدارچىلىقىدا جاپاسىز، پاراغەتلىك ياشىماقنى كۆرسىتىدۇ. كۆپ

هاللاردا چاقچاق، تەنە تەربقسىدە كېلىدۇ، ئايرىم هاللاردا ئەستا-
يىدىل مەنىدىمۇ كېلىدۇ.

**مەسىلەن:** «ناھايىتى شەپقەت ۋە مەرھەمەت يۈزىسىدىن مەندەك بىر ئاجىز ۋە لاياقەتسىزنى خىزمەتكارلار قاتارىغا ئالدى، ئىلتىپات سايىسىنى بېشىغا چۈشۈرۈپ مېنى ئۆزىنىڭ مۇلازىمىتىنى قىلىش شاراپىتىگە مۇشەررەپ قىلدى».

**سايىسىدىن ئۈركۈمەك** 风声鹤唳 fēng shēng hè lì

**مەنىسى:** بەكمۇ قورقۇنچاق، ئېھتىياتچان بولۇپ يۈرمەكنى سۈرەتلەيدۇ.

**مەسىلەن:** «ئېغىز ئالدى قەلبىمدە ئىشقىڭ، سەن يۈرمىگىن سايەڭدىن ئۈركۈپ، ھەر ئىككىمىز ئەسلىدىن يار- ئۆز، سېنىڭمۇ شۇ نۇر تاراتقان كۆز؟».

**سەمەرقەند تەكلىپى**

**مەنىسى:** پەقەت قائىدە - يوسۇن يۈزىسىدىنلا ئېغىزنىڭ ئۇچىدىلا يالغان - ياۋىداقتىن تەكلىپ - تەكەللۇپ قىلماق؛ چىن نىيەتتىن ئەمەس، بەلكى قائىدە - يوسۇن يۈزىسىدىن تەكلىپ قىلماق ياكى ئۆزرىلەر ئېيتىپ قويماقنى كۆرسىتىدۇ.

**مەسىلەن:** «ئەمەلىيەتتە ئەسقەرنىڭ سوپى بىلەن بىللە تاماق يېگۈسى يوق ئىدى، ئۇ سوپى ئېلىپ كەلگەن گىلەمنىڭ يۈزىنى قىلىپ سەمەرقەند تەكلىپى قىلىپ قويغانىدى، شۇڭا سوپى ئۇستامنىڭ رەھمىتى ئۇنىڭغا خۇشياقتى».

**سەن سالا - مەن سالا** 互相推诿 hù xiāng tuī wěi

**مەنىسى:** بىرەر ئىش، خىزمەت ياكى ۋەزىپىنىڭ كىشىلەر ئارا بىر - بىرىگە ئىتتىرىلىپ ھەممە باش تارتىش، چەتكە چىقىۋېلىش ھالىتىنى كۆرسىتىدۇ.

**مەسىلەن:** «بۇيرۇقنى سەن سالا - مەن سالا بولۇۋاتقىنىنى سەزگەن شەيبانخان كۆزلىرىنى دەھشەت پارقىرىتىپ، بىنائىيگە تىكىلدى».

**سەۋر قاچىسى تولماق** 忍无可忍 rěn wú kě rěn



**مەنىسى:** بەرداشلىق بېرىش، چىشىنى چىشلەش، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ئاخىرلاشماق؛ تاقىتى تاق بولماقنى كۆرسىتىدۇ.

**مەسىلەن:** «مەن ئەمدى ‹تەخىر›،‹ سەۋر› دېگەن گەپلەر بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايمەن، سەۋر قاچام تولدى، تېشىپ كەتسە چاتاق.

**سورۇلۇپ كەتمەك** 家破人亡 jiā pò rén wáng

**مەنىسى:** ۋەيران بولماق؛ ئۇيان - بۇيان تارتىشلار بىلەن چەقىمدار بولۇپ، قاقسەنەم بولۇپ كەتمەكنى سۈرەتلەيدۇ.

**مەسىلەن:** «نېمە دەيمىز ئەمدى، ئۇچقۇن سىزگە ياخشى مەسلىھەت بېرىپتۇ، ئۇكام، دېدى ئەخمەت زاكىرغا قاراپ، — ئۇ سىزگە كۆيۈنىدىكەن، سىزنى سورۇلۇپ كەتمىسۇن دەيدىكەن».

**سوغۇقى ئاشماق**

**مەنىسى:** مەلۇم نەرسىگە يېتىنىش ئىنتىزارلىقىغا بەكرەك بېرىلىپ كېتىپ ئاپتاپتا قالماق؛ ئۇنىڭغا بەك بېرىلىپ كېتىشتىن خاتالىق سادىر قىلماقنى كۆرسىتىدۇ.

**مەسىلەن:** «لىۋ جىنتاڭ قوشۇنىنىڭ پىچانىنى ئېلىپ، تۇرپانغا يېقىنلىشىۋاتقانلىقى مەلۇم بولدى، سۇلە تەمە قىلىپ سوغۇقى ئاشقان ياقۇپبەگ ۋە ئۇنىڭ ئوتتۇز مىڭ لەشكىرى گوچۇڭ بىلەن تۇرپاندىن ئىبارەت ئىككى تاش ئارىسىدا قالدى».

**سوغۇق كەلمەك**

**مەنىسى:** ياراشماي، سىڭمەي قالماق؛ يېتىنگەن، ئېرىشكەن نەرسىلىرى زىيان قىلماقنى سۈرەتلەيدۇ.

**مەسىلەن:** «يېزا ياكى ئەترەتتىكى ئاقساقال، كالتە ساقاللارنىڭ يۈزى قىلىنىلاپ، يۈرىكى قارىداپ، ئىشتىھالىرى چوڭقىيىپ كەتكەنلىكتىن، ئېشىكى بەش تەڭگە، توقۇمى ئون تەڭگە بولىدىغان، ‹ئالدىن بېيىغان ئائىلە›، ‹ئۈلگىلىك كەسپىي ئائىلە› دېگەن قالپاقلار ئۇلارغا خېلىلا سوغۇق كېلەتتى».

**سۇ باشتىن لاي**

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

上梁不正下梁歪 shàng liáng bù zhèng xià liáng wāi

مەنىسى: جاھاننىڭ بۇزۇلۇشى، مەلۇم بىر مەۋقەدىكى قالايمىقانچىلىقلارنىڭ مەيدانغا چىقىشىغا يۇقىرى قاتلام كىشىلىرى قاتنىشقلىق بولماق؛ يېتەكچى ئورۇندىكىلەر پاسسىپلىق قىلماق، دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

مەسلەن: «سۇنىڭ بېشى لاي بولسا ئايىغىدىن سۈزۈلدۈرىمەن دېگەن ئادەم ئەخمەق، باشلىقىڭ خۇشامەتچى بولسا، سەن ئۇنى دورىماسلىقىڭ كۆن ئالالمايسەن».

宝山空回 bǎo shān kōng huí **سۇدىن قۇرۇق چىقماق I**

مەنىسى: ئىلىم تەھسىللەر ماكانلىرىدا بولغان بولسىمۇ ھېچ نەرسە يۇقماي قالماق؛ تەربىيەلەر سىڭىشمىگەن، ئەسلىي ھالى قانداق بولغان بولسا، شۇ ھالدا تۇرماقنى بىلدۈرىدۇ.

مەسلەن: «مائارىپ بىر ۋاستە، مەكتەپ بىر تۇرلۇك تاشقى شەرت، بۇلار پەقەت كىشىلەردىكى ئادەم بولۇش ئىچكى ئامىللىرىنى يۈكسەلدۈرۈش ئارقىلىقلا ئۆز رولىنى جارى قىلىدۇ. مۇبادا بىراۋلاردا ئىچكى ئامىللار ھازىرلانمىغان بولسا، ئۇ ھالدا ئۇلار ئىلىم دېڭىزلىرىغا شۇڭغۇپمۇ سۇدىن قۇرۇق چىقىۋېرىدۇ».

忧患余生 yōu huàn yú shēng **سۇدىن قۇرۇق چىقماق II**

مەنىسى: زور بالايىئاپەتلەر ئىچىدىن ئامان ـ ئېسەن چىقماق؛ ساتقىنلىق، مۇناپىقلىق قىلىپ، ئۆز بېشىنى قوغداپ قالماقنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

مەسلەن: «ئۇ كۆرۈنۈشتە بىزگە ساداقەتمەنلىك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ھېچقانداق ئاخبارات بەرمىگەن، ئەھۋالدىن قارىغاندا ھازىر ئۇ باشقىلارنى تۇتۇپ بېرىش ھېسابىغا سۇدىن قۇرۇق چىقىشقىمۇ ئۇنىمايۋاتىدۇ».

不蔓不枝 bù màn bù zhī **سۇ قوشۇلمىغان**

مەنىسى: مەلۇم ئادەم ياكى شەيئىلەرنىڭ ئەسلىي ھالىتى كۆپتۈرۈلمىگەن؛ ئۇنىڭغا ئارتۇقچە مەزمۇنلار قوشۇلمىغان، ئەينەن



بولماقنى بىلدۈرىدۇ.

مەسلەن: «مەن شۇنداق ئويلايمەنكى، مەن قۇلىقىڭىزنىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرگەن مەمەت ئاۋاق، سۇ قوشۇلمىغان، مەمەت ئاۋاق!». «قىزىقكەنسىز، تېلېۋىزوردىكى ئېلانلارنىڭ سۇ قوشۇلمىغىنى بولامدۇ؟ ئېلانغا سۇ قوشماي، كىشىلەرنى جەلپ قىلغىلى بولامتىكى؟»

应声虫 yìng shēng chóng **سۇنايچىلىق قىلماق**

مەنىسى: ھەمدەم بولۇشۇپ بەرمەك؛ پىكىر بايان قىلىش، لاپ ئۇرۇش ۋە تەرغىبات قىلىش قاتارلىقلاردا تولۇقلىما، كۈچەيتمە مەزمۇنلارنى دېيىشىپ دوست تارتىشىپ بەرمەكنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «شۇڭا سەنمۇ ئۇنىڭغا ماسلىشىپ، مەھەللە ئىچىدە، ھەدىسىنىڭ قىزى ئىكەن، ئالامەت ياخشى قىز ئىكەن، يولدىشى پالانى يەرنىڭ باشلىقى ئىكەن دەپ سۇنايچىلىق قىلىشىپ بېرىشىڭ كېرەكقۇ».

**سۇنى لېيىتىپ بېلىق تۇتماق**

浑水摸鱼 húnshuǐmōyú

مەنىسى: قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىپ، پايدا ئالماق؛ كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇپ مەقسىتىگە يەتمەكنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «بۇ ئوي شۇنداق بىر ئوي ئىدىكى، بۇ ئارقىلىق ئۇ دۈشمەنلىرىنى چامغۇر قازغاندەك قېزىپ چىقىرىپ، يوشۇرۇن خەۋپنى يوقىتالايتتى، ياقۇپبەگنىڭ كۆزىگە توپا چېچىپ، سۇنى لېيىتىپ بېلىق تۇتالايتتى».

**سۇنىڭ ئېقىشى، تۈكنىڭ يېتىشىغا قاراپ ئىش قىلماق**

顺水推舟 shùn shuǐ tuī zhōu

مەنىسى: ۋەزىيەتنىڭ راي ـ رەپتارىچە بولماق؛ مەلۇم كىشىلەرنىڭ جاھاننىڭ رەپتارىغا كىرىۋېلىپ ھەق ـ ناھەق، راست ـ يالغان، توغرا ـ خاتا بىلەن پەرۋايى بولماي، مەلۇم كىشى ياكى بىرەر ئىجتىمائىي گۇرۇھنىڭ خالىغىنى، كۆتكىنى نېمە بولسا ۋە قانداق بولسا شۇنىڭغا بېقىپ ئىش قىلماق، مۇناسىپ پوزىتسىيە-

ده بولماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «سۈنىڭ ئېقىشى، تۈكىنىڭ يېتىشىغا قاراپ ئۆزىمىزنى قايمۇقتۇرۇپ ئادەتلەنگەن نادانلىق ئەقىدىلەرگە مەھكەم ئېسىلىۋالساق، روناق تاپقىلى بولماسمىكىن، تەقسىر».

**سۆڭىكى بىزنىڭ، گۆشى سىزنىڭ**

مەنىسى: پەقەت مەجرۇھ قىلىپ قويماسلىق شەرتىدە بالىغا قانداق ئېغىر جازا قوللىنىپ، چىڭ تۇتسىڭىز بولىدۇ؛ تەربىيەتتە ئۇستازنىڭ تەن جازاسى ۋاجىپ دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

مەسلەن: «بالىنى جان ـ دىلىم بىلەن بەردىم، ئوچۇق قىلىپ ئېيتقاندا سۆڭىكى بىزنىڭ، گۆشى سىزنىڭ، تۇرسۇنئەلى ئۇكا، دېدى غوپۇرجان ئاكا كۆزىگە ياش ئېلىپ».

谨小慎微 jĭn xiăo shèn wēi **سېغىزخاندىن ساق**

سېلىشتۇرمىلىق ئىبارە، مەنىسى: ئىنتايىن ھوشيار، ئېھتىياتچان بولۇپ تۇرماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «ئۇنىڭ ئۇستىگە خوتۇن خەق دېگەننىڭ ئېتىكى ئوتلۇق، ئوت تۇتىشىپ قالغىلى ئارانلا تۇرىدۇ، بۇ تەرەپلەرگە سېغىزخاندىن ساق تۇرمايدىغان بولساق، ئۇ چاغدا ئۆزىمىزنى قويىدىغان جاي، پۇشايماننى ئالىدىغان قاچا تاپالماي قالىمىز».

抓小辫子 zhuā xiao biàn zĭ **سېكىلىكىدىن تۇتماق**

مەنىسى: بىراۋلارنىڭ ئاجىزلىقىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇجۇقتۇرمىغۇچە قويۇپ بەرمەسلىكنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «ئۇ، سېكىلىكىدىن تۇتقۇزۇپ قويۇشلاردىن ۋايىمىمۇ يەپ كەتمەيتتى، ھەق ـ ئادالەتنىڭ ئۆزى تەرىپىدە ئىكەنلىكىگە، مۇنداقچە ئېيتقاندا ئۆزىنىڭ ماڭغان يولىنىڭ توغرىلىقىغا ئىشىنەتتى».

安分守己 ān fèn shŏu jĭ **سىڭگەن ناننى يېمەك**

مەنىسى: ئىمكانىيىتىگە يارىشا شۈكۈر قىلىپ ياشىماق؛ ئىمكانىيەتتىن تاشقىرى ھېچقانداق ئىشقا بىھەۋەس بولماقنى



سۈرەتلەيدۇ. كۆپ ھاللاردا «سىڭگەن نېنىڭنى يە!»، «سىڭگەن ئۇمىچىڭنى ئىچ» دېگەن خىتاب تۇسىدە بىراۋلارنى نۆۋەتتىكى تۇرمۇشىغا قانائەت قىلىشنى، ئىمكانىيىتىدىن تاشقىرى ئىشلارغا ھەرگىز ئارىلىشىپ قالماسلىقنى تەۋسىيە قىلىدۇ. يەنە شۇنىڭدەك، بىراۋلار ئۆزىنىڭ شۈكرانىلىقتا ئۆزىگە تۇشلۇقلا ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈش يۈزىسىدىنمۇ ئېيتىلىدۇ.

مەسلەن: «چاشقاننىڭ ئۆلگۈسى كەلسە مۈشۈكنىڭ قۇيرۇقىغا ئېسىلىپتۇ، دېگەندەك بولدى، سىڭگەن ناننى يەپ يۈرگەن بولسا بۇنداق بولمايتتى».

墨汁未干 mò zhī wèi gàn **سىياھى قۇرۇماي تۇرۇپ**

مەنىسى: بىتىم ـ شەرتنامە ياكى ئەھدۇ پەيمان، ۋەدىلەر ئىجرا بولار ـ بولمايلا بۇزۇلۇشقا، ئۇنتۇلۇشقا يۈزلەنگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

مەسلەن: «بۈگۈن بۇ يەرگە ئۆزئارا چۈشىنىشىۋالساق دېگەن ئۈمىد بىلەن يىغىلىپ ئولتۇرۇپتىمىز، ‹11 بىتىم› تۈزۈلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ سىياھى قۇرۇماي تۇرۇپ كۆپچىلىكىمىز زىنداندا ياتتۇق».

鸡毛蒜皮 jī máo suàn pí **سىيگەن ـ چىچقان**

مەنىسى: تايىنسىز، ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارغىچە؛ ھەرىكەت ـ پائالىيەتلەرنىڭ جىمىسى، دېگەنلەرنى كۆرسىتىدۇ.

مەسلەن: «ئۇلارنىڭ سىيگەن ـ چىچقانلىرىنى يېزىپ يۈرمەي، تارازىدا تۇرغۇدەك بىر نەرسىلەرنى يېزىپ كېلىشىڭلار كېرەك، بولمىسا بىزنى ئىزدىمەڭلار»، «شۇنداق بىرلا ئالايسا ئۈچيۈز نەچچە ئۆيلۈك ئەزا ياپراقتەك تىترەيدىغان بىر دادا، جىمى ئادەمنىڭ سىيگەن ـ چىچقىنىغىچە كۆز سېلىپ، قۇسۇر تېپىشنى، ئەدەپلەشنىلا بىلىدىغان دادا، ئۆز قىزىنىڭ شۇنچە چوڭ ناشايان ئىشقا بېشچىلاپ كىرىپ كەتكىنىنى سېزىپ تۇرۇپمۇ سۈكۈت قىلغان».

安于一隅 ān yú yī yú **سىيىپ كىرىپ ئۇخلاپ قالماق**

مەنىسى: ھېچقانداق ئارتۇقچە ئىستەك، ئارمان ياكى تەمەلەرنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كەيىندىن چاپماي، ئىمكانىيىتىگە مۇناسىپ هالدا، ئۆزىنىڭ نۆۋەت-
تە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىنى، شۇنداقلا هۆددىسىدىن چىقالايدى-
غان ئىشنى قىلىش لازىملىقىنى كۆرسىتىدۇ.
مەسلەن: «ئۆزۈڭمۇ ئورۇقلاپ كۆتۈرەم (ئورۇقلاپ يىقىلىپ
قېلىش دەرىجىسىدە هالىدىن كەتكەن مال - ۋاران ياكى ئات-
ئۇلاغ) بولاي دەپ قاپسەن، ئورۇق كالىنىڭ پوقى چوڭ دەپ، يەنە
گېپىڭ يوغان بىر نېمىكەنسەن، ئاستاغىنا سىيىپ كىرىپ ئۇخلاپ
قالساڭ بولامدىكىن».

## ش

心猿意马 xīn yuán yì mǎ **شاختىن شاخقا قونماق**

مەنىسى: توختالغۇسىز، مەۋقەسىدە تۇرالماس، شاتىراق كىشى
ياكى شۇنداق مىجەز - خۇلقىنىڭ سۈرىتى.
مەسلەن: «بۇ ياخشى ئەمەس، ئادەم دېگەن بىر سۆزلۈك بولىدۇ،
شاختىن شاخقا قونۇپ يۈرمەيدۇ».

**شاكىلىنى تاشلاپ مېغىزىنى ئالماق**
去粗取精 qù cū qǔ jīng

مەنىسى: كېرەكسىز، ۋاقتى ئۆتكەن تەرەپلەرنى نەزەردىن سا-
قىت قىلىپ، زۆرۈر ياكى پايدىلىق تەرەپلىرىنى قوبۇل قىلىش
ئۇسۇلىنى كۆرسىتىدۇ.
مەسلەن: «گاهىبىر تارىخىي ۋە ئەنئەنىۋى هادىسىلەرنىڭ
شاكىلىنى تاشلىۋېتىپ، مېغىزىنى قوبۇل قىلىشىمىز لازىم،
ئەلۋەتتە».

**شامال دارىماق**

مەنىسى: نورمال، ياخشى كېتىۋاتقان كىشى ياكى نەرسىلەرگە
كېلىشمەسلىك كەلمەك؛ ئارا يولدا زەخمەت يېتىپ بىگانىلەش-



مەك، ۋەيران بولماقنى كۆرسىتىدۇ.
مەسلەن: «بۇ ئىش ياقۇپبەگكە يەتكۈزۈلسە ئۆزىنىڭ هاكىم-
بەگلىك ئورنىغىمۇ شامال دارىيتتى».

风前残烛 fēng qián cán zhú **شامالدا قالغان چىراغ**

مەنىسى: مەلۇم هاياتلىقنىڭ كۆز يۇمىقى مۇقەررەر بولۇپ
قالماق؛ يوقالمىقى قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا بولۇپ قالماق؛
بىرەر شەيئىنىڭ يوقالمىقى مۇقەررەرلەشمەكنى سۈرەتلەيدۇ.
مەسلەن: «سەمەت بالام، مېنى ئېلىپ كەت، مەن بىر شامالدا
قالغان چىراغ، مېنى ئۆچمەيدۇ دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟... مەن ئەمدى
خاپىلىق كۆتۈرەلمەيدىغان بولۇپ قالدىم».

一掷千金 yī zhì qiān jīn **شامالغا سورۇۋەتمەك**

مەنىسى: مەلۇم بىر ئىش - هەرىكەت ياكى ئەل- يۇرتىنىڭ
مېهنەتلىرىنى، هاسىلاتلىرىنى زايە قىلىۋەتمەك، ئەهمىيەتسىز
قىلىۋەتمەكنى بىلدۈرىدۇ.
مەسلەن: «شۇغىنىسى ئۇ مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، ئۆزلىرىنىڭ
تاپقان دۇنيالىرىنى شامالغا سورۇۋەتكۈدەك».

**شامالغا قاراپ ئارا ئاتماق**
顺风转舵 shùn fēng zhuǎn duò

مەنىسى: ئۆزى تونۇپ يەتكەن ياكى خالاپ تاللىغان مەۋقەلەردە
چىڭ تۇرىدىغان بولماستىن، بەلكى ئۆز مەۋقەسى يوق، پەقەت
جاهاننىڭ رەپتارى، خوجايىنىنىڭ چىرايىغا قاراپ هەرىكەتلىنىش،
تىرىكچىلىك قىلىشنى سۈرەتلەيدۇ.
مەسلەن: «قەشقەردىن پات - پات كېلىپ تۇرىدىغان ئايغاق-
چىلار بىرەر ئىشەنچلىك مەلۇمات ئەكەلگۈچە شامالغا قاراپ ئارا
ئېتىش، ئىلياس مىرزىنىڭ مۇددىئاسىغىمۇ، ئۆز پىلانىغىمۇ
مۇۋاپىق كېلىدىغان تاغ چوماقچىلىرىنى يوقىتىش ئىشىنى قولغا
ئېلىپ تۇرۇش نىيىتىگە كەلدى».

万无一失 wàn wú yī shī **شامال كىرمەسلىك**

مەنىسى: ناھايىتى ئىشەنچلىك، بەكمۇ مۇكەممەل؛ باشقا مەسىلىلەر ياكى دۈشمەن ئارىلاپ كېتىشلەر بولمايدۇ، دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: «تۆلەندىنىڭ يەتتە ئەۋلادى ‹قىزىل›لىقى راست، بۇنىڭغا شامال كىرمەيدۇ، لېكىن قىزىنىڭ نەق ئەكسىلئىنقىلابچى سالى بىلەن قېچىپ كېتىشى ئۇنى گۇمان ئاستىغا قويمىدى، دېگىلى بولمايدۇ».

鬼迷心窍 guǐmíxīnqiào **شەيتان ئارىلاشماق**

مەنىسى: ئىش - ھەرىكەتلەرگە يامان غەرەز - مۇددىئالار ئارىلىشىپ قالماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «بۇ پۇلنى خۇدا يولىدا ئۆز ئورنىنى تېپىپ سەدىقە بەرسىلە، ھەج قىلغانىنىڭ ساۋابىنى چوقۇم تاپىلا، ۋاقتى ئۆزىراپ كەتمىسۇن، بولمىسا بۇ ئىشقا شەيتان ئارىلىشىپ قالىدۇ».

志得意满 zhìdéyìmǎn **شەيتانغا تاش ئاتماق**

مەنىسى: بىراۋلار مەلۇم ئىشقا تەمشىلىپ يەڭ تۈرگەندە، باشقىلارنىڭ ئاشۇ ئىشنى ئاللىقاچان ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بولغانلىقىنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «سىز تاۋاپقا ئەمدى كەلگەن بولسىڭىز باشقىلار ئاللىقاچان شەيتانغا تاش ئېتىپ بولدى، — ئايال ھاياسىزلارچە ھەجايىدى، — ئەمدى بۇنى پېشانىڭىزدىن كۆرۈڭ، ئۆيدە ئادەم بار».

## غ

恨之入骨 hèn zhī rù gǔ **غانجۇغىدا كۆرۈشمەك**

مەنىسى: ئەسلىدە بىر سەپ، بىر تائىپىدە بولغانلارنىڭ ياكى قان - قېرىنداشلارنىڭ مەلۇم رەنج ياكى كۆڭۈل قىلىشلاردىن ئارىسى بۇزۇلۇپ، بۇ دۇنيادا ئەمدى ئەسلا كۆرۈشمەيدىغان، ھەتتا



بىر - بىرىنىڭ قارىسىنى كۆرۈشنىمۇ خالىمايدىغان بولۇپ كېتىشكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: «ئىككى يىل مابەينىدە گاھ ئۇنداق، گاھ مۇنداق كۆڭۈل قىلىشلاردىن قەتئىينەزەر، قۇمۇل، تۇرپان، پىچان دىيارلىرىدا زۇلۇم، ئىستىبدات ۋە تەڭسىزلىككە قارشى كۈرەش قىلىپ كەلگەن ئۇ ئىككى قوشۇن ئەنە شۇ جەڭدىن كېيىن بىر - بىرى بىلەن غانجۇغىدا كۆرۈشىدىغان ئەشەددىي رەقىبلەرگە ئايلاندى».

爬罗剔抉 pá luó tī jué **غەلۋىردىن ئۆتكۈزمەك**

مەنىسى: مەلۇم زۆرۈرىيەتتىن ئادەم ۋە نەرسىلەرنى بىر قېتىم ئەستايىدىل رەۋىشتە شاللاپ چىقماقنى كۆرسىتىدۇ.

有恃无恐 yǒu shì wú kǒng **غوجا تېمى بولماق**

مەنىسى: كەينىدە يۆلەنچۈك ھەمدەم بولغۇچى كۈچلۈك كىشى بار، دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: «بۇ ئادەم نېمىسى، قەيىرى بىلەن بىزگە مەسئۇل بولغۇدەك؟ كەينىدە غوجا تېمى بولسىلا باشلىق بولۇۋېرىدىغان گەپمىكەن؟».

虚应故事 xū yīng gù shì **غوجا كۆرسۇن قىلماق**

مەنىسى: بىرەر ئىش - ھەرىكەتنى ھەرگىزمۇ زۆرۈر خىزمەت سۈپىتىدە، ئىچكى ئىنتىلىش بىلەن تۇتماستىن، بەلكى خوجايىن ياكى يۇقىرى ئورگانلارنىڭ كۆزىنى بوياش، ئۆتكەلدىن ئۆتۈش ئۈچۈن، پەقەت باشقىلارغا كۆرسىتىش ئۈچۈنلا ئىشلەشتەك ھالەتنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەزىلىرى غوجا كۆرسۇن ئۈچۈن، بەزىلىرى ئوقۇتقۇچىدىن ئۇيالغىنى ئۈچۈن ئۆزلىرىنى تەبىئەتپەرۋەر قىلىپ كۆرسىتىپ يۈرۈشكەنىكەن، ئۇلار ئوقۇتقۇچى يۆتكىلىپ كېتىشى بىلەنلا ئارالچىغا كەلمەي قويۇشتى».

«مۇئاۋىن مۇدىر بولسىمۇ، كىم ئىشقا كەلمەيدىكەن، كەلسىمۇ ئىشنى غوجا كۆرسۇن قىلىپ پىلاننى ئورۇندىمايدىكەن، ئىش

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھەققىنى تۇتۇش لازىم».

**غوزا تاسقىماق** 好说歹说 hǎo shuō dǎi shuō

**مەنىسى:** يەڭگىل، ئاددىي ياكى تايىنىسىز بىر ئىشلارنى زور غەلۋە - غوۋغا، داغۋازلىقلار بىلەن قىلماق؛ تۇگمىنى تۆگە قىلىپ پورپاڭ سېلىپ، ئۆتكەللەردىن ئۆتۈۋالماق؛ ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ مەقسىتىگە يەتمەكنى سۈرەتلەيدۇ.

**مەسىلەن:** «بۈگۈن ئەسلىدە ئىش بېجىرمەيدىغان كۈن ئىكەنىدۇق، بىز بىلمەپتىمىز، شۇنداقتىمۇ بارغانىكەنمىز قۇرۇق ياناسقا تىرىشىپ، بىر قەپەس غوزا تاسقاپ يۈرۈپ، ئۇلارنىمۇ ئەيۋەشكە كەلتۈردۇق - دە، كىرىپ كەتتۇق».

**غۇلىچى تۇگەپ، غېرىچى قالماق** 功亏一篑 gōng kuī yī kuì

**مەنىسى:** ئاساسەن ئاخىرلىشىپ قالغان؛ مەلۇم نەرسىنىڭ زور، قىيىن تەرەپلىرى تۈگەپ، نەتىجە چىقىش پايانى كۆرۈنۈپ قالغانلىقىنى سۈرەتلەيدۇ.

**مەسىلەن:** «زىيان تارتىسىز، غۇلىچى تۇگەپ غېرىچى قالغاندا پۇلنى ئېلىۋالمەن دېگىنىڭىز نېمىسى؟ — قىز ئۇنىڭ بانكا ئۆسۈمى ھەققىدە ساۋاتى يوقلۇقىدىن تىت - تىت بولۇپ سۆزلىدى».

## ق

**قاپاققا قاراپ نوگاي سىزماق**

依样画葫芦 yī yàng huà hú lu

**مەنىسى:** ئۆز مەيلىچە تەقلىد قىلىپ، دورامچىلىق بىلەن يامان ھاسىلاتقا ئېرىشمەك؛ ئىجاد قىلماستىن، ئوخشىسا، ئوخشىمىسا دوراش بىلەن كۈن ئۆتكۈزمەك؛ خاتا چۈشەنچىنىڭ كەينىگە كىرىپ ناچار ھاسىلاتقا ئېرىشمەكلەرنى سۈرەتلەيدۇ.

**مەسىلەن:** «ئۇنداق كىشىلەرگە: دورىساڭمۇ كېلىشتۈرۈپ دو-



رىغىن، دوراشنى قاملاشتۇرالماي، قاپاققا قاراپ نوگاي سىزىپ يۈرمىگىن، دەپ ئەسكەرتىش كېرەك ئىدى».

**قاپقانغا چۈشمەك** 自投罗网 zì tóu luō wǎng

**مەنىسى:** سۈيىقەستكە ئۇچرىماق؛ ئالدىنىپ مەغلۇپ بولماقنى سۈرەتلەيدۇ.

**مەسىلەن:** «خۇددى چۆلدە قالغان تەنھا يولۇچىدەك تېڭىرقاپ قالغان موللاجى تۇراپ تۇتقۇن لەشكەرلەر قاتارىدا زىندانغا تاشلانغاندىلا، ئاندىن ئۆزىنىڭ ھاكىمبەگ قۇرغان قاپقانغا چۈشكىنىنى بىلىپ، لەۋلىرىنى قاتتىق چىشلىدى».

**قاتاردىن قالماسلىق**

**مەنىسى:** جەمئىيەت ياكى مەلۇم ئىجتىمائىي گەۋدىنىڭ ياكى ئېقىمنىڭ قاتارىدا تۇرۇشتىن شاللىنىپ قالماقنى كۆرسىتىدۇ.

**مەسىلەن:** «قارىسام ئوغۇل ساۋاقداشلىرىمنىڭ ھەممىسى ئاللىقاچان قىزلار بىلەن بىر جۈپتىن بولۇشۇۋاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ قاتاردىن قالماي دەپ يۈرۈپ باققانىدىم».

**قارا باستۇرماق** 插圈弄套 chā quān nòng tào

**مەنىسى:** كىشىلەرنى مەقسەتلىك ۋە پىلانلىق ھالدا مەلۇم ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىتىپ زىيان سالماق، ئويلىمىغاندا پالاكەتچىلىككە مۇپتىلا قىلماقنى بىلدۈرىدۇ. مەزكۇر ئىدىيوم گاھىدا چاقچاق رەۋىشتىمۇ كېلىدۇ.

**مەسىلەن:** «شۇنداق قىلىپ ئېرشاتلارنى مىڭ تەستە بىر قېتىم قارا باستۇردۇق دەڭلار، شۇنداق قىلىپ داستىخىنى ئانچە غورىگىل بولمىغاندۇ».

**قارا باسماق** 迷离恍惚 mí lí huǎng hū

**مەنىسى:** غەپلەت باسقان، گاراخ ھالدا ئۆز - ئۆزىنى نابۇت قىلىدىغان ئىشنى قىلىپ، زىيان تارتماق؛ كۆتۈلمىگەندە پېشكەللىككە ئۇچرىماقنى كۆرسىتىدۇ.

**مەسىلەن:** «تۆمۈر ئاكامنىڭ ئاقىۋىتىدىن نېمىشقا ئىبرەت

ئالمىغاندىمەن! مېنى ئەجەبمۇ قارا بېسىپتۇ، بولمىسىزە، نەمەت خەلپەت ئېيتىپ بەرگەن ھېكايىدىكى شىرنىڭ ئالدىغا ئۆز ئايىغى بىلەن بارغان ئېشەككە ئوخشاپ قالامدىمەن».

**قارماققا ئىلىنماق**

以蚓投鱼 yǐ yǐn tóu yú

مەنىسى: مەلۇم نەرسىلەرگە مەھلىيا قىلىپ قولغا كەلتۈرمەك؛ شەيدالىقىدىن پايدىلىنىپ ئېرىشمەكنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «بۇۋىمنى قارماققا ئىلىندۇرماق ئۇنداق ئاسان ئەمەس - دە، بۇۋىم سىلىنىڭ يانچۇقلىرىدىن چۈشۈپ قالغان ھەميانلىرى ئەمەسقۇ؟».

**قارماقنى ئۇزۇن تاشلاپ، بېلىقنىڭ چوڭىنى تۇتماق**

放长线钓大鱼 fàng cháng xiàn diào dà yú

مەنىسى: مۇخالىپلار ياكى يامان كىشىلەرنىڭ ئادەتتىكىچە ھەرىكەت - پائالىيەتلىرىگە چەك قويماي تۇرۇپ، تېخىمۇ چوڭ مەسىلىلەرنىڭ ياكى يامان كىشىلەرنىڭ ئاشكارىلىنىشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنماقنى كۆرسىتىدۇ.

مەسلەن: «بۇ مانجۇلار ئۆز ۋاقتىدىكى مانجۇلار بىلەن زادى ئوخشىمايدىكەن، سۆزسىز، بۇلار ئۇ چاغدىكى مانجۇلارغا كەتمەن چاپقانلارنى تېپىپ ئۆلتۈرمەي قالمايدۇ. پېقىرنى بۇ يۇرتقا ھاكىمبەگ قىلىشىمۇ قارماقنى ئۇزۇن تاشلاپ بېلىقنىڭ چوڭىنى تۇتۇش ئەمەسمۇ؟ دەيتتى نىياز ھېكىمبەگ».

**قارىغۇ مۈشۈككە ئۆلۈك چاشقان ئۇچرىماق**

瞎猫碰上死老鼠 xiā māo pèng shàng sǐ lǎo shǔ

مەنىسى: يارامسىز، قاتاردا يوق ھەمدە ئەسلا ئىزدەنمىگەن كىشىلەرگە تاسادىپىيلىقلاردا زور مەنپەئەت ياكى نەتىجىلەر ئۇچراپ كەتمەكلەرنى سۈرەتلەيدۇ. يەنە شۇنىڭدەك، بەزى ھاللاردا باشقىلارنىڭ ئۇتۇق، نەتىجىلىرىنى كەمسىتىندۈرۈشلاردىمۇ قوللىنىلىدۇ.

مەسلەن: «پالانىنىڭ شۇ دەرىجىگە يېتىشى، ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ بىلگەنلىكىدىن ئەمەس (ياكى بىلىمىدىن ئەمەس)، بەلكى قارىغۇ



مۈشۈككە ئۆلۈك چاشقان ئۇچراپ قالغاندەك قارىغۇ ئامەتتىن بولغان».

**قارىغۇنى ياردا قىستىماق**

趁人之危 chèn rén zhī wēi

مەنىسى: مەلۇم ئىش ياكى مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئىمكانىيىتى يوق، ھەل قىلىش چارىسى ياكى چامىسى يوق كىشىلەرنى شۇنداق ئىشقا زورلىماق.

مەسلەن: «نېمىدېگەن مۇتەھەملىك بۇ، قارىغۇنى ياردا قىستىغاندەك ھېچ نەرسىسى يوق پۇقرالارنى بۇنچە قىستىساڭ بولامدۇ؟».

**قازىنىدىكىنى سۈزۈپ بەرمەك**

肝胆相照 gān dǎn xiāng zhào

مەنىسى: كۆڭلىدە بارىنى دەپ قويماق؛ چۈشەنچە ۋە پوزىتسىيەلىرىنى ئەينىيىتىدە مەيدانغا چىقارماقنى بىلدۈرىدۇ.

مەسلەن: «نېمىشقا ئىشەنمەي، سىزگە پەقەت قازىنىمدىكىنىلا سۈزۈپ قويدۇم».

**قازىنىنى ئاسماق**

应机立断 yīng jī lì duàn

مەنىسى: مەلۇم بىر ئىشنى قولغا ئېلىشقا ئىدىيە جەھەتتىن يەك تۇرمەك؛ قىلماقچى بولغان ئىشنىڭ تەرەددۇتىدا، باشقا ئىشلارغا كاجلىق قىلىشقا تايىن تاپماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «نىجاتمۇ بۇلۇڭغا كىرىۋېلىپ ۋارقىرىغىنى بىلەن، ئەمدى ئۆزىنى تارتىشنىڭ، پەشنى قېقىشنىڭ قازىنىنى ئېسىۋاتىدۇ».

**قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا**

眉睫之祸 méi jié zhī huò

مەنىسى: ئۆلۈم - خەۋپ ياكى بالا - قازادەك كېلىشمەسلىكلەرنىڭ يېقىنلىقىنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «شۇنىڭ بىلەن بىر مەيدان قانلىق توقۇنۇشنىڭ يۈز بېرىشى قاش، كىرپىك ئارىلىقىدا قالدى».

**قاش بىلەن كىرپىك چىقارماق**

添枝接叶 tiān zhī jiē yè

مەنىسى: شەيئى، ھادىسىلەرنىڭ كەم - كۈتە، ئۇزۇن - قىس-

قىلىرىنى تولۇقلىماق؛ كۆپتۈرمەك، پەردازلاپ ھۆسن كىرگۈزمەكنى بىلدۈرىدۇ.

مىسالەن: «ئاخىر چاقچاقلىرىڭنىڭ راھىتىنى كۆرۈپسەن، ھېلىقى سېنىڭ گەپلىرىڭنى يىغىپ، قاش - كىرپىك چىقىرىپ يۈرگەن بالىنى ئۇنتۇما، جۇمۇ».

**قاشقا تارتماق** 一退六二五 yī tuì liù èr wǔ

مەنىسى: داۋاملىشىۋاتقان ئىش - ھەرىكەتتىن ئارا يولدا ۋاز كەچمەك، ئەھدە - پەيمان، ھەمكارلىقلاردىن باش تارتماقنى كۆرسىتىدۇ.

مىسالەن: «بىزدەك ۋىجدانى بار ئوغۇل بالىلار تۆت كۈندە ئۇنىڭ ئۇشۇقىنى چاقىدىغان گەپ، مەنمۇ تۆت كۈنلۈك ئالىمەن، ما يازغىچە خوتۇن قىلىپ ئاستا قاشقا تارتىمەن».

**قاقسا تولغىماق** 飞扬跋扈 fēi yáng bá hù

مەنىسى: مەلۇم ئىش - ھەرىكەتنى قىلىشقا ئەسلا مەيلى بولمىغان، مەجبۇرلانغان كىشىنىڭ شۇ ئىشنى قىلىشتىن باش تارتىپ، ئەتەي چاتاق چىقىرىش، ئىش بۇزۇشنى كۆرسىتىدۇ.

مىسالەن: «ئۇنداق ئاش دېسە يۈگۈرەيدىغان، ئىشقا سالسا قاقسا تولغايدىغان، لەمزىلەرنى گۇرۇپپىمىزغا يولاتمايمىز».

**قامچىسىغا تۈكۈرمەك** 悍然不顾 hàn rán bù gù

مەنىسى: ساۋاشقا، زۇلۇم سېلىشقا تەرەددۇتلانماق؛ مېڭىشقا تەقەززا بولۇپ تۇرماق؛ يېڭى مەنزىللەرگە ئاتلىنىشقا يەڭ تۈرمەكنى بىلدۈرىدۇ.

مىسالەن: «ئارىدا ئابدۇراخمان كۆككۆز ئەۋەتكەن ئىككى ئادەم قامچىسىغا تۈكۈرگەن پېتى يېتىپ كەلدى».

مىسالەن: «ۋاي، ۋۇي ماۋۇ گەپنى، قاچانلا كەلسەڭلار قامچاڭلارغا تۈكۈرۈپ كەتكىلى ئالدىرايسىلەر، ئەھلىمەھەللە بىلەن گۈڭ - مۈڭ قىلىشىپ كەتسەڭلەرمۇ بولىدىغۇ!».

«قامچا» ئىبارىسى زۇلۇم سېلىشقا سىمۋول قىلىنغاندا «قام-



چىسىدىن قان تامىدىغان، ياغلىقىدىن ياغ تامىدىغان» دېگەندەك تۈسلەردە قوللىنىلىدۇ.

**قانات ئاستىغا ئالماق** 阿党相为 ā dǎng xiāng wéi

مەنىسى: ھامىيلىقىغا، مۇھاپىزىتىگە ئالماق؛ بىراۋلارنى كۈچ - قۇدرەت، ئورۇنغا تايىنىپ يولسىز ھالدا قوغداپ قالماقنى كۆرسىتىدۇ.

مىسالەن: «سۇلۇكى ئىشقىيە يولىنى تۇتقان يېڭىسارنىڭ ھاكىمبېگى بۇ يۇرتتىكى مۇرىدىل ھىدايەتچىلەرنى قانات ئاستىغا ئېلىپ، سۇلۇكى ئىسھاقىيە مۇرىتلىرىنى تۈرلۈك باھانە - سەۋەبلەر بىلەن جازالاپ خانىۋەيران قىلغانىدى».

**قانات سۆرىمەك** 目挑心招 mù tiāo xīn zhāo

مەنىسى: ئىشقىي ھەۋەستىن ئاياللارنىڭ كەينىدە يۈرمەك، پوخورلۇق قىلماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مىسالەن: «كىچىك ئاخۇننىڭ كەنت تەۋەسىدە بىرەرسىگە قانات سۆرىگەنلىكىنى ئەزەلدىن تارتىپ ھېچكىم كۆرگەن، ئاڭلىغان ئەمەس».

**قانات - قۇيرۇق بولماق** 鞍前马后 ān qián mǎ hòu

مەنىسى: يېقىندىن ھەمدەم بولماق؛ پۇتىغا پۇت، قولىغا قول بولماقنى بىلدۈرىدۇ.

مىسالەن: «قايتىپ كەلگەندىن كېيىن كۆكتوقاينىڭ پۈتكۈل ھوقۇقى كەرمانباي ئىككىڭگە بېرىلىدۇ. قالغانلىرىڭلار مۇشۇ ئىككى كىشىگە قانات - قۇيرۇق بولىسىلەر».

**قانات - قۇيرۇق چىقارماق I** 添枝加叶 tiān zhī jiā yè

مەنىسى: گەپ - سۆز، ئىغۋا - ئۆسەكلەرگە تولۇقلىما، كۆپتۈرمىلەر قوشۇلۇپ، بېيىتىپ تارقالماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مىسالەن: «ئاخشامقى ‹مۇكاپاتنى يۇيۇش› ھېكايىسى مىڭ بىر كېچە چۆچەكلىرىدەك قانات - قۇيرۇق چىقىرىپ، ئۈچ قەۋەتلىك

بىنانىڭ بولۇك ـ پۇچقاقلىرىغىچە تارالدى».

**قانات ـ قۇيرۇق چىقارماق II**

羽毛丰满 yǔ máo fēng mǎn

مەنىسى: ئۆسۈپ يېتىلمەك؛ ئۆز ئالدىغا تۇرمۇش كەچۈرگۈدەك، مەلۇم كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇدەك ھالەتكە يېتىلمەكلەرنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «ئۇ ئالدىغا بىر قەدەم مېڭىپ قوللىرىنى شىلتىپ تۇرۇپ ئېيتتى: — سەن قانات ـ قۇيرۇق چىقىرىۋېلىپلا خالىغان يەردە ئۇچۇۋېرىمەن دەپ خام خىيال قىلمىۋاتامسەن؟».

**قانات ـ قۇيرۇقى تەڭشەلمەك** 羽翼已成 yǔ yì yǐ chéng

مەنىسى: بىراۋلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلگەنلىكىنى، بەلگىلىك قۇدرەتكە ئىگە بولۇپ، قاتارغا ئۆتۈپ قالغانلىقىنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «قانات ـ قۇيرۇقۇڭ تەڭشەلگەن ھامان سېنىڭ نەزىرىڭدە مەن يەنىلا پاقا ئالماس سار ياكى ساڭا ئۇچۇپ يېتەلمەيدىغان ئاقسا بولۇشۇم مۇمكىن».

**قانات ـ قۇيرۇقنى ئوڭشىماق** 藏器待时 cáng qì dài shí

مەنىسى: كۈچ ـ مادارىغا كېلىۋالماق؛ كەم ـ كۈتە، بوش ـ يېرىم تەرەپلىرىنى تولۇقلاپ، بارانغا كېلىپ قالماقنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: «ئوردىدىكى نىسپىي تىنچلىق ئاز كەم ئالتە ئاي داۋاملاشتى، بۇ جەرياندا قانات ـ قۇيرۇقنى ئوڭشىۋېلىشقا ئۈلگۈرگەن شاھزادە يولۋاسخان بىلەن خوجا ھىدايىتۇللا ئەمەلىكتە ئەسلىي قىياپىتىنى ئاشكارىلاشقا باشلىغانىدى».

**قايناتسا شورپىسى قوشۇلمايدىغان**

貌合身离 mào hé shēn lí

مەنىسى: ئەسلا قان – قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى يوق؛ مۇتلەق بىرلىك، ئورتاقلىقى يوق؛ ھېچقانداق باغلىنىش، مۇناسىۋىتى يوق، دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ. كۆپىنچە، ئورۇقداشلىق مەۋقەسىدە قوللىنىلىدۇ.



مەسىلەن: «ئۇلارنى بىز بىلەن بىر قازاندا يىللاپ قايناتسا شورپىسى قوشۇلمايدۇ».

مەسىلەن: «ماۋۇنىڭ ئۆزىنى ئاقسايلىق دەپكەتكىنىنى، — خىزىر زاڭلىق قىلىپ كۈلدى، — سېنىچۇ، قىرىق يىل قايناتسىمۇ قېنىڭ قېتىلمايدۇ».

**قەتلى ۋاجىپ بولماق** 罪该万死 zuì gāi wàn sǐ

مەنىسى: قايسىلا تەرەپتىن مۇلاھىزە قىلىنىسىمۇ، يەنىلا گۇناھى كەبىرلەرگە تولۇپ كەتكەن؛ گۇناھىدىن ئۆتۈپ بولمايدىغان كىشى، دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: «مەمەت قاراقچىلىقتىن خېلى ئايلار بۇرۇن قولنى ئۈزگەن، ئۇ خوتۇنى سەيرانىنى، ئايال قوشنىسى، تۆت كىتابتا قەتلى ۋاجىپ بولغان ھۆرى ئانىسىنى ئېلىپ، بۇ زېمىندىن ئايرىلغانىدى».

**قەسىمىنىڭ سۈيى قاچماق** 口血未干 kǒu xiě wèi gàn

مەنىسى: ئەسلىدىكى پولاتتەك قەسەملەرنىڭ مەلۇم ۋەزىيەت ياكى ھادىسىلەرگە ئۇچراش بىلەن، پەيدىنپەي سۇسلاشماق، بىكارلاشماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «لەۋلىرى بالىسىنىڭ يۇمران لەۋلىرى بىلەن بىرگە بەزمە تۈزگەندە، ئۇنىڭ چىنارەك ئىرادىسى تەۋرىنىپ، لىڭشىپ قالاتتى، پولاتتەك قەسىمىنىڭ سۈيى قېچىپ، خۇددى مومدەك يۇمشاپ قالاتتى».

**قەقچىنى تاتلىماق** 好事之徒 hǎo shì zhī tú

مەنىسى: ئۆتۈپ كەتكەن، ئۇنتۇلۇشقا يۈزلەنگەن دىل يارىلىرىنى تاتلىماق؛ بۇرۇنقى قىلغان ـ ئەتكەنلىرى، بولمىغۇرلۇقلىرىنى قايتا چۇخچىلىماقنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: «گېپىنىڭ ئاخىرىدا يەنە ‹سىزگىلا قاراپ قالدۇق، بۇ ئىش قوغۇنلۇقتا يۈز بەرگەن دىلوغا ئوخشايدىكەن›، دەپ مېنىڭ كونا قەقەچلىرىمنى تاتلاپمۇ ئۈلگۈردى».

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

含英咀华 hán yīng jǔ huá **قەنتنى چاقماق**

مەنىسى: مەشغۇل بولغان بىرەر ئىش ــ ئىۋقەت، ھەرىكەت ــ پائالىيەتنىڭ پايدىسىنى كۆرمەك؛ مەلۇم نەپ ــ مەنپەئەتلەرنىڭ لەززىتىنى سۈرمەكنى كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن: «ئىشنى بىز قىلغان تۇرساق، قەنتىنى سەن چاقامسەن؟».

满腹经纶 mǎn fù jīng lún **قورسىقىدا ئۇمچى بار**

مەنىسى: بىلىمى بار، بەلگىلىك تەجرىبە، ئىقتىدارغا ئىگە، دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: «ھازىر مىڭلاپ قورسىقىدا ئۇمچى بارلار پايتەمىسىنى سۆرەپ يۈرمەمدۇ»

诡计多端 guǐ jì duō duān **قورسىقىدا ئىلمىكى بار**

مەنىسى: چاتاقچى، سۇيىقەست ۋە ھىيلە ــ مىكىرلەرگە ئۇستا؛ ئاداۋەت ــ غۇملىرى كۆپ، غەرەزلىرى ئەلۋەك، دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: «پاھ، ئۇنىڭ قورسىقىدا ئىلمىكى نىمانچە تولا، پەخىرنىسادىن قۇتۇلالماي، ئىرى بار ئايال خالىئاينى قولغا قوندۇرالماي ئويلاپ تاپقان پەلتىكىسىنى كۆرۈڭ».

洞若观火 dòng ruò guān huǒ **قورسىقىدىكىنى تاپماق**

مەنىسى: بىراۋلارنىڭ كۆڭلىدىكى مۇددىئا ۋە ئويى، چۈشەنچىلىرىنى بىلىپ يەتمەكنى كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن: «سالاھىدىندەك ئادەملەر بۇنداق ئىشلارغا ئۆزىنى ئۇرۇپ تۇراتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ باشلىقنىڭ قورسىقىدىكىنى تاپالايتتى».

腹有鳞甲 fù yǒu lín jiǎ **قورسىقىغا جىن كىرمەك**

مەنىسى: بىراۋلارنىڭ خىيالىغا توساتتىن بىرەر ھىيلە ــ مەكىر ياكى باشقىچە ئىستەكلەر كىرىپ قالماقنى كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن: «ئۇ دەسلەپتە ‹تۇماق›نى تازا بىر ئەدەپلىمەكچى بولدىيۇ، بىردىن قورسىقىغا جىن كىرىپ، ئۇنى بىردەم شاڭخو قىل-



غۇسى كەلدى».

帮闲钻懒 bāng xián zuàn lǎn **قورسىقىغا كىرىپ چىقماق**

مەنىسى: بىراۋنىڭ كۆڭلىدىكىنى ناھايىتى ئىنىق بىلىپ يەتمەكنى كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن: «شاكىرنىڭ قورسىقىغا كىرىپ چىقسام، مېنى مەرداندىن كۆڭلەيدىكەن، گەپنىڭ ئوچۇقىنى قىلغاندا شاكىرغىمۇ قىزغانماسلىققا نېمە ئامال؟».

内外呼应 nèi wài hū yìng **قورغاننى ئىچىدىن بۇزماق**

مەنىسى: مۇخالىپ تەرەپ دۈشمەن كۈچلەرنى، بىرەر سىياسىي گۇرۇھ ياكى ئىجتىمائىي گەۋدىنى يوق قىلىشتا، شۇلارنىڭ ئۆز تائىپىسىدىكىلەردىن ھەمدەم تېپىپ، شۇلارنىڭ ياردىمىدە رەقىبىنى بەربات قىلماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «ئاپرىسوف: دەرۋەقە، خوجانىيازنى يېتىم قالدۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىككى قانىتىنى قايرىۋېتىش كېرەك، بىراق بۇنىڭ ئۈچۈن قورغاننى ئىچىدىن بۇزۇش لازىم، بىز بۇنىڭ چارىسىنى ئويلىشىپ قويغانمىز، دېدى».

**قوشتىن چىقىرىپ سۆرەمگە قاتماق**

丢下耙儿弄扫帚 diu xià pá ér nòng sào zhou

مەنىسى: بىر ئىشنى ئاخىرلاشتۇرۇپ بولۇشقا يەنە بىر ئىشنى تاشلاپ؛ ئۇدۇل كەلگەن خىلمۇ خىل ئىشلارغا ئارقىمۇ ئارقا سېلىپ، تىنىمسىز ئىشلەتمەكنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «كالىدەك ياۋاش خەلق، قوشتىن چىقىرىپ سۆرەمگە قاتساڭمۇ، شىللىسىغا مىنىۋالساڭمۇ جىم تۇرىۋېرىدۇ دېسە راستىمىكىن دەپتىمەن، تېخى».

**قوغۇنلۇقنىڭ يولى قىلماق**

مەنىسى: بىراۋلار ئۈچۈن مەلۇم مەنزىللەرنىڭ تىلغا ئالغۇچەلىقى يوقلۇقى ياكى ئەسلىدىكى ئۆزۈن مەنزىلنىڭ بەلگىلىك سەۋەبلەردىن قىسقىراپ كېتىشلىرىنى مۇبالىغە قىلىشتىن كېلىپ

چىققان.

مەسلەن: «راستىنلا بۇ قېتىم ئىچكىرىگە بېرىپ كەپسىلەر ــ دە؟!

ـــ ۋاي! تولا بېرىپ قوغۇنلۇقنىڭ يولى قىلىنىۋەتكەن يەرلەرغۇ ئۇ، فۇجۇنىڭ داڭلىق هارىقىدىن سىلەرنىڭ سالامەتلىكىڭلارغا ئاتاپ ئىككى رومكا ئىچىپ قويدۇم».

**قوقاسقا دەسسىۋالغاندەك** 惹火烧身 rě huǒ shāo shēn

مەنىسى: تۇيۇقسىز قاتتىق زەربە يەپ، ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «ئابلەكى هەدېمەيلا قوقاسقا دەسسىۋالدى، شۇنداق بولسىمۇ نائىلاج كۆلۈپ تۇرۇپ هېسامغا قايتارما هۇجۇمغا ئۆتۈشكە باشلىدى».

**قول سۇنسا يەڭ ئىچىدە قالماق** 阋墙御侮 xì qiáng yù wǔ

مەنىسى: بىراۋلارغا كەلمىش دەرد ــ بالالارنى داۋراڭسىز، تىپتىنچ ئۆتكۈزۈۋېتىشنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «ئەگەر ئاتا ــ ئانىمىزنىڭ قىلغىنى ئىش، يېگىنى ئاش بولسۇن دېسەڭلەر تىلىڭلار گال، پۇت ــ قولۇڭلار ئىتتىك بولسۇن، قولۇڭلار سۇنسا يەڭ ئىچىدە قالسۇن».

**قول ــ قانات بولماق** 如左右手 rú zuǒ yòu shǒu

مەنىسى: ئەسقاتماق؛ يار ــ يۆلەك بولماق؛ ئەقىل كۆرسەتمەكنى بىلدۈرىدۇ.

مەسلەن: «شۇنداق، راست ــ راست، بىزمۇ ئاڭلىغان، ـــ سورۇندىكى دەيدەيچىلەر هېسامغا قول ــ قانات بولۇشتى».

**قول قوۋۇشتۇرماق I** 拱手而降 gǒng shǒu ér jiàng

مەنىسى: بىركىمنىڭ خاتالىقنى بوينىغا ئېلىپ ئەپۇ سورىغانلىقنى هەمدە مەلۇم جاۋابلارغا ئىنتىزارلىقنى بىلدۈرىدۇ.

مەسلەن: «ئۇلار ئۆز خەلقى ئالدىدا بىر يولۋاس، زىتىغا ئەسلا تەگكىلى بولمايدىغان شىرلاردىن بولسىمۇ، ئامبال دارىن، خوجا-



يىنلار ئالدىدا قول قوۋۇشتۇرۇپ، بەللىرى مۈكچەيگەن قۇللاردىنلا ئىبارەت ئىدى».

**قول قوۋۇشتۇرماق II** 袖手旁观 xiù shǒu páng guān

مەنىسى: مەلۇم ئىشلارغا نىسبەتەن هېچقانداق پوزىتسىيە بىلدۈرمەي، قىلچە كارى بولماي، بىپەرۋا هالدا تۇرماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «شۇ تاپتا خوجا هىدايىتۇللا ئىشانىنىڭ قولىقىدا سۇلتان ئىسمائىلخانىنىڭ ئاستانە خەلقىنى قىرغىنچىلىقتىن ساقلاپ قېلىش هەققىدىكى تەلىپى جاراڭلاپ تۇرسىمۇ، ئۇ بىر چەتتە قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇراتتى».

**قولى خېمىردا** 殆无虚日 dài wú xū rì

مەنىسى: قولى بىكار ئەمەس؛ قولىدىكى ئىشتىن قول ئۈزۈپ، باشقىغا قاراشنىڭ مۇمكىنچىلىكى يوق تۇرماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «سىجاڭ توغرا ئېيتتى، دېمەك ئۇنىڭ قولى خېمىردا، بىز بىلەن سوقۇشۇشقا پۇرسىتى يوق. مۇشۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، بىزمۇ ئۆز ئىشىمىزنى قىلىۋېرەيلى».

**قولىغا خېنە يېقىۋالمىغان**

مەنىسى: قوللار پوملاقلىق، باغلاقلىق ئەمەس، هەر ئىشقا تەييار تۇرۇپتۇ، دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ.

مەسلەن: «كەلسە كېلىۋەرسۇن، مەن ئۇنى چىللاپ چىقىمىدىم، ئەتە چاشكا بىلەن مورىغا تېگىش قىلىمىز، بىز قولىمىزغا خېنە يېقىۋالمىدۇق».

**قولىغا سۇ قۇيۇپ بېرەلمەسلىك**

مەنىسى: مەلۇم بىر ئۆلچەم ئاستىدا بىر ئادەم بىلەن يەنە بىر ئادەم، بىر هادىسە بىلەن يەنە بىر هادىسە سېلىشتۇرۇلۇپ، بىرىنىڭ ناهايىتى يۇكسەكلىكتە ئىكەنلىكىنى ئېيتىش بىلەن يەنە بىرىنىڭ ناهايىتى تۆۋەندە ئىكەنلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەسلەن: «ئۇ ئايال چىراي جەھەتتە ئاپامنىڭ قولىغا سۇ قۇ-
يۇپمۇ بېرەلمەيتتى، لېكىن ئۇ روھلۇق، سالاپەتلىك كۆرۈنەتتى».

**قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولماق** 辅车相依 fǔ chē xiāng yī

مەنىسى: راۋۇرۇس ھەمدەم بولماق، كۆڭۈلدىكىدەك ئەسقات-
ماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «ئۇ، ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئىشخانىسىدا
ئىشلەۋاتقان مۇشۇ بىرنەچچە يىلدىن بېرى، نۇردۇن ھاكىمنىڭ
قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولۇپ كېلىۋاتاتتى».

**قولى كۆكسىدە** 拱手听命 gǒng shǒu tīng mìng

مەنىسى: بۇيرۇق، كۆرسەتمە، يېتەكچىلىكلىرىگە قاراشلىق
ھەم ئىنتىزار بولۇپ تۇرماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «بولىدۇ، جانابلىرىنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن قولۇم
كۆكسۈمدە، — دېدى باي»، «ياق، ياق ! ئەكسىچە، قەدەم تەشرىپىد-
ڭىز ئۈچۈن قولىمىز كۆكسۈمدە، ھەرقاچان».

**قولى ئىچىگە ئېگىلمەك** 党同伐异 dǎng tóng fá yì

مەنىسى: مۇناسىۋەتتە ھامان يېقىن - يورۇقلىرىغا، قاياشلى-
رىغا يان باسماق، ئۆز كۆمۈچىگە چوغ تارتماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «ھېلىمۇ تىلى كۆيۈپ كەتمەيدىكەن، — دېدى مۇر-
تاج ئاغام زەردە بىلەن، — قولىنىڭ ھامان ئىچىگە ئېگىلىدىغانلى-
قىنى كىم بىلمەيدۇ».

**قولىنى چىشلەپ قالماق** 后悔无及 hòu huǐ wú jí

مەنىسى: قاتتىق ئەپسۇسلانماق؛ نادامەت چېكىپ قالماقنى
سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «ئاغىنىلەر، قېنى باشقا كەلگەننى كۆرەرمىز، ھەرد-
كەت قىلايلى، ئولتۇرىۋېرىپ ئەتە - ئۆگۈن يەنە قولىنى چىشلەپ
قالىدىغان ئىش بولمىسۇن ! — دېدى ئۇ بىزنى ئالدىرىتىپ».

**قولىنى سۇۋۇتماق**

مەنىسى: ئىش - ئەمگەكلەردىن بوشاپ قالماق ياكى ئىش -



ئەمگەكلەردىن ئازاد بولماقنى كۆرسىتىدۇ.

مەسلەن: « ‹ۋاي باللىرىم، قېنى ئىشلەيلى !› دەپ قويسىلا قې-
رىغاندا قوللىرىنى سوۋۇتىدىغان مانا شۇلار ئەمەسمىدى، روزىنى
بىغەرەز، ئابدۇكېرىمنى ئەپەندى مىجەز دەپ چىشىغا تېگىدىلا».

**قولىنى يۇيۇۋەتمەك** 洗手不干 xǐ shǒu bù gàn

مەنىسى: ئىلگىرىدىن قىلىۋاتقان مەلۇم ئىش - ھەرىكەتلەر-
دىن ئۈزۈل - كېسىل قول ئۈزمەك؛ مۇناسىۋەت، باغلىنىشلارنى
ئۈزمەكنى بىلدۈرىدۇ.

مەسلەن: «شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆتمۈشتىكى قىلىقلىرىمنى
تاشلاپ، ئۇ ئىشلاردىن قولۇمنى يۇيۇۋەتكەنىدىم».

«ئاۋۋال ئادەم قويۇپ باق، ماقۇل دېسە، ئىشىڭ ئوڭغا تار-
تىپ، ئېشىكىڭ كۆۋرۈكتىن ئۆتكىنى، ياق دېسە، سەنمۇ زارىم بار
زورۇم يوق دەپ، قولۇڭنى يۇيۇپ قولتۇقۇڭغا ئېرتىۋېتىپ يولۇڭ-
غا كېتىۋېرىسەن».

«مېن بەختى قارادىن قول يۇۋدى قوۋمۇ قارىنداشىم، مۇدام
زەھرابە بولدىكى مېنىڭ ئاۋزىمدەكى ئاشىم. دۇئا ئەيلەڭكى مېن
تېزراق ئۆلەي، ھېچ يوقتۇر بەرداشىم، بۇ بىكەسلىكدە مېندەك
خانۇۋەيران بولماسۇن ھېچكىم» («رەھىم بابا مەشرەپ شېئىرلە-
رىدىن»).

**قولۋاق يۇدۇپ تاغقا چىقماق** 迭床架屋 dié chuáng jià wū

مەنىسى: قارىسىغا جاپا تارتىپ، بىھاجەت نەرسىلەرنى تەي-
يارلاپ يۈرمەكنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «ئوقۇش، ئۆگىنىش ۋە تەربىيەلىنىشلەردە كەم
بولسا بولمايدىغان زۆرۈر ئامىللارنى، شەرتلەرنى چوقۇم ھازىرلاش
كېرەك، ئۇلار ھازىرلانماي بىر ئادەمنىڭ يېتىلىشى ئەنجامىغا
يەتمەيدۇ. ئەمما، كىشىلىك ئۆمۈر ئۈچۈن بېرىلگەن ۋاقىت قىس-
قا، شۇڭىغا تەربىيەلىنىشتە تاغقا چىققۇچە قولۋاق يۇدۇپ قې-
لىشتىن ساقلىنىش لازىم».

**قوۋۇرغىسىنى ئەگمەك**

مەنىسى: بىمەنىلىككە ھەيرانۇھەس بولۇپ كەتمەك؛ تالڭ قىلىپ ئۆزىنى ئۇنۇتماق، دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ.

مەسلەن: «ئاجىز بولسا ئۇنى كىم ئەرگە تەگسۇن دەپتۇ، ئانىسىنىڭ كەينىدىن چىقماي ئۆيدە ئولتۇرسا بولمامدۇ؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە جىم ئولتۇرماي راست - پاس دەپ سايراپ كېتىدىكەن قوۋۇرغامنى ئېگىپ».

**قوينىنى پوچەك ياڭاققا تولدۇرماق**

空头支票 kōng tóu zhī piào

مەنىسى: تەجرىبىسىزلىكتىن، ئەقىلسىزلىكتىن بىراۋلار ئوقۇغان ئەپسۇن، تەرغىباتلارغا مەھلىيا بولۇپ، سۇ ئىچىدىن ئاي سۈزۈپ قالماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «سۇلتان ئەلى تاڭ ئاتقۇچە ئىككى گۈدەكنىڭ قوينىنى پوچەك ياڭاققا تولدۇرۇپ چىقىپتۇ، تاڭ ئېتىش بىلەن ئۇلار ئۇيقۇدا ياتقاندا ئوردىغا يۈگۈرۈپ كەپتۇ».

**قۇرغۇيۇڭ بولاي، پاختىكىك بولاي**

阿谀谄媚 ē yú chǎn mèi

مەنىسى: ئىشق سەۋدالىقىدا يالۋۇرماق؛ ئىلتىجالىق يولىدا ۋەدىلەر بەرمەكنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «بىر قانچە قېتىم ئىسمىتاخۇن ئىسمىلىك بىر نەرسىمۇ ئىشىكىمگە دوقۇرماي تۇرمىدى دېسىلە، بەلبېغىغا يوغان يېڭىسار پىچىقىنى ئېسىۋالغىنىچۇ تېخى، ئۇ ئۆزىچە قۇرغۇيۇڭ بولاي، پاختىكىڭ بولاي دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ يۈردى دېسىلە، مەن ئۇنىڭغا ئۇنامىدىغان».

**قۇرۇق ئەمچەك سالماق**

口惠而实不至 kǒu huì ér shí bù zhì

مەنىسى: موھتاجمەننى ئىشقا ئاشماس ۋەدىلەر بىلەن ئۈمىدلەندۈرمەك ۋە قۇرۇق ۋەدىلەر بىلەن ئۇنىڭ تەشنالىقىنى باسماقنى سۈرەتلەيدۇ.



مەسلەن: «ئۇ قاچانلا بولسا ئۇنداق، مۇنداق دەپ قۇرۇق ئەمچەك سالىدۇ، ئىشنى ھەل قىلمايدۇ، ئۇنداق باشلىقىڭنىڭ بولغىنىدىن بولمىغىنى مىڭ ئەۋزەل».

**قۇرۇق چاقماقتىن ئوت چىقارماق** 平地楼台 píng dì lóu tái

مەنىسى: زۆرۈر بەدەل تۆلىمەي، دەسمايە سالماي مەنپەئەتكە ئېرىشمەكنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «نەدە ھېمىشەملا قۇرۇق چاقماقتىن ئوت چىقىرىدىغان ئىش بولسۇن، بىرەر - بىر مۇشۇنداق كېلىپ قالىدۇ - دە».

**قۇرۇق ھارۋىنى ئەپقاچماق** 狂妄自大 kuáng wàng zì dà

مەنىسى: ئەتەي قەدرىنى ئاشۇرۇۋالماق؛ قەستەنگە گىدىيىۋالماق؛ كۆڭلىدە قايىل بولۇپ تۇرۇپمۇ، خېرىدارلىقىنى ئاشۇرۇش يۈزىسىدىن ئەتەي رەت قىلىپ، چالۋاقاپ كەتمەكنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «كېيىن ماڭا تىكىلىپ تۇرۇپ زەردە بىلەن گەپ قىلدى، ھارۋىنى تولا قۇرۇق ئېلىپ قاچماي، نەق گەپنى قىلايلى، نېمە جىنايىتىڭ بار؟ ئېيتە !».

**قۇرۇق ئۆستەڭگە مىراب بولماق** 投闲置散 tóu xián zhì sàn

مەنىسى: نامى بار، ئەمما ئەمەلىيەتتە مەنپەئەتى يوق ئىش - ئەمەل؛ نام - ئاتىقى يامان ئەمەس، ئەمما دېيەرلىك ئەھمىيىتى يوق مەنسەپ ئورۇنلىرىدا بولماق ياكى شۇنداق ھالالارغا ئېرىشمەكنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «چوڭ مەنسەپ بەرمەكچى، دارىن قىلماقچى، دارىن قىلغاندىمۇ قۇرۇق ئۆستەڭگە مىراب ئەمەس، قولىدا چېرىكى بار، دېسە گېپى ئۆتىدىغان، ئاتسا ئوقى يېتىدىغان دارىن قىلماقچى، بۇ خۇدايىمنىڭ ئۆزلەگە بەرگىنى، — دېدى لى شۇفۇ مۇلايىملىق بىلەن».

**قۇشقۇنغا پوق كەپلەشمەك** 临渴掘井 lín kě jué jǐng

مەنىسى: جىددىيچىلىك تۇتقاندا يەنە باشقا بىر ئىشلار قىستاپ كەلمەك؛ بىرەر ئىش - ھەرىكەت بىلەن مەشغۇل بولۇشنىڭ شەر-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تى ۋە پەيتىنى كەتكۈزۈپ قويۇپ، دەرھال بىرتەرەپ قىلمىسا بولمايدىغان ۋەزىيەتكە قادىلىپ كەلگەندە جىددىيچىلىكتە تىپىرلاپ قالماقنى كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن: «ئۇنىڭ نەزىرىدە شۇ تاپ ئۆزى بىلەن قېرىشىۋاتقىنى تەقدىر ئەمەس، بەلكى ئاشۇ تايىنى يوق، قارغىش تەگكۈر چاقىرغۇدەك سېزىلەتتى، بۇرۇنمۇ ئەمەس، كېيىنمۇ ئەمەس، تازا قۇشقۇنغا پوق كەپلەشكەندە ۋىتىلدىغىنىنى قارىمامدىغان بۇنىڭ».

**قۇشقۇنغا ئولتۇرماق** 斂足不前 liǎn zú bù qián

مەنىسى: مەلۇم بىر ئىش - ھەرىكەتنىڭ بىر باشقا چىقىشىدا ئاشۇ ئىشنىڭ ئاساسلىق ئىشتىراكچىلىرىدىن بىرى ياكى بىرنەچچىسىنىڭ پاسسىپ ھالەتكە چۈشۈۋېلىشى تۈپەيلىدىن، مەزكۇر ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئىلگىرىلەش سۈرئىتىگە توسالغۇ بولۇش رولىنى ئاتقۇرۇۋاتقانلىقىنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «نېمە دەيدىكىن دەپتىمەن، شۇ گەپمىدى؟ ئەگەر باشتىن - ئاخىر شۇ ئىرادەڭلەردىلا تۇرۇپ، قۇشقۇنغا ئولتۇرۇۋالماي يۈرەكلىك ئىشلەيدىغان بولساڭ، مەنمۇ سېنى قوللايمەن».

**قۇشقىچىنى قورۇماق** 代为说项 dài wéi shuō xiàng

مەنىسى: مەلۇملارغا خالىسانە ۋە سەمىمىي خىزمەت ياكى ياردەملەردە بولماق؛ بىراۋلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئۇلار يوق سورۇنلاردا ياخشى تەرىپلىرىنى قىلماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «ھەرقايسىڭلار بىزگە كۆپ ئاتىدارچىلىق قىلدىڭلار، ئۇزۇندىن بۇيان قۇشقىچىمىزنى قورۇپ كېلىۋاتىسىلەر، ئىگىسى تىلىكىمىزگە يەتكۈزسە بىزمۇ سىلەرنىڭ قىلغانلىرىڭلارنى، راپاۋەتلىرىڭلارنى قايتۇرارمىز».

**قۇلاق قېقىشماق** 交头接耳 jiāo tóu jiē ěr

مەنىسى: ئاستىرتىن كېلىشىۋالماق؛ مەسلىھەتنى خۇپىيانە پىشۇرۇۋالماقنى كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن: «ئۇ ئىچىدە ‹نېمە ئۈچۈن سىڭىللارنىمۇ چاقىرغانىدىمەن›، دەپ ئۆزىنى ئەيىبلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن ‹مۆمىن، سىڭىللار بىلەن قۇلاق قېقىشىۋاپتۇ›، دېگەنىنىمۇ كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى».



**قۇلاقنى يوپۇرماق** 充耳不闻 chōng ěr bù wén

مەنىسى: مەلۇم مەسىلە ياكى ۋەزىيەتنى ئېنىق بىلىپ تۇرۇپمۇ ئۇنىڭغا ئېتىبار قىلماي، ئۆز سەنىمىگە دەسسەپ كېتىۋەرمەك؛ بىراۋلارنىڭ ھەق پىكىر، ئورۇنلۇق مەسلىھەتلىرىنى ئېتىبارسىز قالدۇرۇپ، ئاڭلىماسقا، كۆرمەسكە سېلىپ بىپەرۋا يۈرمەكلەرنى كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن: «يۇرتىنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە قۇلىقىمىزنى يوپۇرۇۋالساقمۇ بولماس، لېكىن بىر شەرتىم بار، ئوتتۇز پارە قۇرئاننى تۇتۇپ تۇرۇپ قەسەم ئىچىڭلار، دېدى».

«بىكار تاماق يەيدىغانلار، دېگەندەك تىل - ھاقارەتلەر دېلوپاش قىلىش گورۇپپىسىدىكىلەرنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ تۇرسىمۇ، قۇلىقىنى يوپۇرۇپ يۈرۈۋەردى، ھەرگىز خاپا بولۇپ كەتمىدى».

**قۇلىقى ياداپ كەتمەك** 舌敝耳聋 shé bì ěr lóng

مەنىسى: مەلۇم بىر گەپ - سۆز ياكى پىكىر مەزمۇنلىرىنى تولا ئاڭلاپ، بىزارلىق دەرىجىسىگە يەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن: «ھېلىقى خانىمىنىڭ گەپلىرىدىن قۇلىقىم ياداپ كەتتى، ئاخىر ئىچىمگە پاتقۇزالماي ‹ئامېرىكا سۈت پاراشوكىنى چالىدىغان سۈيىڭىز جۇڭگونىڭدۇ؟› دەۋەتتىم».

**قۇم چالمىسى ئېزىلمەك** 化为泡影 huà wéi pào yǐng

مەنىسى: ئاساس ياكى دەستەكلىرى يوق بولماق؛ قورققان، ئەندىشە قىلغان ياكى ئىشەنچ قىلالمايۋاتقان ھالقىلاردىن كاشىلا چىقىپ، پېتىدىن چۈشۈشكە مەجبۇر بولماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «ناۋادا بوگۇنمۇ قەسىرىمگە قەدەم باسمىغان بولسا، ئاران - ئاران دەسسەپ تۇرغان قۇم چالمام ئېزىلىپ، يۈزۈمنى داپتەك قىلىپ، پىر بۇزرۇكلۇك ئاتاق - ئابرۇيىمنى پايمال قىلىپ، خان ئوردىسىغا بارغان، خان ئەتراپىدىكى ئاشۇ پەس، ئا-

سىيلار ئالدىدا شەرمەسار بولغان بولاتتىم».

**قۇم چالمىغا دەسسىمەك** 鸡烂嘴巴硬 jī làn zuǐ bā yìng

**مەنىسى:** ئۆز ئىش ـ ھەرىكىتى ياكى دەلىل ـ پاكىتلىرىغا ئىشەنچىسى يوق تۇرۇقلۇقمۇ، يەنە ئۇلار ئۈستىدە جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرۇش ياكى ئىشەنچىسى بولمىغان ھالدا جاھىللىق بىلەن تىركەشمەكنى سۈرەتلەيدۇ.

**مەسلەن:** «بولىدۇ، شۇنداق قىلايلى، ـــ دېدىم مەن تازا ئىشەنچ قىلالمىساممۇ قۇم چالمىغا دەسسەپ تۇرۇپ، شۇ تۇرقۇمدا بەش يۈز سومنى ئۇتتۇرۇۋېتىش ۋەسۋەسىسى ۋۇجۇدۇمغا ھۆكۈمران ئىدى».

**قۇم چېچەكلىگەندە** 铁树开花 tiě shù kāi huā

**مەنىسى:** ئەمەلىيەتتە بولمىقى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، جاھاننىڭ رەپتارى، ئالەمنىڭ قانۇنىيىتىدە مۇنداق ئىش زىنھار يوق، دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ.

**مەسلەن:** «سىز دەۋاتقان كۈنلەر تۆگە قۇيرۇقى يەرگە يەتكەندە، قۇم چېچەكلىگەندە بولارمۇ؟ دەپ سورىسا مۇسا شۇجى تېرىكىپ كېتەتتى».

«راستتىنلا مەن تېخى قۇم چېچەكلىگەندە، تۆگىنىڭ قۇيرۇقى يەرگە تەگكەندە پۈتەمدىكىن بۇ توپلەي دەپ يۈرەتتىم، ـــ چېقىشتى ئىززەتخان».

**قۇيرۇق شىپاڭلاتماق** 唯唯诺诺 wéi wéi nuò nuò

**مەنىسى:** كۆچۈكلەنمەك؛ بىراۋلارغا خۇشامەت قىلىپ، يېقىشقا ئۇرۇنۇپ يۈرمەكنى سۈرەتلەيدۇ.

**مەسلەن:** «ئۆزلىرىنى ياقۇپبەگنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرغان ۋە ئاقسۇنى ئۇرۇشسىز ئېلىپ بېرىمىز دەپ يەتكۈچە لاپ ئۇرغان ياقۇپبەگكە قۇيرۇق شىپاڭلاتقانلار ئىچىدە راشىدىن خاننىڭ ۋەزىرى توختى ئىشىكئاغا بېگىمۇ بار ئىدى».

**قۇيرۇق كۆرسىتىپ، ئۆپكە ساتماق**



挂羊头卖狗肉 guà yáng tóu mài gǒu ròu

**مەنىسى:** ئاغزىدىكى تەشۋىق ـ تەرغىباتى بىر تۈرلۈك، ئەمەلىيىتى يەنە بىر تۈرلۈك بولماق؛ ياخشىنى ئەۋرىشكە قىلىپ، ناچارنى ئۆتكەلدىن ئۆتكۈزمەكنى سۈرەتلەيدۇ.

**مەسلەن:** «ئۇلار بۇ قېتىممۇ كونا ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ، قۇيرۇق كۆرسىتىپ، ئۆپكە ساتقانىكەن، بۇنى بايقىمايلا كەينىدىن ئەگىشىۋېرىپتىمىز، ئالدىنىش بىزگە بەخشەندە بولغان ئىشمىكىن، دەپ قالىمەن».

**قۇيرۇقنى تالىماق** 自怨自艾 zì yuàn zì yì

**مەنىسى:** ئۆز ـ ئۆزىگە خاپا بولماق، قاتتىق ئەپسۇسلۇقتا ئۆز ـ ئۆزىنى ئەدەپلەپ، ئەيىبلەپ، بوغۇلۇپ يۈرمەكنى كۆرسىتىدۇ.

**مەسلەن:** «خاموش ماڭقا ‹ۋايجان، ۋاي توۋا› دەپ يوتقانغا چۈمكىنىپ ياتاتتى، نىياز دورغا نېمە قىلىشىنى بىلمەي ئۆز قۇيرۇقىنى ئۆزى تالايتتى».

**قۇيرۇقنى خادا قىلماق** 逃之夭夭 táo zhī yāo yāo

**مەنىسى:** قېچىپ كەتمەك؛ ئۆزىنى چەتكە ئالماق؛ بىرەر كېلىشمەسلىكتىن ئۈركۈپ كېتىپ قالماقنى سۈرەتلەيدۇ.

**مەسلەن:** «ئاۋۇ لېتىپ دېگەن نېمە ئۇنى ئىدارىسىگە يۆتكەيمەن دەپ ئىككى يىلغىچە ئەخمەق ئېتىپ، قۇيرۇقنى خادا قىلدى. ھاشىم دېگەن سودىگەرمۇ ئۇنى تاشلاپ ياشقىنا خوتۇن ئېلىۋالدى».

**قۇيرۇقنى دىڭگايتماق** 唯我独尊 wéi wǒ dú zūn

**مەنىسى:** مەلۇم ئاساسلاردىن كېرىلىپ چوڭچىلىق، كۆرەڭلىك قىلماقنى سۈرەتلەيدۇ.

**مەسلەن:** «باللىق قىلماڭلار، ئۇنچىلىك بىر تايىنىسىز ئىشقا قۇيرۇقىڭلارنى دىڭگايتىۋالساڭلار بولمايدۇ، سەت بولىدۇ».

**قۇيرۇقنى قۇم باسماق** 槁木死灰 gǎo mù sǐ huī

**مەنىسى:** دەۋرانى تۈگەپ، زاۋال تېپىشقا يۈزلەنگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەسلەن: «مۇنداق چاغلاردا ئۇ ئاللىقاچان قويرۇقىنى قىسىپ كەتكەن بوۋىلىرىنى بىر ئەسلەيتتى - دە، ‹بۇ ئالەم ئۆزۈن ئالەم كۆرىمىز تېخى !› دەپ قوياتتى».

**قۇيرۇقىنى قىسماق** 按行自抑 àn xíng zì yì

مەنىسى: جېدەل - ماجىرالارغا ئارىلىشىپ قېلىشتىن ئۆزىنى تارتماق؛ تىنچلىقنى خالاپ، ئۆزىنى ئاياپ يۈرۈشلەرنىڭ كويىغا چۈشمەكنى كۆرسىتىدۇ.

مەسلەن: «ئەلچىلەرمۇ بىر بېسىپ - ئىككى بېسىپ، راۋان بولدى يولىغا قۇيرۇق قىسىپ. شۇ زامانلا ئاتلاندى بەش يۈز كىشى، قېنى ياۋنىڭ بارمىكىن مىڭ بىر بېشى؟».

**قۇيرۇقىنى كۆتۈرۈپ بەرمەك** 隐恶扬善 yǐn è yáng shàn

مەنىسى: بىراۋلارنىڭ چۈشەنچە، مەۋقەلىرىنى توغرا ھېسابلاپ، ئىش - ھەرىكەتلىرىنى يوللۇق بىلىپ يان باسماق؛ ئۇلارغا ئارقا تىرەك بولماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «بىزنىڭ ھەرۋاقىت نەۋرىلەر مەيدانىدا تۇرۇۋېلىشىمىز ئىش بۇزىدۇ، ئەمدى بىز باغرى يۇمشاقلىق قىلىپ نەۋرىلەرنىڭ قۇيرۇقىنى كۆتۈرۈپ بەرمەيلى، ئۇلارنى ئورۇنسىز ھالدا مۇشەققەتلەردىن قاچۇرۇپ قانات ئاستىغا ئالمايلى».

**قۇيقا چېچى تىك تۇرماق** 怒发冲冠 nù fà chōng guàn

مەنىسى: قاتتىق غەزەپلەنمەك؛ ئاچچىقتىن جان - پېنى چىقىپلا كەتمەكنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «ۋەلىخان تۆرە قەشقەرگە كىرىپلا بۇزرۇكخان تۆرىگە بەرگەن ۋەدىسىگە ۋاپاسىزلىق قىلىپ، كوچا - كويلارغا سۇنايچىلارنى چىقىرىپتۇ ۋە ‹زامان، زامان، ۋەلىخان تۆرەمنىڭ زامانى› دەپ جار سالغۇزۇپتۇ. بۇ ھالنى كۆرۈپ قۇيقا چاچلىرى تىك تۇرۇپ كەتكەن ياقۇپبەگ بۇلارنى بىر يەرگە جەم قىلىپ، ناغرا - سۇنايچىلارنى قىلىچتىن ئۆتكۈزۈپتۇ. ۋەلىخان تۆرىنى يېڭىسارغا ئەۋەتىپ كۆزدىن يوقىتىپتۇ».



**قېتىقنى پۈۋلەپ ئىچىدىغان** 惩羹吹齑 chéng gēng chuī jī

مەنىسى: دىل ئازارى ۋە دەرد - ئەلەملەرنى تولا تارتىپ، بەكمۇ يۈرەكئالدى بولۇپ كەتكەن، دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ.

مەسلەن: «ئارقا - ئارقىدىن كېلىۋاتقان مىسلىسىز سىياسىي ھەرىكەتلەر زىيالىيلارنى قېتىقنى پۈۋلەپ ئىچىدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويغانىدى».

**قېتىقى ئۇيۇماسلىق**

مەنىسى: «كۆنەلگۈسى ئۇيۇماسلىق» بىلەن ئوخشاش.

**قىلتاقتا دەسسىمەك** 自投罗网 zì tóu luō wǎng

مەنىسى: يوشۇرۇن ئورۇنلاشتۇرۇلغان سۇيىقەست - ھىيلىگە ئالدانماق؛ پۇتلاشلارغا ئۇچرىماق؛ مەلۇم ئازدۇرۇشلار تۈپەيلىدىن رەقىپلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالماقنى كۆرسىتىدۇ.

مەسلەن: «ھە شۇنداق، ئاڭلىغان كونا سوت كادىرى، ئادىل ئىشلىگەن، نېمىدەپ مۇنداق قىلتاقتا دەسسەپ يۈرىسىز؟ بەك ئۇۋال بوپتۇ، ئاشۇ يۇسۇپ ئەڭگۈشتەر دېگىنى ئەسلىي يوق ئادەم، يالغان ئىسىم بىلەن سىزنى ئالداپتۇ».

**قىلنى قىرىق يارماق** 明察秋毫 míng chá qiū háo

مەنىسى: ئىش - ھەرىكەتنى ئورۇنداش ھەرىكىتىدىكى ئەستايىدىللىقنى، بىلىش ئۈستىدىكى ئىزدىنىشنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «گەرچە ئىش شامال كىرمىگۈدەك ئۈستىلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما قىلنى قىرىققا يارىدىغان ياقۇپبەگ ئويلىمىغاندا يۈز بەرگەن بۇ ۋەقەنىڭ ئۆتمۈشىگە قىزىقماي قالدى».

**قىنىغا چۈشۈرمەك** 按行自抑 àn xíng zì yì

مەنىسى: ھەددىدىن ئاشقان، تاپتىن چىققانلارنى ئەدەپلەپ، قائىدە - يوسۇنلارغا بوي سۇنىدىغان، ئۆزىنى سورايدىغان قىلماق: ئەسلىي بولۇشقا تېگىشلىك ھالدىن ھالقىپ كەتكەنلەرنى نورمال-

لىقتا كەلتۈرمەكنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «ئەگەر قولانغا ئۆزىنىڭ ئۆيلىگىنىنى دېسە، ئۇ چۈشەنمىسىچۇ، ئۇ چاغدا ئۇنى قىنىغا چۈشۈرۈشنىڭ ئامالى بولماسمىكىن!».

**قىيىن كېچىككە سالماق** 七推八阻 qī tuī bā zǔ

مەنىسى: ئىنتايىن كۆپ ئەجىرلەر بىلەن روياپقا چىقىدىغان ئەمگەك يولىغا كىرمەك؛ ئىشنىڭ تەس، مۇشەققەتلەر بىلەن پۈتىدىغان يولىغا چۈشمەكنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: « تەرجىمە خىزمىتىنى سۈنئىي رەۋىشتە قىيىن كېچىككە سېلىپ قويغانلىقىنىڭ تەسىرى ھازىرمۇ تەرجىمانلارنىڭ مېڭىسىدىن چىقىپ كەتمىگەندەك قىلىدۇ».

## ك

**كاسىسىغا ئۇرۇپ تاپماق** 乡壁虚造 xiāng bì xū zào

مەنىسى: ئويدۇرمىچىلىق قىلماق؛ يالغان - ياۋىداق سۆزلەرنى قۇراشتۇرۇپ چىقماقنى كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن: «مەسىلەن نېمە ئىشنى؟ — مۇسەلىم تاماكا ئىسىنى ئاغزى - بۇرنىدىن چىقىرىپ تۇرۇپ سورىدى. ئۇ خوتۇن كىشى دېگەن كاسىسىغا ئۇرۇپلا گەپ تاپىدۇ دەپ ئويلايتتى».

**كالا ھارۋىسىدا توشقان تۇتماق**

不怕慢只怕站 bù pà màn zhī pà zhàn

مەنىسى: ئىش - ھەرىكەتكە ئەستايىدىل ۋە جىددىي كىرىشمەيدىغاندەك قىياپەتلەرگە كىرىۋېلىپ، مەقسەتلىرىنى مەخپىي تۇتۇپ، زادىلا ئالدىرىماي - تېنىمەي، كۆزلىگەن مەقسەتلىرىگە يەتمەكنى كۆرسىتىدۇ.



مەسىلەن: «سىلەر راستىنلا ئۆتكەنگە سالاۋات دەمسىلەر؟ شېڭزىخۇيىنىڭمۇ ياڭ جاڭجۇنگە ئوخشاش كالا ھارۋىسىدا توشقان تۇتىدىغانلىقىنى كىم بىلمەيدۇ؟ رەھمەتلىك تۆمۈر خەلپىنىڭ ئىسىق قېنى ھېلىمۇ بۇرنىمىزغا پۇراپ تۇرۇپتۇ».

**كالتە قوشۇقنىڭ سېپى تەگمەك** 浮名薄利 fú míng báo lì

مەنىسى: ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارغا ئىگىدارلىق قىلغۇدەك ۋەزىپە ۋە ئىمتىيازلار تەگمەك؛ ئانچىكى بىر ئىشلارغا مەسئۇل بولۇپ قالماقنى كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن: «يەنىلا قەدرىمنى بىلمەيسەن، ھەممىلا يەردە سەنلا ئۆچۈن كەتمەن چېپىپ، ياقا يىرتىپ يۈرگىنىم يۈرگەن، قولۇمغا كالتە قوشۇقنىڭ سېپى تېگىپ قېلىۋىدى، ئىشقا كېچىككەن يەرلىرىڭنى پەردازلاپ كېتىۋاتىمەن».

**كالىنىڭ قۇلىقىغا ساتار چالماق** 对牛弹琴 duì niú tán qín

مەنىسى: بىھۇدە ئىش قىلماق؛ قارشى تەرەپنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ باقماي، گەپ - سۆز قىلىشتا كۈچەپ كەتمەكنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «توۋا، ماۋۇ ئىشنى كۆرسىلە، يېرىم كۈنىنىڭياقى بىز كالىنىڭ قۇلىقىغا ساتار چېلىپتىمىز ئەمەسمۇ؟ ئىسىت، ئىسىت ئەقىدەم، — دېدى موللاخۇن».

**كانىيىغا ئېسىلماق** 扼喉抚背 è hóu fǔ bèi

مەنىسى: جاۋابكارلىقتا تارتماق؛ يەڭ تۇرۇپ ھېسابات ئالماقنى كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن: «ئۇ تاماكىسىنى قاتتىق بىر شورىۋالدى - دە، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئۇكام ھازىر غىلاجىدىن ئىقتىسادىي ئىشلارنى ئېنىقلاش باھانىسى بىلەن كانىيىمىزغا ئېسىلدى».

**كاۋاك چالمىسى** 滥竽充数 làn yú chōng shù

مەنىسى: مەلۇم ئادەم ياكى نەرسىلەر ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى بوش ئورۇننى تولدۇرۇش ئۈچۈن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئىشلىتىلمەك؛ جامائەتكە بىئەپ كۆرۈنۈپ تۇرغان بوشلۇقلارنى تولدۇرۇپ، نورماللىق يارىتىش ئۈچۈن بولماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «بەزىلەر رۇبائىي قىسقا قۇرلۇق، خەلق قوشىقى ۋەزنىگە يېقىنراق بىر ۋەزىندە يېزىلغىنى ياخشى، بۇنىڭدا پىكىرنى بوغماي ئازادە ئىپتىقلى، ئۇنى ئەستە ئاسان قالدۇرغىلى ۋە بىر قىسىم ‹ئەگەر ــ مەگەر› قاتارلىق كاۋاك چالمىسى ۋە مىسرا توشقۇزۇش سۆزلىرىدىن قۇتۇلغىلى بولىدۇ، دېيىشىدۇ».

**كەتمىنىنى چاپماق** 溜须捧盛 liū xū pĕng shèng

مەنىسى: بىراۋلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ، مۇلازىمىتىدە بولماق؛ ئۇلارنىڭ ئىش ــ ئوقىتىنىڭ يۈرۈشۈشى ئۈچۈن كۈچ چىقارماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «ياقۇپبەگنىڭ ئۆزىمۇ دەل مۇشۇ يولدىن مېڭىپ كەلدى، ئۆز ۋاقتىدا خۇدايارخاننىڭ ھىممىتىگە ئېرىشىپ ئۇنىڭ كەتمىنىنى چاپتى، خۇدايارخاندىن ئامەت كېتىۋىدى، ئۇنىڭ رەقىبى مەللىخاننىڭ پېشىنى تۇتۇپ خوجەنتنىڭ ھاكىملىقىغا ئىگە بولدى».

**كەشى كوچىدا قالماق** 孤臣孽子 gū chén niè zĭ

مەنىسى: قاتاردا يوق، ئەتىۋارسىز، قەدىرسىز بولۇپ كەتمەكنى بىلدۈرىدۇ.

مەسلەن: «ۋاي ئاللا، كەشى كوچىدا قالغاندىن يەنە بىرىنى تاپتىم دېگىنە؟».

«ئۆزبېك ئايىم ئانچە ــ مۇنچە توي، ھازىلارغا كەشىم كوچىدا قالمىغان دەپ بارمايتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن خوتۇنلار ئۆز تويلىرىنى ئۆزبېك ئايىمنىڭ قاتنىشىشى بىلەن ئۆتكۈزۈۋالسا، ئۆزلىرىنى شەھەرنىڭ ئەڭ بەختلىك خوتۇنلىرىدىن ھېسابلىشاتتى».

**كەشى مايماق كەتمەك** 满盘皆输 măn pán jiē shū

مەنىسى: تۇتقان يولى، قىلغان ئىشىدىن كاشىلا چىقماق؛ تولا ئاۋارىچىلىككە يولۇقماقنى بىلدۈرىدۇ.



**كەشنى توغرىلىماق** 卷铺盖 juăn pū gài

مەنىسى: بىراۋلارنى مەلۇم يەردىن كەتكۈزۈۋېتىشنىڭ تەرەددۇتىنى، ئامالىنى قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

مەسلەن: «قىلىدىغان سەۋەبىنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ بولدۇق، بۇ بىرنېمەڭ قېچىر چىقىپ قالىدىغاندەك قىلىدۇ، شۇنىڭغا ئۇنىڭ كەشىنى ۋاقتىدا توغرىلىساڭ بولامدىكىن؟».

**كەشنى سالغان يېرىدىن تېپىۋالماق** 自愧不如 zì kuì bù rú

مەنىسى: مەلۇم يەردىن ئۆز ــ ئۆزىنى سوراپ كېتىپ قالماق؛ ئۆزىنىڭ باشقىلاردىن تۆۋەنلىكىنى تەن ئېلىپ، مەلۇم قىلىشقا ئۇرۇنۇۋاتقان ئىشتىن تەشەببۇسكارلىق بىلەن قول ئۈزۈپ نىيەتىدىن يانماقنى بىلدۈرىدۇ.

مەسلەن: «سىلى توغرۇلۇق چۇشۇۋاتقان پىكىرلەر جىق، خىزمەتنى مۇنداق قىلغۇچە، ئاستا كەشنى سالغان يەردىن تېپىۋېلىڭلار. مەن ئاگاھلاندۇرۇپ قوياي!».

**كەشنىڭ سوگىنى دەسسەپ يۈرمەك** 草间求活 căo jiān qiú huó

مەنىسى: لايغەزەللىك بىلەن سۆرۈلۈپ يۈرمەك؛ بىچىق ئاۋارە ھالدا تۇرماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «مەھەللىدىكىلەر قورۇسىنى رەتلەپ بولغىنى نىكەم، تېخى ئۆيلىرىنىڭ ئۈستىنى قاڭالتىر قىلىپمۇ بولدى، بۇ تېخى كەشىنىڭ سوگىنى دەسسەپ يۈرۈيدۇ».

**كوزىسى سۇنماق** 事后诸葛亮 shì hòu zhū gĕ liàng

مەنىسى: بولار ئىش بولۇپ بولغان، يۈز بېرەر بەختسىزلىكلەر يۈز بېرىپ بولغاندىن كېيىن، دانىشمەنلىك، ۋەزخانلىق قىلماققا ئىشارە قىلىنىدۇ.

مەسلەن: «ئاخىرى ‹ۋاي!› بولۇشىدىن قورققانىدىم، بىلىمەن، بولار ئىش بولۇپ، كوزا سۇنۇپ بولغاندىن كېيىن ‹مەن شۇنداق

بولۇشنى بىلەتتىم، دەپ ئۆزۈمنى ۋەلى قىلىپ كۆرسىتىشىم ئادالەتتىن ئەمەس».

**كوكۇلىسىنى تۇتقۇزۇپ قويماق**

抓小辫子 zhuā xiǎo biàn zǐ

مەنىسى: ئاجىزلىقىنى رەقىبلىرىگە تۇتقۇزۇپ قويماق؛ دۇشمەنلىرىنىڭ يانپىشىغا چىقىپ، پاسسىپ ئەھۋالدا قالماقنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: «سىز پەرماننى ئىجرا قىلىمەن دەپ پەرمانغا خىلاپ ئىش قىلدىڭىز، كوكۇلىڭىزنى ئۇلارغا تۇتقۇزۇپ قويدىڭىز».

**كونا چۈشنى كۆرمەك**

旧念复萌 jiù niàn fù méng

مەنىسى: بۇرۇنقى خىيال، مۇددىئالىرىغا قايتماق؛ ۋاقتى ئۆتكەن، تاشلىنىپ قالغان ئىستەك - ئارمانلىرىغا قايتا بېرىلمەكنى كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن: «ئىلگىرى قىلمىغان ئەسكىلىكىڭ قالمىدى، ئەمدى كەچۈرۈم قىلىپ يول قويسا، كونا چۈشۈڭنى يەنە كۆرەي دەۋاتامسەن؟ — ئەلەم بىلەن سۆزلىدى قادىر».

**كونا خاماننى سورۇماق**

旧仇宿怨 jiù chóu sù yuàn

مەنىسى: ئۆتۈپ كەتكەن ئىش، كونىرىغان مەسىلىلەرنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، نۆۋەتتىكى ئىش - مەسىلىلەرگە قارشى قويماق؛ بۇرۇنقى ئاغرىنىش، ئاداۋەتلەرنى قايتىدىن تەگەپ، قوزغاپ يۈرمەكنى كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن: «جېنىم تۇيغۇن، ئىشقىلىپ خىزمىتىڭىز ئەسلىگە كەلدىغۇ، يەنە كونا خاماننى سورۇپ نېمە قىلىسىز».

**كۆتىكنى كولىماق**

计出万全 jì chū wàn quán

مەنىسى: ئىش - ھەرىكەتلەرگە كىرىشىشتىن ئىلگىرى ئەستايىدىل، پۇختا، ئەتراپلىق تەييارلىق قىلىپ، ھەرىكەتتە مۇقەررەر غەلىبە قىلىشقا ئورۇنماقنى كۆرسىتىدۇ.



مەسىلەن: «كۆتەك يارساڭ لىڭشىغاننى يارما، كۆتەك قازساڭ يىقىندىن قازما».

**كۆتىنى ئوچۇق قويۇپ، بويىنغا مارجان ئاسماق**

مەنىسى: زۇرۇر ئېھتىياجلىرى كاپالەتسىز، كېرەكلىكلىرى تولۇقسىز تۇرۇپمۇ، چوڭچىلىق، داغۋازلىققا بېرىلىشنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «توي تارتقاندا ماشىنا ئۈستىدە ئۇسسۇل ئويناپ مېڭىشلاردىن ئىبارەت رەزىل ئادەتلەرنى بىزگە ھېچقانداق كۈچ مەجبۇرلاپ تاڭغىنى يوق، بەلكى ئىككى نان تاپسا بىرىنى داپ چالىدىغان، كۆتىنى ئوچۇق قويۇپ، بويىنغا مارجان ئاسىدىغان، پۇرۇچ قورچاقتەك ئۇسسۇل ئويناپلا يۈرىدىغان بىز خەق تاپتۇق».

**كۆزدىن ئوت چىقارماق**

目迷五色 mù mí wǔ sè

مەنىسى: قاتتىق ساراسىمىلەرگە سېلىپ قويماق؛ ھەيرانلىق ۋە ھەسەت ئوتلىرىنى يالقۇنلىتىۋەتمەكنى كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن: «قولۇمغا پۇل كىرسۇنچۇ، بولماقتەك چوكاندىن بىرنى ئېلىپ ۋېلىسىپىتىمغا قوندۇرۇپ، كۈنگە ئۆيۈڭنىڭ ئالدىدىن ئون ئۇيان، ئون بۇيان ئۆتكۈزۈپ، كۆزۈڭدىن ئوت چىقىرىۋەتمەيدىغان بولسام، خەپ».

**كۆزگە توپا چاچماق**

一手遮天 yī shǒu zhē tiān

مەنىسى: بىراۋلارنىڭ تەجرىبىسىز، ساددا ياكى كەم ئەقىللىقىدىن پايدىلىنىپ بۇردا قىلماقنى كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن: «ئۇلار مېنىڭ بۇ تىراكتور دېگەننىڭ كىچىك تىلىنى بىلمىگەنلىكىمدىن پايدىلىنىپ كۆزۈمگە توپا چاچقان - دە، مانا بۇ بىزدە ئۇنىڭ مىجەزىنى بىلىدىغان بىر ئىنساننىڭ يوقلۇقىدىن بولغان».

**كۆزنىڭ يېغىنى يەيدىغان**

光彩夺目 guāng cǎi duó mù

مەنىسى: جەلپكارلىق، مەھلىيا قىلارلىق بولماقنى بىلدۈرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

مەسلەن: «ئۇ سۇلالە ئادەملىرىنى ئۆزىنى چۈشەنگەندەك چۈشىنەتتى، ئۇلارنىڭ كۆزىنىڭ يېغىنى يەيدىغان خوتەن قاشتېشى، جىرىڭلاپ تۇرىدىغان ئەجەم تىللاسىنى، قىممەت باھالىق ئەلتېرىلەرنى جېنىدىن ئەتىۋار كۆرىدىغىنىنىمۇ بىلەتتى».

### كۆزى تۆت بولماق 望眼欲穿 wàng yǎn yù chuān

مەنسى: بىرەر كىمنى ياكى بىرەر نەرسىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتمەك، ئۇنىڭغا تەشنا بولماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «ماڭا ئوخشاش ياشلارنىڭ ‹باش مىرزا بولىمەن› دەپ ئۈمىدلىنىشلىرىنىڭ ئۆزى بىر كۈلكىلىكتۇر، بۇ ۋەزىپە تەمەسىدە ئون - يىگىرمە ۋە بەلكى ئوتتۇز يىللاپ كۆزىنى تۆت قىلىپ كەلگەن مۇنشى، مۇپتى ۋە شائىرلار بار».

### كۆزىگە تىقماق

مەنسى: بىخەستەلىك، دېلىغۇللۇق بىلەن ياكى ناپىسەنت بولۇپ يۈرگەنلەرگە، كۆرۈشكە تېگىشلىكىنى كۆرمىگەن، بايقىمىغانلارغا كۆرسىتىشكە تېگىشلىك بولغان نەرسىنى زورلۇق بىلەن كۆرسىتىپ، تونۇتۇپ، ھەقىقەتنى چىن دىلىدىن ئېتىراپ قىلغۇزماقنى كۆرسىتىدۇ.

مەسلەن: «مەن دېپلوم، تەقدىرنامىلەرنى ئۇلارنىڭ كۆزىگە تىقىمەن، بۇ قېتىم باھالىنالمىسام مەيلى، يوق يەردىن پۇتاق چىقىرىپ، كىشىگە ئۇۋال قىلسا بولمايدۇ - دە».

### كۆزىگە سۈرتمەك 千金买骨 Qian jin mai gu

مەنسى: بەكمۇ ئەتىۋار بولۇپ كەتكەن، ناھايىتىمۇ قەدىرلىك بولۇپ، ئاسانلىقچە تېپىلماس، ئېھتىياج تەقەززاسى بولۇپ تۇرغان نەرسە، دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ.

مەسلەن: «بىچارىنىڭ خوتۇن - بالىلىرى تەڭگىنىڭ قارىسىنى كۆزلىرىگە سۈرگۈدەك بولغاندۇ، مۇشۇ كۈنلەردە، نەچچە پۇل بېرەلا ئۆزى».



### كۆزىگە قارىماق 见貌辨色 jiàn mào biàn sè

مەنسى: بەكمۇ ئەتىۋار، قىممەتلىك بىلىپ قولىدىن چىقىرىشقا قىيالماي قالماق؛ بەكمۇ چوڭ بىلىپ، ھەرىكەت - پائالىيەت ياكى تېۋىنىشلار مەركىزىگە قويۇۋالماقنى كۆرسىتىدۇ.

مەسلەن: «بۇنداق چاغدا ئۇلار پۇلنىڭ كۆزىگە قاراپ ئولتۇرمايتتى، ھاراقنىڭ كەيپى تۇتقانسېرى مەردلىشىپ كېتەتتى»، «مېھماننىڭ كۆزىگە قاراپ يول تۇتۇشنىڭ ئۆزىگە زىيان ئەكەلمەيدىغانلىقىنى بىلدى».

### كۆزىگە كىرىۋالماق 百舌之声 bǎi shé zhī shēng

مەنسى: دىققەت - نەزىرىنى بىراقلا ئىگىلىۋالماق؛ مەلۇم نەرسىلەرنى تېگىپ تۇرۇۋالماقنى كۆرسىتىدۇ.

مەسلەن: «ئۇنداق ئىشلار دېگەن بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇكام، ھېچقانچە ئىش ئەمەس ئۇ، بۇ جاھان كەڭ جاھان، سەن كەچكىچە مېنىڭ كۆزۈمگە كىرىۋالما، باشقا ئادەملەرگىمۇ قاراپباق، ئۇلار نېمە قىلىۋاتىدۇ، شۇ ۋاقىتتا مېنى چۈشىنىپ قالىسەن».

### كۆزىگە ماي پۈتۈپ قالماق 傲睨万物 ào nì wàn wù

مەنسى: بىراۋلارنىڭ باياشاتلىق، ئىمتىيازلىق بولۇپ قېلىشى بىلەن كىبىرلىك بولۇپ كېتىپ، كىشىلەرنى كۆزگە ئىلماي بولۇپ يۈرۈشلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

مەسلەن: «موزدۇزنىڭ ۋەزىر بولغان دوستى بارا - بارا ئۇنىڭ بىلەن يىراقلىشىپتۇ، ئاخىر بېرىپ كۆزىگە ماي پۈتۈپ بىراقلا ئادەم تونۇماس بولۇپتۇ».

### كۆزىگە ياغاچ تىقماق 付之东流 fù zhī dōng liú

مەنسى: قاراپ تۇرۇپلا خاراب قىلىۋەتمەك؛ كۆزىنى پارقىرىتىپ تۇرسىمۇ ئەدىپىنى بەرمەكنى كۆرسىتىدۇ.

مەسلەن: «تۆت - بەش يۈزمىڭ يۈەننىڭ كۆزىگە ياغاچ تىقىپ باقاي دېگەن يەرگە كەلدىم، ئەپلىشىپ قالسا، تۆت - بەش يۈز كىشىنى ئىشلىق قىلىپ قويغىنىمنىڭ ساۋابىنى كۆرەرمەن».

不揣冒昧 bù chuāi mào mèi

**كۆزنى يۇمماق**

مەنىسى: ھەممىنى قايرىپ قويۇپ تەۋەككۇل قىلماق؛ بارلىق يامان ئىمكانىيەتلەرگە پەرۋا قىلماي، مەقسىتىگە يېتىشكە ئاتلانماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «ئوبدان بالام، سەندىن ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيا خوش بولۇپ كېتەي، مۇشۇ قېتىم گېپىمگە كىرگىن، كۆزىمىزنى يۇمۇپلا توينى قىلىۋېتەيلى! بۇگۇنى فاتىھە قىلىپ، ئەتىسى خېتىنى بەرسەڭمۇ خاپا بولمايمەن».

**كۆزنى يۇمۇپ قۇشقاچ تۇتماق**

掩目捕雀 yǎn mù bǔ què

مەنىسى: نادانلارچە، قارىسىغا ئىش قىلماق؛ مەلۇم ئىش ـ ئوقەتنىڭ ئەلمى ـ تەلمىنى بىلمەي تۇرۇپلا، ئۆز خىيالىچىلا ئۇسۇپ يۇرۇپ، قالايمىقانچىلىق چىقىرىپ يۇرمەكنى كۆرسىتىدۇ.

مەسلەن: «ئوبيېكتىپ ئەمەلىي ئەھۋالنى تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلىش ھاۋاسى قويۇق بولمىدى، كۆزنى يۇمۇۋېلىپ قۇشقاچ تۇتۇش، قارىغۇدەك تىمىسقىلاپ بېلىق تۇتۇش، بىپەرۋالىق قىلىش، قۇرۇق گەپ سېتىش، يېرىم ـ يارتا بىلىمگە قانائەتلىنىپ قېلىشتەك يامان ئىستىل ھېلىمۇ ساقلىنىپ كەلمەكتە».

死不瞑目 sǐ bù míng mù

**كۆزى ئوچۇق كەتمەك**

مەنىسى: مەلۇم شەيئى ـ ھادىسە ياكى ئىش ـ ھەرىكەت زايە بولۇپ كېتىش بىلەن نەتىجىلەنمەك؛ مەلۇم ماددىي نەرسىنىڭ ياكى ئورۇننىڭ بىر كىملەرگە بەكمۇ نامۇناسىپلىقىدىن بىھۇدە زايە كەتمەكنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «ھازىر ئەمدى تەكشۈرگەنگە بىر يېرىم كوي، تۆت تال دورىغا ئۈچ كوي ئالىدىغان بولۇشۇۋاپتۇ، دورىنى يەپ ساقايسىغۇ ساقايدى، بولمىسا تۆت يېرىم كوي پۇلنىڭ كۆزى ئوچۇقلا كېتىدۇ».

«سۇلايمان دېگەن ئۆيىدە يېگىلى بىر نەرسە بولمىسىمۇ بىزگە چىش.يېرىپ بىرنەرسە دېمەيدۇ، بىراق، ئاقۇپ ساختا دېگەن



قارارىدىن ئۆتۈپ كەتسە، يەنە ئۈچ ـ تۆت چارەك بۇغداينىڭ كۆزى ئوچۇق كېتىدۇ».

大开眼界 dà kāi yǎn jiè

**كۆزى ئېچىلماق**

مەنىسى: كىشىلەرنىڭ بەلگىلىك جەريان ياكى شارائىتلار ئارقىلىق بىلىم ۋە ساۋاقتا ئېرىشىپ، ئاق ـ قارىنى بايقايدىغان بولۇپ قالمىقىنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «ئەنە شۇ قاتارلىق ئىشلار ئۆتۈپ، مۇرتاج ئاكاملارنىڭ كۆزى ئېچىلغانىدى».

一笔抹杀 yī bǐ mǒ shā

**كۆز يۇمماق**

مەنىسى: ئېتىراپ قىلماي، ھېسابقا ئالماي تۇرۇۋالماق؛ پۇتۇنلەي ئىنكار قىلماق، تانماقنى كۆرسىتىدۇ.

مەسلەن: «ئۇلارنىڭ ئاياللار خىزمىتى، يول ۋە قاتناش ساھەلىرىدە ئىشلەنگەن خىزمەتلىرىمىزگە كۆز يۇمۇشى بەكمۇ ناھەق بولۇپ كەتتى».

重温旧梦 zhòng wēn jiù mèng

**كۆشەپ يۇرمەك**

مەنىسى: بۇرۇن قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنىڭ، كۆرگەن راھەت ـ پاراغەتلىرىنىڭ قالدى ـ قاتتى پەيزىنى سۈرمەك؛ ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلارنىڭ شېرىن خىيالىدا يۇرمەكنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «ئۇ خوتۇن ئىسمائىل خۇمارنىڭ پۇلىنى تازا خەجلەپ، دۆلىتىنى كۆرگەن، مانا ئەمدى شۇ يېگەنلىرىنى كۆشەپ يۇرىدۇ».

执牛耳 zhí niú ěr

**كۆك تاشقا مىنمەك**

مەنىسى: ھاكىملىق، خوجايىنلىق ئورنىغا چىقىۋالماق؛ كۆپىنچە ئۆكتەملىك بىلەن ياۋاش، يوللۇق كىشىلەرنىڭ بوينىغا مىنىۋالماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «ئۇنى كۆك تاشقا ئۆزۈڭلار مىندۇرۇپ قويغان، مانا ئەمدى چۇشۇرەلمەيۋاتىسىلەر»

«ئۇ ئەلى رىزابەينىڭ دۈمبىسىنى سىيلاپ، ئۇنى كۆك تاشتىن چۇشۇرمەكچى بولدى».

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

**كۆلنى قۇرۇتۇپ بېلىق تۇتماق** 竭泽而鱼 jié zé ér yú

**مەنىسى:** بىراۋلارنىڭ ئۆزى ئېرىشىدىغان كىچىككىنە مەنپە-
ئەتنى كۆزلەپ ياكى كۆز ئالدىدىكى ئانچىكى مەنپەئەتنى دەپ كې-
لەچەكتىكى زور مەنپەئەتنى قۇربان قىلىۋېتىشىنى سۈرەتلەيدۇ.

**مەسلەن:** «يەنە بىر خاتا نۇقتىئىنەزەر خەلقنىڭ قىيىنچىلى-
قىنى نەزەردە تۇتۇپ، كۆلنى قۇرۇتۇپ بېلىق تۇتۇش، تۇگىمەس
ئالۋان، پۇتمەس سېلىق سېلىشتىن ئىبارەت بولماقتا».

**كۆممىگەن كۆمەچكە يامانلىماق** 满腹狐疑 mǎn fù hú yí

**مەنىسى:** بىراۋلاردىن باتناشقا، يامانلاشقا ئەرزىگۇدەك ئاساس
بولمىسىمۇ، قىياس ۋە گۇمانغا چۆكۈپ كېتىپ، بىراۋلاردىن يا-
مانلاپ، رەنجىپ يۈرمەكنى كۆرسىتىدۇ.

**مەسلەن:** «خىيال بىلەن بۇرۇقتۇرما بولۇپ، كۆممىگەن كۆ-
مەچكە يامانلاپ ئىناقلىقتا تەسىر يەتكۈزسەك بولمايدۇ».

**كۆمچىنى خېمىغا ياندۇرماق** 兴味索然 xīng wèi suǒ rán

**مەنىسى:** پۈتكىلى قارار تاپقان، ھەل بولۇشقا تايىن بولغان
ئىشلار بۇزۇلماق؛ بىراۋلارنىڭ ماقۇللۇق، مايىللىقلىرى يېنىپ
كېتىپ، قايتىدىن پوقى قاتماقنى سۈرەتلەيدۇ.

**مەسلەن:** «نىياز ھېكىمبەگنىڭ بۇ دورام ئۆز بېشىمچىلىق
بىلەن ئاقسۇغا كېلىشى ياقۇپبەگنىڭ پىشاي دەپ قالغان كۆمچىنى
يەنە خېمىغا ياندۇرۇۋەتتى».

**كۆنەلگۈسى ئۈيۈماسلىق** 狐疑不决 hú yí bù jué

**مەنىسى:** مەقستىگە يەتمىسە خۇيىدىن قالمايدۇ؛ بىراۋلارنىڭ
ئىش ـ ھەرىكەتلەردە ئۆزلىرىنىڭ ئارمىنىدىكى شەرتلەر ئادا بول-
مىسا قانائەت قىلمايدىغانلىقىنى سۈرەتلەيدۇ.

**مەسلەن:** «كۆرەلمەيدۇ، قانجۇق گاس، دائىم قاۋاپ تۇرمىسا
كۆنەلگۈسى ئۈيۈمايدۇ، ئۇنىڭ».

**كۇرۇكى يېشىلمەك**

**مەنىسى:** بىراۋنىڭ خۇيى تۇتۇپ قېلىپ، بىر سەۋەبلەردىن



تۇزۇلۇپ، ئېچىلىپ قالماقنى كۆرسىتىدۇ.

**مەسلەن:** «ئوتتۇز نەچچە يىلدىن بۇيان تۇنجى قېتىم ناتونۇش
ئادەملەرنىڭ بۇنچىۋالا جىق سوۋغىسىنى ئۆيدە كۆرگەن خوتۇنۇم-
نىڭ كۇرۇكلىرى يېشىلىپ، تاماققا تۇتۇش قىلدى».

**كۇل بىلەن چىقىپ، سۇ بىلەن كىرمەك**

俯拾仰取 fǔ shí yǎng qǔ

**ئادەت سۆزى، مەنىسى:** ئىشچان ۋە ئىدىتلىق بولماق؛ ئۇياققا
مېڭىشتا بىر ئىشنى، بۇياققا كېلىشتە يەنە بىر ئىشنى پۈتكۈز-
مەكنى كۆرسىتىدۇ.

**مەسلەن:** «بېشى باش، ئايىغى تاش بولسۇن، كۇل بىلەن چى-
قىپ، سۇ بىلەن كىرەر بولسۇن، توققۇز ئوغۇل بىر قىزلىق بول-
سۇن... ھۇ بارىكاللا !».

**كۇننىڭ سىرىقىنى كۆرمەك** 苟且偷生 gǒu qiě tōu shēng

**مەنىسى:** قەدىر ئەھۋال ياشاپ تۇرماق؛ قەدىر ئەھۋال جان
ساقلاپ يۈرمەكنى كۆرسىتىدۇ.

**مەسلەن:** «قۇدرىتىڭدىن ئايلىناي خۇدايىم ! چالمىغا جان
بەرگەن ئىگەم مۇشۇ ئاجىز بەندە بىر كۈن بولسىمۇ كۇننىڭ سې-
رىقىنى كۆرسۇن».

«ئۇنداق قىلمىسىلا مەن خۇش بولۇپ قالاي، مېنى ۋەيران
قىلمىسىلا، مەنمۇ كۇننىڭ سېرىقىنى كۆرۈپ قالاي».

**كۇلنى كۆككە سورۇماق** 焚尸扬灰 fén shī yáng huī

**مەنىسى:** ئۇزۇل ـ كېسىل يوقاتماق؛ ئەبجىقىنى چىقارماق
دېگەننى بىلدۇرىدۇ.

**مەسلەن:** «ئېشەكنىڭ يېنىدا ئېغىرلاشقان قەدەملىرىنى تەس-
تە يۆتكەۋاتقان ياقۇپ كۆكچىنىڭ ئويلىغانسېرى ئىچى ئاچچىققا
تولدى. چۈنكى، جاڭگالنى خانىۋەيران قىلىپ، يۇلغۇن، توغراقلار-
نىڭ كۇلىنى كۆككە سورۇغان ئىنسان بالىسىنىڭ قاتارىدا ئۆزىمۇ

بار ئىدى».

**كىچىك كۆرسەتمەك** 发综指示 fā zōng zhǐ shì

**مەنىسى:** ئىش ئۈگەتمەك؛ زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىش ئۇسۇل ـ چارىلىرىنى ئۆگەتمەك؛ مەقسەت ـ مۇددىئالارغا يېتىشنىڭ ئۇ ـ سۇللىرىنى كۆرسەتمەكنى سۈرەتلەيدۇ.

**مەسلەن:** «بىھۇدە ئەنسىرەش، — دېدى ھېكمەت زىۋىرشاننىڭ جۇۋىسىنىڭ يېڭىنى تارتىپ، — سەكرىمەڭ، مەن سىزگە ئۇلۇغ سۇدىن ئۆتۈش ئۇچۇن كىچىك كۆرسىتىۋاتىمەنغۇ مانا».

**كېسەلگە قاراپ دورا بەرمەك** 对症下药 duì zhèng xià yào

**مەنىسى:** مەسىلىنىڭ، روي بەرگەن سەۋەبلىكىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىگە، سادىر بولغان ئەھۋالنىڭ نەق ئۆزىگە مۇناسىپ تەد ـ بىر، چارىلەرنى قوللانماقنى كۆرسىتىدۇ.

**مەسلەن:** «نۇرغۇن يولداشلار تېخى بىلمەيدۇكى، بىزنىڭ خىزمەت ئۇسۇلىمىز كېسەلنى داۋالاپ ئادەمنى قۇتقۇزۇش بولۇپلا قالماي، بەلكى كېسەلگە قاراپ دورا بېرىشمۇ بولۇشى لازىم».

**كېسىلى پىششىپ قالماق** 疾不可为 jí bù kě wéi

**مەنىسى:** مەلۇم شەيئىنىڭ ھالاكىتى مۇقەررەر بولماق؛ بەربات بولۇش شەرت ـ شارائىتلىرى تۈگەللىنىپ، كۈنى پۈتمەك؛ دەۋرانى ئاياغلاشماقنى بىلدۈرىدۇ.

**مەسلەن:** «ئۇ غوجاملار ئەمدى ھەرقانچە قاتتىق ۋارقىراشسىمۇ يامۇللىرىنىڭ كېسىلى پىششىپ قالغاندا، بىزنى نېمە قىلالايتتى؟ ».

**كىگىز تاتىلماق** 汗颜无地 hàn yán wú dì

**مەنىسى:** بولمىغۇر ئىشلارنى قىلىپ قويۇپ كىشىلەر ئالدىدا خىجالەتچىلىكتە قالغانلىقىنى، خاتالىقىنى بوينىغا ئېلىپ ئىزا ـ ئۆكۈنۈشتە قالغانلىقىنى سۈرەتلەيدۇ.

**مەسلەن:** «چوڭلارنىڭ ئالدىدا كىگىز تاتىلاپ قالماسلىق ئۇ ـ چۇن ھەرگىزمۇ يالغان سۆز قىلمايمەن».



# گ

**گەپ توشۇماق** 调三窝四 tiáo sān wō sì

**مەنىسى:** بىر ئورۇندا بولۇنغان گەپ ـ سۆزلەرنى يەنە بىر يەرگە يەتكۈزمەكنى كۆرسىتىدۇ.

**مەسلەن:** «ساقاللىرىنى سۆرەپ شۇ گەپلەرنىمۇ كۆتۈرۈپ يۈردىلىمۇ؟ گەپ توشۇش دېگەن پاتمىخوتۇننىڭ ئىشىغۇ؟».

**گەپ كۆتۈرمەك** 包羞忍耻 bāo xiū rěn chǐ

**مەنىسى:** غەيۋەت ـ شىكايەت، يالا ـ ئاھانەتلەرنى ئاڭلاپ چىداپ يۈرمەكنى سۈرەتلەيدۇ.

**مەسلەن:** «مېنىڭ ئەمدى گەپ كۆتۈرگۈچىلىكىم قالمىدى، نېمە قىلساڭلار ئۆزۈڭلەر بىلىپ قىلارسىلەر».

**گەپكە قوشۇق سالماق**

**مەنىسى:** بىركىمنىڭ سۆھبىتىگە ئاتىكاچىلىق بىلەن گەپ قىستۇرماق؛ بىلەرمەنلىك قىلىپ سۆزلىگۈچىنىڭ گېپىگە قىسىلىۋالماقنى كۆرسىتىدۇ.

**مەسلەن:** «جۈرئەت دادىسىنىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلەتتى، ئۇ ئاچچىقى كەلگەندە گېپىگە بىرەرسى قوشۇق سالسا يامان كۆرەتتى».

**گەپ يورغىلاتماق** 哗众取宠 huá zhòng qǔ chǒng

**مەنىسى:** ئۆزىنىڭكىنى راستقا چىقىرىش، ئېيتقانلىرىنىڭ ھەق ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن مەقسەت ـ مۇددىئاسىنى يېپىپ گەپ يورغىلىتىشنى بىلدۈرىدۇ.

**مەسلەن:** «مەن سىرتتا سەرگەردان بولۇپ، تولا ئۇرۇنۇپ، ئاران دېگەندە بۇ تۇپراقتا ئالىقانچىلىك يەرگە ئۆزۈمنى سىغدۇرا ـ

www.uyghurkitap.com

لىدىم، ئەمدى گەپنى يورغۇلاتمىسىلا ھۆرمەتلىك شەيخ».

死里逃生 sǐ lǐ táo shēng **گۆر ئاغزىدىن يانماق**

مەنىسى: ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ھالاك بولۇش، يوقىلىش ياكى بەربات بولۇش ئاقىۋىتىدىن ئامان قالماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «خۇدايىم بىر ساقلاپ قالدى، گۆر ئاغزىدىن ياندىم دېسىلە».

焚琴煮鹤 fén qín zhǔ hè **گۆھەرنى تاشقا ئۇرماق**

مەنىسى: بىلىپ ـ بىلمەي يەڭگىلتەكلىك بىلەن ئېسىل، قىممەتلىك نەرسىنى ئەرزىمەس نەرسىلەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن سەرپ قىلماق؛ تايىنىسىز ئىشلار ئۈچۈن زور بەدەل تۆلىمەكنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «ئۆز ۋاقتىدا خىيالىڭلارغا پۈتۈپ، چۈشۈپ قالغان دوپپاڭلارغا قارىغۇدەكمۇ بولماي چاپتىڭلار، بىز ‹ھاي› دېسەك ئۇنىمىدىڭلار، مانا ئەمدى گۆھەرنى تاشقا ئۇرغانلىقىڭلارنى بىلگەنىڭلاردا تىنچىدىڭلار، ئەمما ھازىر بولار ئىش بولۇپ بوياقلار سىڭىپ بولغاندا، ھەرقانداق گەپ ئۇششۇقچە».

眉开眼笑 méi kāi yǎn xiào **گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتمەك**

مەنىسى: رازىمەنلىك، شادلىقتىن يايراپ كەتمەك؛ پۈتۈن بەدىنىدىن كۈلكە تۆكۈلۈپ تۇرماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «رابىيخان... گۈلنىسانىڭ شامدەك ئېرىپ، گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتكىنىنى بايقىغاندا گۈلسۈمنىڭ سۆزلىرىنى چۈشىنىغىمۇ ئالمىدى».

担雪塞井 dān xuě sāi jǐng **گۈمبەزگە ياڭاق ئاتماق**

مەنىسى: بىھۇدە، ئەھمىيەتسىز تەلىم ـ تەربىيە، نەسىھەتلەر بىلەن شۇغۇللانماق؛ زەررىچە پايدا چىقماسلىقنى بىلىپ تۇرۇپ قىلغان ئىش ـ ھەرىكەتلەردە بولماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «ياخشىلارنىڭ نۇرى يۇقماس زاتى پەسكە ھېچقاچان، تەربىيەت نائەھلىگە گۈمبەزدىكى ياڭاقسىمان».



贿赂行为 huì lù xíng wéi **گېلىغا ئۇرماق**

مەنىسى: مەلۇم مەقسەت ـ مۇددىئالارغا يەتمەك ئۈچۈن ياكى بىراۋلارنى مەلۇم مەزمۇندا ئېغىز ئاچالماس قىلىپ قويماق ئۈچۈن، مەنپەئەت ياكى پارا ـ پايدا قاتارلىقلارنى قوبۇل قىلغۇزۇپ مەقسەتكە يېتىشنى كۆرسىتىدۇ.

مەسلەن: «جاجىسى بىر پاقلان، ئېپىنى تېپىپ، تۆت ئايغىيەر دەسسەپ تۇرالىغۇدەك مالدىن بىرنى گېلىغا ئۇرۇۋۆەتسەكلا ئىش تامام، ۋەسسالام، ئۇنىڭ نېرىسى خېمىردىن قىل سۇغۇرۇش دېگەن گەپ».

贿赂公行 huì lù gōng xíng **گېلىنى ياغلىماق**

مەنىسى: بىراۋغا پارا بېرىپ ياكى مېھمان قىلىپ، ماقۇللۇقىنى ئالماق؛ مەنپەئەت يەتكۈزۈپ، قائىدە ـ تۈزۈم ۋە پىرىنسىپىنىڭ سىرتىغا چىقىپ ئىش بېجىرگۈزمەكنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «شۇنداق قىلىپ گال ياغلىنىپ قالغانلىقتىن، غوپۇر بىلەن خەيرىنىساغا كۆپرەك ياردەم قىلدىم».

## ل

顿口无言 dùn kǒu wú yán **لام ـ مىم دېمەسلىك**

مەنىسى: زىنھار ئېغىز ئاچالماي قالماق؛ ھېچقانداق پىكىر قاتناشتۇرالماسلىقنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ئىبارە يەنە گاھى يۇرتلاردا «لام دېمىدى» شەكلىدىمۇ قوللىنىلىدۇ، ئىستىلىستىكىلىق قىممىتى ئوخشاش بولىدۇ.

مەسلەن: «قانداق قىلسۇن سۆز قىلىشقا چارىسى يوق، ‹لام ـ مىم› دېسە جايى زىندان ياكى بىر ئوق، يۇرىكىمگە ياكى خەنجەر سالالمىدى، خەلقىمىزمۇ بۇ ئەھۋالغا چىدالمىدى».

«ئۇ، ‹ئەگەر سىز سىر ساقلاشنى بىلسىڭىز ئېيتىمەن، بولمىسا لام دېمەي چىقىپ كېتىمەن›، دەپ شەرت قويدى».

泛萍浮梗 fàn píng fú gěng **لەيلەپ قالماق**

**مەنىسى:** قورساقتىكى ئۇماچنىڭ ياكى كىشىلىك ساپا ۋەزنىنىڭ تايىنسىزلىقىدىن مەلۇم ۋەزىيەت ياكى مەسىلىگە چۆكەلمەي قالماق؛ سۇ ئۈستىدىكى كۆپۈكتەك لەيلەپ يۈرمەكلەرنى كۆرسىتىدۇ.

**مەسىلەن:** «گاھىبىر مۇخبىرلارنىڭ ‹ئويۇن ئارقىلىق تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ›، يازغانلىرى جەمئىيەتتە، خەلق ئارىسىدا لەيلەپ قالماقتا».

作嫁衣裳 zuò jià yī shang **لېۋىنى چىشلەپ قالماق**

**مەنىسى:** مېھنەت قىلىپ، مۇشەققەت چېكىپ، ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمەي نادامەت چېكىپ قالماق؛ مەلۇم ۋەزىيەتتە ئامالسىزلىقتىن «ئەتتەڭ»لەپ تۇرۇپ قالماقنى كۆرسىتىدۇ.

**مەسىلەن:** «خەقنىڭ يېرىگە ئىشلەپ، قالدىم لېۋىمنى چىشلەپ».

«شۇنداق بولسىمۇ جامائەت غۇلغۇلا قىلىشىپ باشقا بىرسىنىڭ ئۇنىڭغا بەتنام چاپلاش ئۇچۇن قەستەنگىلا شۇنداق قىلغانلىقىنى جەزملەشتۈرۈپ، لېۋىنى چىشلەپ قېلىشتى».

少头缺尾 shǎo tóu quē wěi **لېيى خام I**

**مەنىسى:** ئەسلىدىن تازا بېجىرىم ئەمەس، پاراسەت ۋە باشقا خۇسۇسىيەتلىرىدە ئېۋەن بار، لاياقەتسىز ھالدا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

**مەسىلەن:** «ئۆزىنىڭ لېيى خاملىقى بولمامدۇ، ئاتا ـ ئانىسى تۇغقىنىم دەپ نەدىكى بىر كوچا مەلىكىسىنى تاپسا، خۇدايىم بەردى دەپ چېتىلىپ قېلىپ، مانا ئەمدى بۈگۈن قارىساڭ يۈزى تىرناق ئىزى، ئەتىسى كانىيى مۇشۇك تاتىلىغاندەك تۇرغان، ئۇنىڭدەك ئادەمگە بومۇ ئاز».



半青半黄 bàn qīng bàn huáng **لېيى خام II**

**مەنىسى:** مەلۇم ئىش ـ ھەرىكەتكە تەييارلىنىشى تولۇق ئەمەس، خام ـ چۈرۈش ھالدا بولماق؛ بىرەر ئىشقا كىرىشىشى يەكدىل ئەمەس، دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ.

**مەسىلەن:** «ئالدىمغا ئۆزى كېلىشتىن خىجىل بولسا تۆت قۇر بىر نەرسە يېزىپلا، بىر كىچىك بالىدىن ئەۋەتىۋەتسە نېمە بولاتتى؟ ئەسلىدە لېيى خام ئىكەن ـ دە، ئۇنىڭ !».

优柔寡断 yōu róu guǎ duàn **لىڭتاسىملىق قىلماق**

**مەنىسى:** بىرەر ئىش ـ ھەرىكەتتە بىجىق، ئىزىلەڭگۈ بولماق؛ يۈرۈش ـ تۇرۇشى سۇس، پاسسىپ بولماقنى سۈرەتلەيدۇ.

**مەسىلەن:** «مەن بەزىلەرنى كۆرسەم كىرپىدەك بېشىمنى ئىچىمگە تىقىۋالدىم، بەزىلەرگە لىڭتاسىملىق قىلدىم، يەنە بەزىلەر ئالدىدا تارتسا سوزۇلىدىغان، قويۇۋەتسە يىغىلىدىغان رېزىنكىنىڭ ئۆزى بولۇۋالدىم، مۇشۇنداق لىڭتاسىملىق قىلىپ يۈرۈپ، ئاخىر ئىككىنچى قەۋەتنى ھەل قىلدىم».

## م

**مازارغا چالما ئاتماق**

太岁头上动土 tài suì tóu shàng dòng tǔ

**مەنىسى:** ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ كاتتىلارغا، ئىمتىياز ئەھلىگە پوت ئاتماق؛ چوڭلارغا، كاتتىلارغا تەنتەكلىك بىلەن يانماقنى سۈرەتلەيدۇ.

**مەسىلەن:** «سەن گۆدەك، تېخى ئىش ئۇقمايسەن، ماۋۇ يەردىكىلەرنىڭ ھە ـ ھۇسىگە كىرىپ كېتىپ، ئاكاڭغا چالما ئاتساڭ، مازارغا چالما ئاتقان بولىسەن !».

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

**مازىرىغا چىراغ ياقماق** 衣钵相传 yī bō xiāng chuán

مەنىسى: دۇنيادىن كەتكەن بىراۋلارنى پىر ـ ئۇستاز تۇتماق؛ ئىش ـ ئەمەللىرىگە ۋارىسلىق قىلماقنى كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن: «‹تۆت كىشىلىك گۇرۇھ›، گەرچە سوتسىيالىستىك دەۋردە تۇرغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار فاشىستلار مازارلىرىغا چىراغ ياققان، ھەممە ئۇمىدىنى پەقەت ‹دىكتاتۇرا›غىلا باغلاشقان كىشىلەر ئىدى».

**مايسىنى تارتىپ ئۆستۈرمەك** 拔苗助长 bá miáo zhù zhǎng

مەنىسى: ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئورۇندىلىشى ياكى مەسىلىنىڭ ھەل قىلىنىشىنى ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت بىلەن قىلىشنى بىلمەستىن ياكى بىلىشنى خالىماستىن، ئۆز رايىچىلا ئىشلەپ، ئىشنى بۇزۇپ قويماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «ئۆچكىگە چىگىت بېرىپلا، ‹سەمرىدىمكىن؟› دەپ، تۆشنى تۇتقىلى بولمىغىنىدەك، ھەر ئىشنىڭ ۋاقتى ـ سائىتى، يولى بولىدۇ، مايسىنى تارتىپلا ئۆستۈرىمىز دېسەك، ئۇ قۇرۇپ قالىدىغۇ».

**مايمۇن ئويناتماق** 耍花枪 shuǎ huā qiāng

مەنىسى: قاتتىق ئەخمەق قىلماق؛ ھىيلە بىلەن ۋەزىيەتنى كونترول قىلماقنى كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن: «ياغاچ قازاندا بىرلا قېتىم ئاش پىشىدۇ، شا مەخسۇتنىڭ ‹تورپاق يېغىلىقى› دىكى مايمۇن ئويۇنىغا ئەمدى ھېچكىم گول بولماس».

**مەيدىسىگە تەپمەك** 以怨报德 yǐ yuàn bào dé

مەنىسى: قىلىنغان ياخشىلىق، كۆرسىتىلگەن مېھرىبانلىقلارغا يامان جاۋاب قايتۇرماق؛ مەلۇم شاپائەت ياكى ياخشى ئىمكانىيەتلەر بىراۋلارنى تاپتىن چىقىرىپ، ئۇلارنىڭ يامانلىققا يەڭ تۈرۈشكە سەۋەب بولۇپ قالماقنى كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن: «نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بەرگەن ئاش ـ نېنىم



مەيدەڭگە تەپتىمۇ؟ يوقال كۆزۈمدىن، ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان نائەھلى ئىكەنسەن، ـــ دېدى قاتتىق غەزەپلەنگەن ئاكام».

**مەيدىسىگە ئۇرماق** 自告奋勇 zì gào fèn yǒng

مەنىسى: «مانا بىز بار»، «بىز كېپىل» دېگەندەك مەنىلەردە ۋەدە قىلماق؛ ئۆزىنىڭ باتۇر، كۈچلۈك ئىكەنلىكى ھەمدە مەلۇم ۋەزىيەتكە جاۋاب بېرەلەيدىغانلىقىنى خالايىققا شايى قىلماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «سەھنىلەردە ئۇسسۇل ئويناپ، ناخشا ئېيتقىنى ئۈچۈنمۇ، قورچاقتەك ياسىنىپ قارا قۇشقاچتەك سۆزلەپ يۈرگىنى ئۈچۈنمۇ يا؟ ئاشۇ ‹ئەركەك بىز›، ‹يىگىت بىز› دەپ مەيدىسىگە مۇشتلاپ يۈرىدىغان نى ـ نى گۆسمۇستەك يىگىتلەر ئەجەب ئۇنىڭدىن قاچسا ھە!».

« ... مەن يازغۇچى دەپ مەيدىسىگە مۇشتلاپ يۈرگەنلەر مېنى بىر تونۇپ قويسۇن، بىلىدىغان نەرسىلىرىم ناھايىتى كۆپ، قايسىسىنى يازسام بولاركىن، ـــ دەپ ئويلىدى ئۇ».

**موللا مۈشۈك** 猫哭老鼠 māo kū lǎo shǔ

مەنىسى: كۆڭلىگە يامان غەرەز، ئېرەكتىلىك مۇددىئالارنى پۈكۈپ ياۋاش، مۆمىنلىك قىياپەتلەرگە كىرىۋالماق؛ قاتتىق زەربىدىن يۈرەكئالدى بولۇپ كېتىپ، رايىش، مۆمىن بولۇپ كەتمەكنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «دەسلەپ قۇددۇس ئاخۇن بۇنىڭغا كۆنەلمەي غىچىرلىشىپلا يۈردى، ئاتا ـ ئانىسى راسا بىر ئەدەپلىۋېدى، موللام مۈشۈك بولۇپ كەتتى».

**موم بىلەن يىپنىڭ پۇلى كېتەمتى؟**

易如反掌 yì rú fǎn zhǎng

مەنىسى: ھېچقانداق زىيان ـ زەخمىتى يوق بولماق؛ سىنت چاغلىق چىقىمدار بولمايدۇ، دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: «بولدى بۇ ئوقۇتقۇچىنى ماڭا بەرسىلە، مەن مەكتە-

پىمىزگە ئورۇنلاشتۇراي مەندىن موم بىلەن يىپىنىڭ پۇلى كېتەمتى!».

### موم چىشلىمەك 有口难言 yǒu kǒu nán yán

مەنىسى: تىلى تۇتۇلۇپ، ئېغىز ئاچالماي قالماق؛ پىكىر قىلماي تۇرۇۋالماقنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: «ساۋۇت مەسخىرىۋازلارچە كۈلۈپ تۇرۇپ داۋام قىلدى، — بىرىنچى سوئالدىلا موم چىشلىۋالدىڭ. بىلگىنىڭ شۇمۇ، راست گېپىڭنى دېسەڭ بولمامتى، باشتىلا بىلمەيمەن دېسەڭ ئاكاڭ چۈشەندۈرۈپ قويمامتى !».

«ئەنۋەر يىپىندىكىلەرنىڭ بۇنداق ئۆزگىرىشلىرىدىن سىقىلغاندەك بولۇپ ئۇلارغا قاراپ قوياتتى، ئۇدۇلىدىكى ئىككىسى گويا موم چىشلىگەندەك سۆزسىز ئىدى».

### مۇداپىئە كۈنلۈكى قىلماق 保护伞 bǎo hù sǎn

مەنىسى: مەلۇم نۇقسان ياكى ئاجىزلىقلىرىنى يېپىشنىڭ باھانىسى قىلىۋالماقنى كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن: «بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ ‹مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى›نىڭ زىيىنىغا ئۇچرىغىنى راست، لېكىن بۇ ھامان لاياقەتسىز تۇرۇۋېرىشكە ‹ئىجازەتنامە› بولالمايدۇ، ‹مەدەنىيەت ئىنقىلابى›نىڭ زىيىنىنى مۇداپىئە كۈنلۈكى قىلىۋالماستىن، تىرىشىپ دەۋرنىڭ قەدىمىگە يېتىشىۋېلىش كېرەك».

### مۇز ئۈيۈلماق 虎尾春冰 hǔ wěi chūn bīng

مەنىسى: مەسىلە ياكى مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئەسلىدىلا نازۇك، دەرگۇمانلىق يېرىدىن چاتاق چىقماق؛ «قورققان يەردە جىن بار» دېگەندەك، ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئىشەنچسىز تەرەپلىرىدىن كاشىلا كۆرۈلمەكنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «بۇ بىزدىن بىزار بولۇپ تۇرغان سېستىرالارنى چاقىرىۋەرمەسلىك ياخشى ئىدى، مۇزنىڭ نېپىز يېرى مانا مۇشۇ يەردىن ئۈيۈلدى، تاغام ئىشپىرىسنى سۇندۇرۇپ قويدى».



### مۇقامنى بېكىتمەك 定于一尊 dìng yú yī zūn

مەنىسى: بىراۋلارنىڭ قانداق گەپ - سۆزلەرنى قىلىشى، نېمە مەزمۇنلاردا، نېمىلەرنى دېيىشى پۈتۈنلەي بىراۋلار تەرىپىدىن ئالدىن بەلگىلەپ بېرىلمەكنى كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن: «ھەممە ئىشنىڭ بېجىرىلىشى بولسا نۆۋەتتە ئېچىلىش ئالدىدىكى سوتقا بويسۇنۇشى ھەممە ئىشتا ئالدى بىلەن سوت ئورگانلىرى مۇقام بېكىتىپ، ئاندىن سوت قىلىنىغۇچىلاردىن ئىقرارنامە ئېلىنىشى لازىم ئىدى».

### مۈرىنى مۈرىگە تىرىمەك 并肩前进 bìng jiān qián jìn

مەنىسى: بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ ئىش قىلماق؛ ھەمدەم - ھەمكارلىقلىرى دېيەرلىك بولۇپ ئورتاق كۈچ چىقارماقنى كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن: «خېلى كۈنلەرگە سوزۇلغان قۇرۇلتاينىڭ ئاخىرقى كۈنى، چىڭگىزخان تۆھپە ياراتقان سەركەردىلەرگە ئاتاق ۋە تارتۇق بېرىشنى قارار قىلىپ، تالاي يىللاردىن بېرى ئۆزى بىلەن مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ جەڭ قىلغان توقسان بەش كىشىگە مىڭبېشى مەنسىپى بەردى».

### مۇشۇك ئاپتاپقا چىقمايدۇ 空言无补 kōng yán wú bǔ

مەنىسى: بىرەر ئىش - ھەرىكەتنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى ياكى ئورۇندىلىنىشى ئۈچۈن بېرىلگەن ھەق ياكى تۆلەنمىش بەدەلنىڭ تولىمۇ ئاز ياكى يوق ئىكەنلىكىنى، بۇ ھالدا ئىش تاڭ ئاتمايدىغانلىقىنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «نېمە، شۇنچىلىكمۇ تېخى؟ ئۇنچىلىك نېمىگە مۇشۇك ئاپتاپقا چىقمايدۇ»، «ئۇ، ھەتتا بەزى چاغلاردا ئىككى ئېغىز سۆز بىلەن يېنىپ چىققان كىشىدىنمۇ بىر نېمە ئۇندۇرۇشكە تىرىشاتتى، ‹بىكارغا مۇشۇكمۇ ئاپتاپقا چىقمايدۇ، سىزدىن پۇل سوراشقا تارتىنغان - دە، ماڭا بىرنېمە تاشلاپ كەتسىڭىز ئۆزۈم ئۇنىڭغا بېرىپ قويىمەن› دەيتتى».

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

**مۆڭگۈزى ئىچىدە** 厚貌深情 hòu mào shēn qíng

**مەنىسى:** بىراۋلارنىڭ يامانلىقى، خۇي ـ ئەفئاللىرى يوشۇرۇن تۇرىدۇ، زۆرۈر بولغاندا هامان خۇي قىلىدۇ، دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ.

**مەسىلەن:** «ياۋاشنىڭ مۆڭگۈزى ئىچىدە»، «ئۇ ياۋاشتەك قىلغىنى بىلەن مۆڭگۈزى ئىچىدە».

**مېزى چۇۋۇلماق** 漏洞百出 lòu dòng bǎi chū

**مەنىسى:** بىراۋلارنىڭ مەلۇم ئەمەلىيەتكە داخىل بولۇشى بىلەن يوشۇرۇن چاكىنىلىق ۋە بولمىغۇر مىجەز ـ خاراكتېرى تەبىئىي رەۋىشتە چۇۋۇلۇپ چىقماقنى سۈرەتلەيدۇ.

**مەسىلەن:** « ھەسەننىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمۇ شۇنداق چاكىنا ئۆتكەن خەق، ئىززەت ـ ئابرۇي كۆتۈرەلمەيدۇ، بىر يەردىن بولمىسا، بىر يېرىدىن مېزى چۇۋۇلۇپ تۇرىدۇ، — دېدى ئابدۇللا قازى ئېچىلىپ ۋە قەتئىي هۆكۈم چىقارغان هالدا».

**مېزىنى تىتماق** 肤受之诉 fū shòu zhī sù

**مەنىسى:** كىشىلەرنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى جاھانغا يايماق؛ ئاشكارا ياكى خۇپىيانە قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىنى ئېچىپ تاشلىماقنى سۈرەتلەيدۇ.

**مەسىلەن:** «ئۇ تېلېفوندا، بىرنەچچە بىغەرەز غەلۋە چىقىرىپ ۋەكىلنى سايلىيالمىدۇق، بۇ غەلۋىخورلار يا ئۇ، يا بۇ دېمەي خەقنىڭ يېغىرىغا تېگىپ، مېزىنى تىتقىنى تىتقان دەپ، دادخورلۇق قىلدى».

**مېغىزىنى چاقماق I** 淋漓尽致 lín lí jìn zhì

**مەنىسى:** مەلۇم مەزمۇنلارنىڭ ئىچكى ماهىيەتلىرى، چوڭقۇر مەنىلىرىنى يېشىپ بەرمەك؛ گەپ ـ سۆزلەرنىڭ نەق مەزمۇنىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ سۆزلىمەكنى سۈرەتلەيدۇ.

**مەسىلەن:** « شاياخۇن داموللام بۇگۈن جامائەتكە ھەدىسلەرنىڭ مېغىزىنى چىقىپ بەردى».



«ئۇلار ئادەتتە هېچكىمنى ئۆزلىرىگە تەڭ كۆرمەي، گىدىيىشىپ يۈرگىنى بىلەن نازۇك ئىلمىي مەسىلىلەرنىڭ مېغىزىنى چېقىشتا يەنىلا ئاجىزلىق قىلاتتى».

**مېغىزىنى چاقماق II** 含英咀华 hán yīng jǔ huá

**مەنىسى:** راھىتىنى كۆرمەك؛ پەيزىنى سۈرمەك؛ مەلۇم ئەجىر ـ مېهنەتنىڭ هۇزۇر ـ هالاۋەتلىرىگە يېتىنمەكنى سۈرەتلەيدۇ.

**مەسىلەن:** «چۈنكى ئۇلارنىڭ دوست ـ يارەنلىرى بۇنداق ئىشلارنى تەجرىبىدىن ئۆتكۈزگەن ۋە نۇرغۇن مەنسەپ سودىگەرلىرى شۇنداق ئىشەنگەنلىكىنىڭ مېغىزىنى چاققانىدى»، «ئۇ تازا مەنسەپنىڭ مېغىزىنى چېقىۋاتقان كۈنلەردە، دوڭغاق سۆگەت يېزىسىغا ئىنتىزام تەكشۈرۈش بىلەن ئىقتىسادىي تەپتىش گۇرۇپپىسى يېتىپ كەلدى».

**مېڭىسىدىن تۈتۈن چىقىپ كەتمەك**

惶恐不安 huáng kǒng bù ān

**مەنىسى:** دەھشەت سۈر باسماق؛ قاتتىق ئۈركۈپ كەتمەك، غەزەپتىن جان ـ پېنى چىقىپ كەتمەكنى بىلدۈرىدۇ.

**مەسىلەن:** «ئۇ ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنگۈسى كەلمەي، ئىشىكنى قىيا ئاچتى ۋە بەكرى هاكىمنىڭ هېلىقى كىشىنى باشلاپ ئىشخانا تەرەپكە كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى ـ دە، مېڭىسىدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى».

**مېڭىسىگە سۇ كىرمەك** 脑子进水 nao zi jin shui

**مەنىسى:** بىلىشكە، سېزىشكە تېگىشلىك مەنە ياكى هادىسىلەرنى غەپلەت باسقاندەك بىلمەي ئۆتۈپ كەتمەك؛ يارقىن كۆرۈنۈپ تۇرمىش سەپسەتىلەرگە دېۋەڭلىك بىلەن يېپىشىپ قالماقنى بىلدۈرىدۇ.

**مەسىلەن:** «مېڭەڭلەرگە سۇ كىرىپ كەتكەنمۇ؟ شۇنچە ئېيتساق مەقسەتنى قىلچە چۈشەنمەي، يەنىلا قىلدىغىنىڭلارنى قىلىپ ئولتۇرۇۋېسىلەرغۇ؟».

**مىخقا ئۇسمەك** 碰钉子 pèng dīng zi

مەنىسى: ئويلىمىغان، بىلمىگەن ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ، تۇمشۇقىغا يېمەكنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: «ئۇ ئىككى ئورۇندا مىخقا ئۇسكەندىن كېيىن، گاڭگىراپ قالغان بىرنەچچە كۈندىن بېرى قاتتىق باش قاتۇرۇپمۇ نادىرنىڭ ئەدىپىنى بېرىشنىڭ تۈزۈك چارىسىنى قىلالمىدى».

**مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلمەك** 九死一生 jiǔ sǐ yī shēng

مەنىسى: بىركىملەرنىڭ مەلۇم ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغۇچە نەھايەت زور ئازاب – ئوقۇبەت، دىشۋارچىلىقلارنى تارتقانلىقىنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «ئاكىلىرى ئابباس مىرزا بىزنى چىدىغۇسىز ماتەم ئازابىغا مۇپتىلا قىلدى، مانا شۇ زەردابنى يۇتالماي، مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلىپ تۇرغاندا، پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ مەرھەمىتى بولمىش ئەمىرلەشكەر جانابلىرى بىزنى يەنە تۇغمەس داغدا قويدى».

## ن

**ناسۋال قاپاقتا نان بارمۇ؟** 毁于一旦 huǐ yú yī dàn

مەنىسى: تاسادىپەن خانىۋەيران بولۇپ كەتكەن؛ ھەممە نەرسىدىن ئايرىلىپ، بىر بۇردا نانغا زار ھالغا قالماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: « تەييار دۆلەتكە ئىگە بولۇپ كىمسەن، جامالباي بولۇۋالدىلا، يەنە بۇ ئۆيدىن قوغلاندى بولۇپ، بار – يوقتىن ئاجراپ بالدۇرقىدەك جامال سولتەككە ئايلىنىپ، چاسىدا ناسۋال قاپاقتا نان بارمۇ دەپ يۈرمىسىلە».

**نان بەرگەن قولنى چىشلىمەك** 以怨报德 yǐ yuàn bào dé

مەنىسى: ھالىدىن خەۋەر ئالغان، تەمىنات بېرىپ تۇرمۇشقا ئىگە قىلغان كىشىلەرگە يامانلىق قىلماقنى سۈرەتلەيدۇ.



مەسىلەن: «ھالبۇكى، شەپقىتىمىز تۇپەيلى قورسىقى تويۇپ، دولىسى ئاپتاپ كۆرگەن ئىمانى سۇس پۇقرا نان بەرگەننىڭ قولىنى چىشلەپ، تۇز بەرگەننىڭ تۇزلۇقىنى چېقىشقا تۇتۇندى».

**نان بەرمەسلىك** 土鸡瓦犬 tǔ jī wǎ quǎn

مەنىسى: ئەمەلىي نەپ بەرمەيدۇ؛ جانغا ئەسقاتارلىق يار – يۆلەكلىك كۆرسەتمەيدۇ، دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: «بۇ چارىمۇ تۈزۈك نان بەرمەيدۇ، باشقىچە بىر ئامال ئويلاشساق بولارمىكىن. يول كۆرسەتكەن نان بەرمەيدۇ».

**نان تېپىپ يېمەك** 养家活口 yǎng jiā huó kǒu

مەنىسى: جاھاندارچىلىق قىلماق، كۈن ئالماقلارنى كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن: «ماۋۇ گېپىڭ بولىدۇ، ئۇكام، مۇشۇ گېپىڭدىن قارىغاندا، سەنمۇ نان تېپىپ يېيەلەيدىغان ئوخشايسەن».

**نان تېگىدىغان** 有利可图 yǒu lì kě tú

مەنىسى: نەپ – مەنپەئەت بېرىدىغان يەرلىرى، دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: «بىز بىر ياخشىراق ئامال تېپىپ بېرەلىسەك ھېچكىم كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ماكانلىرىنى تاشلاپ كەتمەيدۇ، نان بېرىدىغان ئامال كېرەك».

« مانا، مانا دىققەت قىلايلى ھە! دىققەت، ئەمدى ھۆججەتنىڭ نان تېگىدىغان يېرىدىن بىرنەچچە كەلىمە ئوقۇپ بېرىمەن، دىققەت قىلىلى».

**نەچچە قازاندا قاينىغان** 格物致知 gé wù zhì zhī

مەنىسى: كۆپ ئىشلارنى كۆرۈپ پىشىپ كەتمەك؛ تالاي تارتقۇلۇقنى تارتىپ قاقباش بولۇپ كەتمەكلىكنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «ھە، بىزمۇ خەق قىلغاننى كۆڭلىمىز، ۋىجدانىمىز خالىمىسىمۇ قىلمىساق، بۇ جەمئىيەتتە كۈن ئالماق تەس، بالام، ئوبدان ئويلا، مەن ساۋاتسىز بولساممۇ نەچچە قازاندا قايناپ مۇشۇنداق پىشىپ كەتكەن ئادەممەن».

www.uyghurkitap.com

**نەچچە ئىشتاننى كۆپ يىرتقان**

见多识广 jiàn duō shí guǎng

مەنىسى: نىسبەتەن كۆپ ياشىغان؛ كۆرگەن ـ بىلگىنى كۆپ، تەجرىبىسى مول، دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ.

مەسلەن: «مېنىڭ ئويلاۋاتقىنىممۇ شۇ، ئاكا، — يېڭىلىنغاندەك سۆزلىدى مۇلايىم يىگىت، — سىز ھەر ھالدا بىزدىن نەچچە ئىشتاننى كۆپ يىرتقان، بۇنىڭدەكتىن مېنىڭدە يەنە ئون توققۇزى بار، مەن بۇنى كونا مازارغا قارايدىغان شەيختىن ئالدىم دەڭا».

**نەم تەپتۈرمەك** 指桑说槐 zhǐ sāng shuō huái

مەنىسى: مەلۇم ئىش ـ ھەرىكەتلەر ئارقىلىق مەلۇم بىر نەرسىلەرگە تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇچىنچى بىر نەرسىلەردە بۇرۇلۇش، ئۆزگىرىش ياساپ مەقسەتكە يەتمەكنى كۆرسىتىدۇ.

مەسلەن: «شۇ كۈنلەردە، ئايتۇرسۇننىڭ ئوغۇللار بىلەن ئاپاق ـ چاپاق بولۇشۇپ كېتىشلىرى پەقەت كۆڭۈل قويۇپ ياسىلىۋاتقان بىر تۇرلۇك تاشقى كۆرۈنۈشلەردىنلا ئىبارەت بولۇپ، مەقسەت بىرلا — روزى قارىيغا كېلىشتۇرۇپ بىر نەم تەپتۈرۈشتىنلا ئىبارەت ئىدى ».

**نەم يەرگە دەسسىمەسلىك** 一退六二五 yī tuì liù èr wǔ

مەنىسى: ناھايىتى ھوشيار، ئازراقمۇ ئالدانمايدىغان قاقباش؛ كىشىلەرگە ھەرگىزمۇ پايدا ـ نەپلەرنى بېرىپ قويمايدۇ، دېگەنلەرنى سۆرەتلەيدۇ.

مەسلەن: « ۋاي ! ئەخمەق بولماڭلار، ئۇ ھەرگىزمۇ نەم يەرگە دەسسىمەيدۇ ».

**نوختا سالماق** 画地为牢 huà dì wéi láo

مەنىسى: بىراۋلارنى تىزگىنلەپ، ئىختىيارلىقى ۋە تەشەببۇسكارلىقىنى تارتىپ ئالماقلارنى بىلدۈرىدۇ.

مەسلەن: ئۇغۇ ئىككى ئاش پىشىم جاۋىلىدىدى، گېپىگە زەن قويسام ئۇيان چۆرگىلىتىپ، بۇيان چۆرگىلىتىپ، ئادەمگە



نوختا سالىمەنلا دەيدۇ.

**نوخلىسى ئۆسمەك** 胆大妄为 dǎn dà wàng wéi

مەنىسى: ئەسكىلىكتە خۇدىنى بىلمەس، داخۇڭگەي بولۇپ كەتمەك؛ ھەددىدىن ئېشىپ، يولدىن چىقىپ يامان ئىشلارنى قىلماقنى سۆرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «تۇردى بەگ تۆپەيلىدىن نەسىردىننىڭ يەنە نوخلىسى ئۆسۈپ، شەمشىدىنگە يېڭى ـ يېڭى بېسىملارنى ئىشلىتىشكە باشلىدى».

**نوخلىسىنى ئالماق** 迎头痛击 yíng tóu tòng jī

مەنىسى: بىراۋلارنى ئەدەپلەپ ياۋاشلىتىپ قويماق؛ دەككىسىنى بېرىپ ئىش ـ ھەرىكىتىگە چەك قويۇپ، قىنىغا چۈشۈرمەكنى سۆرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «ۋاڭلىق تۈزۈم بىكار قىلىنسۇن، ئۇلارنىڭ نوخلىسى ئېلىنسۇن، پۇقرالاردىن تارتىۋالغان ۋە قوشۇۋېلىنغان يەر، سۇ، زېمىنلەر ئۆز ئىگىلىرىگە قايتۇرۇپ بېرىلسۇن».

**نېرىسىغا ئۆتۈپ، بېرىسىغا قاراپ قالماق**

矫枉过正 jiǎo wǎng guò zhèng

مەنىسى: چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىپ، ئىشنى بۇزۇپ قويماق؛ چېچەنلىكتە، سەزگۈرلۈكتە چەككە يېتىپ كەينىگە يېنىپ قالماق دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ.

مەسلەن: «پۇجۇڭ خېنىم، يوغان قورساق، يۇزى ياداڭغۇ، سېرىق ئۆڭلۈك، قاش ـ كىرپىكسىز ۋە چاچسىز ئايال ئىدى، پەردازنى نېرىسىغا ئۆتۈپ، بېرىسىغا قاراپ قالغۇدەك دەرىجىدە قىلاتتى».

**نېمى ئىچىگە ئۆتۈپ كەتمەك** 刻肌刻骨 kè jī kè gǔ

مەنىسى: بىراۋلاردىن ئىشىتكەن گەپ ـ سۆزلەر كۆڭۈلدە ئولتۇرۇپ قالماق؛ ئەسلىگە كەلتۇرۇپ بولماس دىل يارىسى پەيدا قىلماقنى سۆرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «ئاشۇ مۇدىرىڭىزنى ‹ئاغزى يېنىك، ئەمما ئاق كۆڭۈل› دەيدىكەنسىلەر، ئۇنىڭ ئاشۇ ئاغزى يېنىكلىكى بىلەن ئېيتقان گەپلىرىنىڭ نېمى ئادەمنىڭ ئىچىگە ئۆتۈپ كەتكەندە، ‹ئاقىلەي، كۆكىلەي› دېگىنى بىلەن ئادەم يەنىلا ئېسىگە كېلەلمەيدىكەن».

当场出彩 dāng chăng chū căi **نىقابىنى يىرتماق**

مەنىسى: بىراۋلارنىڭ مەلۇم سىر ـ ئەسرالىرىنى، مەلۇم مەقسەتتە ياسىنىۋالغان ساختا قىياپەتلىرىنى ئېچىپ تاشلاپ، ئەسلىي ھالەتلەرنى بىلدۈرمەكنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: « شۇ چاغدا بۇۋىمىنىڭ تەقۋادارلىق نىقابىنى يىرتىپ تاشلاش ئۇنداق ئوڭاي ئەمەس بولسىمۇ، بىز بۇنىڭغا ئاللىقاچان بەل باغلىغاندۇق».

## ھ

牢骚满腹 láo sāo măn fù **ھاردۇقى چىقماسلىق**

مەنىسى: مەلۇم ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ نەتىجىسى ئارماندىكدەك، ئىلگىرى دىتلىغاندەك بولماي قېلىپ، ئەكسىچە، ئەپسۇسلىنىش ۋە نادامەتلىك پەيدا قىلماقنى كۆرسىتىدۇ.

مەسلەن: «مەن يەرگە چۈشۈپ كەتكەن ناننى يەيدىغان ئادەم ئەمەس، گەپنى ئوچۇق قىلاي، بىز توي قىلدۇق، شۇنداق پاك ئارزۇلار ئىچىدە توي قىلدۇق، بىراق مېنىڭ ھاردۇقۇم چىقمىدى، مەن ئەمدى قانداق قىلىشىم كېرەك دېگەن پىكىر ئۈستىدە باش قاتۇردۇم».

**ھاڭغا ئىتتەرمەك**

مەنىسى: يوقىلىشقا، ۋەيران بولۇشقا يۈزلىنىدىغان ھالەتكە مەجبۇرلىماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «شان ـ شۆھرەت نەسەبلىك كىشىلەرنىڭ باشقىلارنى



زوقلاندۇرىدىغانلىقىدا شەك يوق، لېكىن ئەنە شۇ شان ـ شۆھرەت بەزىدە شۇ ئادەمنى چوڭقۇر ھاڭغا ئىتتىرىپ تاشلايدىغان قاتىل بولۇپ قالىدۇ».

黯然销魂 àn rán xiāo hún **ھەپسىلىسى پۇر بولماق**

مەنىسى: مەلۇم ئادەم ياكى نەرسىدىن رايى قايتماق، ئۇنىڭغا بولغان ئۈمىد ۋە قىزىقىشلىرى غايىب بولۇپ، سوۋۇپ كەتمەكنى بىلدۈرىدۇ.

مەسلەن: قايسىبىر نۆۋەتلىك مۇسابىقىدە بىر كالا ئادەملەرنىڭ خىيالىغا كەچمىگەن ھالدا تاسادىپىي غەلىبە قىلغانىكەن، تاماشا كۆرۈپ تۇرغان ئادەملەرنىڭ ھەپسىلىسى خېلىلا پۇر بوپتىمىش. شۇنىڭغا ئۇ كالىنى ئۆلتۈرۈپ «مۇكاپاتلىغان»لىقى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس».

废然而返 fèi rán ér făn **ھورى بېسىلماق**

مەنىسى: جىددىيلىك پەسكويغا چۈشمەك؛ ئال پىچاق، كەسقۇلاقتەك ۋەزىيەتتىن يانماق؛ ئەسلىدىكى قىزغىنلىق، ھېرىسمەنلىك پەسكويغا چۈشمەكنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «ئاۋۋال ماڭا نەيزە سانجىپ: ئانامنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەبچى بولغان دۈشمەنلەرگە خىزمەت قىلغىلى كەلگەنمىدىم؟! دەپ ئاچچىقلاندىيۇ، بىراق ... بويۇنلىرى قىلتىرىقتەك بولۇپ قالغان ئاچ ئۆسمۈرلەرگە، قېرىلارغا، ئاياللارغا كۆزى چۈشكەندىن كېيىن ھورى بېسىلدى».

枯木朽株 kū mù xiŭ zhū **ھورى تۈگەپ، شورى قالماق**

مەنىسى: راھەت ـ پاراغەتلىرى تۈگەپ، دەردۇ دىشۋارلىرى قالماق؛ پەيزى بار پەيتلىرى كېتىپ، قاقشال مەزگىللىرى قالماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «مانا جاھاننى يەنە قاراڭغۇلۇق باستى، باي بالىسى مەندەك بولسا بايلار دوزىخى بولسۇن، ھورى تۈگەپ، شورى قالغان ئەسكى تامنى ماڭا مىراس قالدۇرغان ئاتامغا لەنەت».

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

**ھويلىسىغا چالما چۈشمەك** 密约偷期 mì yuē tōu qī

مەنىسى: بىر كىمنىڭ ئائىلىسىدىكى ئايال زاتىغا ئەلچى كىرگەنلىكىنى ياكى لايىق چىققانلىقىنى بىلدۈرىدىغان ئىبارە.

مەسىلەن: «ساڭا مەسلىھەتكە كېلىۋىدىم، بىزنىڭ ھويلىغا چالما چۈشتى، — دېدى ئۇ ئىنىسىگە قاراپ».

**ھۇجۇم بىلەن قوغدانماق** 以攻为守 yǐ gōng wéi shǒu

مەنىسى: سىر پاش بولۇپ بەربات بولۇش ئالدىدا تۇرغان كىشى ياكى يولسىزلىق بىلەن پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قالغان كىشىنىڭ ياكى ئىجتىمائىي گەۋدىنىڭ خىرىس قىلىش ياكى قارشى تەرەپنىڭ ئاجىز ھالقىسىغا ھۇجۇم قىلىش بىلەن قۇتۇلۇپ كېتىش ئۈستىدىكى ئورۇنۇشىنى سۈرەتلەيدۇ. كۆپىنچە خۇمدان دەزى بارلارنىڭ چالۋاقاپ، كىشىلەرنى ئېغىز ئاچماس قىلىپ قويۇشقا تىرىشىش ھالەتلىرىگە ئوخشىتىلىدۇ. يەنە شۇنىڭدەك، سوراق ئۈستىدىكى جىنايەتچىلەرنىڭ ھەدېسە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھۇجۇم قوزغاپ، سوراقچىنى ئېغىز ئاچقۇزماسلىققا ئورۇنۇش ھالەتلىرىنى سۈرەتلەشتە قوللىنىلىدۇ.

مەسىلەن: «ھىيلىگەر قاتىل، سوراقچىلار ئوي - خىياللىرىنى بىلىپ قېلىپ، دەسلەپىدە ھەدەپ ئۆزىنى ئاقلىغان ۋە بىچارە قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، سوراقچى خادىملارنىڭ ھېسداشلىقىغا ئېرىشكەن، توغرا سورالماي قالغان قىسمەن گەپلەرنى تۇتۇۋېلىپ ھەدەپ كايىپ ھۇجۇم بىلەن قوغدانغان».

**ھۆل خىشقا دەسسەتمەك** 戴高帽子 dài gāo mào zǐ

مەنىسى: كىشىلەرنى ئالداپ ياكى ھىيلىلەر بىلەن ئەقلىنى غەلەت قىلىپ، ئۆز مۇددىئاسىغا مۇناسىپ سەنەمگە دەسسىتىشنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «دۈشمەنلەر بىزنى ھۆل خىشقا دەسسەتمەكچى بولۇپ، مىنا كۆمۈلگەن تەرەپكە قاراپ چېكىندى».

**ھۆل خىشقا دەسسىمەك**



上当受骗 shàng dàng shòu piàn

مەنىسى: ئالدىنىپ قالماق؛ ماختاش، ئۇچۇرۇشلارغا مەھلىيا بولۇپ قېلىپ، ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كەتمەك، زىيان تارتىۋالماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «ئۆزۈمنى بىلمەي شىلتىڭ ئېتىپتىمەن، ئەسكى پالاسقا يۆگىنىپ ھەپتە يېتىپتىمەن، دېگەندەك ئىش بولۇپ قالسا، كېيىن پۇشايماننى ئالدىغانغا قاچا تاپالماي قالىدىغان گەپ، بېگىمنىڭ كۆڭلىگە يېقىپ، خېنىمنىڭ كۆڭلىگە ياقماي ھۆل خىشقا دەسسەپ سالغانلارمۇ ئاز ئەمەسقۇ؟»

**ھىد ئېلىشماق** 不约而同 bù yuē ér tóng

مەنىسى: ئۆز تائىپىسى، تەبىقىسىدىكىلەر بىلەن تېپىششقا كىرىشمەكنى كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن: «ئەمەت بۇ شەھەرگە يېڭى كەلگىنىدە، ھەر جەھەتتىن يېتىمسىرەپ قالغاندەك بولدى. بۇ ھالمۇ ئانچە ئۇزۇنغا بارمىدى، ئۆز تائىپىسىنىڭ بۇ يەردىكى جامائىتى ئەزالىرى بىلەن ناھايىتى ئاسانلا ھىد ئېلىشىپ، تېپىشىۋالدى».

## ئو

**ئوت قۇيرۇقلۇق قىلماق** 推涛作浪 tuī tāo zuò làng

مەنىسى: دەيدەيگە سالماق؛ ئارىغا نىزا تېرىماق؛ مەقسەتلىك رەۋىشتە باش سوقۇشتۇرماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «ئالىيلىرىنىڭ ئوت قۇيرۇقلۇق قىلىۋاتقان يامان غەرەزلىك كىشىلەرنىڭ گېپىگە كىرمەسلىكلىرىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن ئىلتىماس قىلىمەن، — دېدى كامالىددىن مىرزا».

**ئوتتۇرىغا چىقماق** 出头露面 chū tóu lòu miàn

مەنىسى: نىشانغا ئايلىنىپ قالماق؛ ئاساسلىق ئىش تەۋرەتكۈچى

سۈپىتىدە نەزەرنىڭ مەركىزىگە ئۆتۈپ قالماقنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: «بىزنىڭ ئوغۇل بوش چىقىپ قالدى، خوتۇنى ئۇنىڭغا بوي بەرمەي ئوتتۇرىغا بىر چىقىپ قالدۇق، شۇنىڭ بىلەن تولا تىللاپ يۈرۈپ ئاخىر خوتۇننى قويۇۋېتەي دېگەن يەرگە كەلتۈرۈپ سىلىنىڭ يانلىرىغا كېلىشىم».

玩火自焚 wán huǒ zì fén **ئوت ئوينىماق**

**مەنىسى:** بالا ـ قازا، دەرد ـ ئەلەم ئېلىپ كېلىدىغان ئىش ـ ھەرىكەتلەردە بولماق؛ ئۆز ـ ئۆزىنى نابۇت قىلىدىغان خەتەرلىك ھادىسىلەرگە ساددىلىق ياكى بىخەستەلىك بىلەن يېپىشماقنى سۈرەتلەيدۇ.

**مەسىلەن:** «بىر قىسىم رەھبىرىي كادىرلىرىمىز قانۇن ـ تۈزۈملەرنى ئېنىق بىلىپ تۇرۇپمۇ، ھېلىھەم قاپ يۈرەكلىك بىلەن ئوت ئويناۋاتىدۇ».

风雨同舟 fēng yǔ tóng zhōu **ئوتقا كىرسە ئوتقا كىرمەك**

**مەنىسى:** بىركىم باشلىغان يولغا يەكدىللىق بىلەن ئەگىشىپ ماڭماق؛ زەررىچە ئارىسالدىلىقتىن خالىي ھالدا باتۇرلۇق بىلەن ئەگەشمەكنى بىلدۈرىدۇ.

**مەسىلەن:** «جاڭ دارىن ماڭا بەرگەن زەھەر كۆزۈمنى ئاچتى، سەن ماڭا ئىشەنسەڭ دوستۇم، بۇنىڭدىن كېيىن سەن ئوتقا كىرسەڭ ئوتقا، سۇغا كىرسەڭ سۇغا كىرىمەن»، «مىر ئەھمەد بەگنىڭ ئوتقا دېسە ئوتقا، سۇغا دېسە سۇغا كىرىدىغان چاپارمەنلىرىدىن ھېلىقى تۇپۇق، شەمشەكباي، ئەمەت تورپاق قاتارلىقلارمۇ كېڭەشكە قاتناشقانىدى».

推波助澜 tuī bō zhù lán **ئوتقا ياغ چاچماق**

**مەنىسى:** مەلۇم بىر خىل ئىش ـ ھەرىكەت ياكى ھالەتنىڭ شىددەت بىلەن يۇقىرى ئۆرلىشىگە سەۋەبكار بولماق؛ گەپ ـ سۆز ياكى جەڭگى ـ جېدەلنىڭ يەنىمۇ ئۇلغىيىشى ئۈچۈن قۇتراتقۇلۇق قىلماقنى سۈرەتلەيدۇ.



**مەسىلەن:** «مەدرىسە ـ خانىقالىرىنىڭ ئاياغ ئاستى قىلىنىشىنى ئۆلۈم بىلەن باراۋەر كۆرىدىغان تەقۋادار نامازخانلارنىڭ ئاداۋەت ئوتلىرىغا ئىشان ـ سوپىلار ياغ چېچىپ، ئۇلارنىڭ غۇرۇرىنى ھەسسىلەپ قۇتراتتى».

**ئوتىدا كۆيۈپ، سۈيىدە ئاقماق**

全心全意 quán xīn quán yì

**مەنىسى:** بىراۋ يەنە بىراۋلار ئۈچۈن بارلىقىنى بېغىشلاپ، جىمى ئېغىر ـ يېنىكلىرىنى كۆتۈرمەك؛ بارلىق دەرد ـ ئەلەمنى تارتماقنى سۈرەتلەيدۇ .

**مەسىلەن:** «مېھرىبان ئانا ئوتىدا كۆيۈپ، سۈيىدە ئېقىپ قاتارغا قوشقان پەرزەنتلىرىدىن كېلىۋاتقان خورلۇقلارنى ئانچە ئېغىر ئېلىپمۇ كەتمەيتتى، ئەمما ئۇلارنىڭ ھەممىلا سەۋەنلىكلىرىنى ئەپۇغا چىقىرىۋېتىشىنىڭ سەۋەبلىرىنىمۇ تازا تېپىپ كېتەلمەيتتى».

**ئوتىدىن كىرىپ، كۈلىدىن چىقماق**

**مەنىسى:** جەبىر ـ جاپالاردا باشتىن ـ ئاخىر بىللە بولماق؛ بىراۋلارنىڭ مۇلازىمەت، خىزمەتلىرىدە يەكدىللىك، تىرىشچانلىق ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن بولماقلارنى كۆرسىتىدۇ.

**مەسىلەن:** «ئۇ ئۆزى ئۈچۈن كۈتمىگەن يەردىن خارخا تاغا ئوخشاش ھىمايىچىگە يولۇققىنىغا خۇشال بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئوتىدىن كىرىپ، كۈلىدىن چىقىشقا باشلىدى».

厝火积薪 cuò huǒ jī xīn **ئوتنى كۆممەك**

**مەنىسى:** قايتا ئىش باشلاشنىڭ خېمىرتۇرۇچ ـ كۆنەلگۈلىرىنى ئېلىپ قالماق؛ غەلۋە ـ غوۋغالارنىڭ يىلتىزىنى ساقلاپ قالماقنى بىلدۈرىدۇ.

**مەسىلەن:** «يېزا ئاقساقال، كەنت كالتە ساقاللىرىمىز قالايمىقان ھەق ئېلىش، ئايىغى چىقماس ھاشارغا سېلىشلارنىڭ ئوتىنى كۆمۈپ قويۇپ، ‹كەنت ئىشىدا ئاشكارا بولۇش›، ‹دېھقانلارنىڭ يۈكىنى يې-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

نىكلىتىش، ئويۇنلىرىغا چۈشۈپ كەتتى».

**ئۇشۇقى ئالچۇ چۈشمەك** 稳吃三注 wěn chī sān zhù

مەنىسى: ئامىتى كېلىپ، ئىشلىرى يۈرۈشۈپ كەتمەك؛ تىجارىتى تاسادىپىي يۈرۈشۈپ كەتمەكنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «مەن شەرەفىدىن ئاكىنىڭ ئۇشۇقى ئالچۇ چۈشكەن ئامەتلىك، خۇشال چاغلىرىنىمۇ، قانداقتۇر ئىچكى غەم - قايغۇغا چۆكۈپ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن ۋاقىتلىرىنىمۇ كۆرگەن».

**ئوقۇرغا ئۆگىنىپ قالماق** 恋栈不去 liàn zhàn bù qù

مەنىسى: تەييار تەمىنات، مەئىشەتلەرگە كۆنگەن، ئىزدىنىپ تېپىشلار بىلەن خۇشى ھەم ئېپى يوق، دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: «ھەر ھالدا ياخشى ئويلان، ئۇكا، كېيىن پۇشايمان قىلىپ قالما. سەن بولساڭ ئوقۇرغا ئۆگىنىپ قالغان ئادەم، ئەگەر رېستوراننى ئۆزۈم ئاچىمەن دېسەڭ ياردەم قىلىمەنغۇ، لېكىن ئۇنىڭ جاپاسى جىق».

«بۇ ئاكىڭىز بارغۇ ئوقۇردىكىنى يەپ كۆنۈپ قالغان، سىڭلىم، تېپىپ يېيىش قولىدىن كەلمەيدۇ».

**ئوقۇرى ئېگىز** 傲睨万物 ào nì wàn wù

مەنىسى: ھالى چوڭ، نەزىرى ئۈستۈن، دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: «قىزىمىزنىڭ كۆڭلى چۈشكەن مەيلى بار ئادەمگە ئۇنى، بۇنى دېمەي ماقۇل بولساق بولمامدۇ؟ ئامبالنىڭغۇ ئوقۇرى ئېگىز، قىزىمىزنى خورلايدۇ دېدىلە، مەيلى بار ئادەمنى ياراتمىدىلا، قايسى گەپلىرى راستكىن».

**ئوقۇۋەتمەك** 敲竹杠 qiāo zhú gàng

مەنىسى: ھوشيار ۋە سەگەك تۇرسىمۇ قاتتىق ئالدىۋەتمەك، كەلتۈرۈۋەتمەك، بۇردا قىلىۋەتمەكنى كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن: «سەن ئامال قىلىپ مۇسا خاڭجاڭنى بىر ئوقۇۋەت-



كىن، خاڭنىڭ ئۈستىدىن ياخشىراق بىر ئىش ئېلىپ ئىشلە، كەچتە ئۆيۈڭگە كېتىسەن، ئەتىگەندە قۇدۇق ئېغىزىغا كېلىپ ئىشلەيسەن».

## ئۈ

**ئۈخلىسا چۈشىگە كىرمەيدىغان** 出其不意 chū qí bù yì

مەنىسى: ئەسلا تەسەۋۋۇر قىلىنمىغان، ئويلاش، پەرەز قىلىش مۇمكىنچىلىكى، ئىمكانىيىتى بولمىغان ھادىسە، دېگەننى بىلدۈرىدۇ. كۆپىنچە تاسادىپىي روي بەرگەن ھادىسىلەرگە ياكى كۈتۈلمىگەندە پەيدا بولغان ئويدۇرمىلارغا قارىتا ئېيتىلىدۇ.

مەسىلەن: «رەنادىن كەلگەن سەرگۈزەشتىلەرنىڭ ئۆلۈمگە تەرەققىي قىلىشى ئۈخلىسام چۈشۈمگە كىرمەيدىغان ئىش ئىدى. ماڭا شۇنچىلىك غەيرىي تۇيۇلدىكى، ئۆزۈمنىڭ نەدە كېتىۋاتقانلىقىمنىمۇ ئاڭقىرالماي قالدىم».

**ئۈخلىماي چۈش كۆرمەك** 白日作梦 bái rì zuò mèng

مەنىسى: ئۆز خىيالىغا چىنپۈتۈپ، ئارمان ۋە شېرىن خىياللىرىنى «رېئاللىق» دەپ چۈشىنىپ قالماق؛ تىلىكىنى ئىجابەت قىلمىش پىلان ۋە تەسەۋۋۇرلىرىنىڭ ئىشقا ئېشىشىنى بەكلا ئاسان چاغلاپ، خام خىياللاردا لەززەتلەنمەكنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «ئۈخلىماي چۈش كۆرۈشۈپسەن، چۆچەكلەردە چۆپ يېيىشىپسەن، سەن نېمىلەرگە بېرىدىغان قىز دۇنياغا كەلگىنى يوق».

**ئۈزۈن - قىسقا تون پىچماق** 臧否人物 zāng pǐ rén wù

مەنىسى: بىراۋلارغا ئۆز چۈشەنچىسى، خىيالىچىلا باھا، تەقرىزلەر ئېيتماق؛ ئارقىسىدىن ئېگىز - پەس گەپلەرنى قىلىپ، خاراكتېرىنى بېكىتمەكنى كۆرسىتىدۇ.

مەسلەن: «تازىمۇ مەتۇ خوتۇنىمۇ نېمە بۇ؟ بېغىنى سورىماي مېۋىسىنى يە، دەپ ‹شاققىدە› تېگىۋېلىپ، نەچچە يىل دۆلىتىنى كۆرۈۋالماي، شۇنداق كاتتا ئادەمگە ئۇزۇن ـ قىسقا تون پىچىپ يۈرگىنىنى كۆرمەمدىغان ئۇنىڭ!».

## ئۇستىخىنى چۇشۇپ قالماق 以石投水 yǐ shí tóu shuǐ

مەنىسى: مەلۇم يۇرت ـ ماكانغا كۆنۈكۈپ، سىڭىشىپ، يۇرت ئەھلى بىلەن كېلىشىپ قالماقنى بىلدۇرىدۇ.

مەسلەن: «دەسلەپ ئۇنىڭ ـ بۇنىڭ ئۆيىدە، كېيىن غوپۇر هاجىم باينىڭ ئۆيىدە مەدىكار ئىشلەپ يازنى چىقاردى، ئۇلارنىڭ بۇ يەرگە ئۇستىخىنى چۇشۇپ قالدى بولغاي، قىش كېلىشى بىلەنلا ئېرى مەدىكارلىقتا تۇردى، مەھەللىگە سىڭىپلا كەتتى».

## ئۇ قۇلاقتىن كىرىپ، بۇ قۇلاقتىن چىقىپ كەتمەك

东风吹马耳 dōng fēng chuī mǎ ěr

مەنىسى: گەپ ـ سۆز ياكى پىكىر مەزمۇنلىرىنى زادىلا كۆڭۈلدە ساقلىمايدىغان، پىكىر، تەلەپلەرگە ئەسلا ئەمەل قىلمايدىغانلىقنى كۆرسىتىدۇ.

مەسلەن: «بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ قەتئىيلىكى ۋە سالماقلىقىنى ساقلاپ قالالمىغان، ئۇنىڭ بۇيرۇقى كىشىلەرنىڭ بۇ قۇلىقىدىن كىرىپ، ئۇ قۇلىقىدىن چىقىپ كەتكەن، ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى ئامېرىكا قوشۇنلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىشنى رەت قىلغان».

## ئۆمچى پىشماسلىق 格格不入 gē gē bù rù

مەنىسى: بىرلىكتە ئۆي ـ روزغار تۇتالمىدى؛ ماسلىق ۋە ھەمدەملىكلەردە بولالمىدى، تۇتقان ئۆيى ئۆي بولمىدى، دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ.

مەسلەن: «ئىشۇ كۈنلەردە قالىسام، ھېلىقى ئابلەھەت دېگەن بالام ھېلىقى سىلى بۇلتۇر كۈزدە پەتتە بەرگەن باللارغا قالىسام، بىر يىلنىڭ بۇيىزى ھېچ ئۆمچى پىشمىدى».



## ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ

مەنىسى: قىلغۇلۇقلارغا قىلغۇلۇقلار ئارقىلىق جاۋاب بەرمەك؛ بىراۋلار ئانداق بىر ئىش ياكى ھادىسىنى مەيدانغا چىقارغان بولسا، بۇيانقىلار ئاشۇنىڭغا مۇقابىل قىلىپ يەنە بىر ئىش ياكى ھادىسىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، روبىرو قويماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «كامال: سەتنى سەتچىلىك بىلەن يۇيىمىز، ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ قىلىمىز، دېدى».

## ئۇۋۇقىنى چۇشۇرۇپ قويماسلىق I

滴水不漏 dī shuǐ bú lòu

مەنىسى: يەتكۈزۈلمىش، بايان قىلىنمىش مەزمۇنلاردىن زەررىچە چۇشۇرۇپ قويماسلىقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «سانىخان مايسەمنى كامىل بىلەن ياراشتۇرۇش غېمىدە پالاقلاپ يۈرەتتى، ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكى، قۇدىلىرىنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئۇۋۇقىنى چۇشۇرۇپ قويماي ئەپروزخانغا سۆزلەپ بېرەتتى».

## ئۇۋۇقىنى چۇشۇرۇپ قويماسلىق II

不爽毫发 bù shuǎng háo fā

مەنىسى: مەلۇم ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى، يېتەرسىزلىكلىرىنى مەيدانغا چىقىرىشتا، ھېچ نەرسىنى نەزەر ياكى بايانلاردىن سىرتتا قالدۇرماسلىقتا ئۇرۇنماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «ئىشىك يېپىلىش بىلەنلا ھەممە ئېغىزلار تەڭ ئېچىلدى، ھەممىسى ئۇ ئىككىيلەننى تەرىپلەيتتى، بولۇپمۇ رەنىخان بىلەن روزىخان ئۆز باللىرىنىڭ ئۇۋۇقىنىمۇ چۇشۇرۇپ قويغۇسى كەلمەيتتى».

## ئۇياقتا تارتسا ئۆكۈز ئۆلمەك، بۇ ياقتا تارتسا ھارۋا سۇنماق

左右为难 zuǒ yòu wéi nán

مەنىسى: ئىش ـ ئوقەت، ھەرىكەت ـ پائالىيەت قانداقلا ئىشلەنسە بەربىر قۇربان بېرىش، زىيان تارتىش ئاقىۋىتىنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى سۈرەتلەشتە قوللىنىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكىتى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

مەسلەن: «ھاجى ئاكامنى رەئىس دەپ جاكارلاپ، بىزگە ئوشۇقچە ئاۋارىگەرچىلىك تېپىپ بەردى، ئەمدى ئۇيان تارتسا ھارۋا سۇنىدۇ، بۇيان تارتسا ئۆكۈز ئۆلىدۇ».

## ئۆ

安身立命 ān shēn lì mìng **ئۆز سۆڭىكىنى غاجىلىماق**

مەنىسى: ئۆزى بىلەن ئۆزىلا بولماق؛ ئۆزىگە تەئەللۇق بولغان ئىش - ھەرىكەتلەر بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ئۆزىگە تەئەللۇق بولغان رىزىق - نېسىۋىلەرگە ئىگە بولىدۇ، باشقىلارغا دەخلىسى يوق، دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ.

مەسلەن: «مەن بازاردا جان باقىدىغان ئادەم، قاراملىق قىلىشىم كېرەك، بولمىسا بىر نېنىم ئىككى بولمايدۇ، مېنى ياقتۇرساڭلار مېنىڭ بارىم مۇشۇ، ياق دېسەڭلار مېنىڭمۇ ئۆزۈمنىڭ سۆڭىكىنى غاجىلىغىنىم ياخشى».

善自为谋 shàn zì wéi móu **ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتماق**

مەنىسى: دوست - بۇرادەرلىرى ۋە يولداشلىرىنىڭ مەنپەئەتلىرىنى زىيانغا ئۇچرىتىش ھېسابىغا ئۆز مەنپەئىتىنى غولدىتىش ھەرىكىتىدە بولماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «ماڭغۇ ھەممە نەرسە توشۇق، ھېچنېمىنىڭ لازىمى يوق، ئالاھەزەل ئەمدى، ئۆز كۆمىچىمگە چوغ تارتىۋاتقىنىم ئەمەس، مۇشۇ روشەن قىزغا بىر نەرسە يېتىشمەيۋاتقاندەك قىلىدۇ»

自力更生 zì lì gēng shēng **ئۆز كۈچىگە تايانماق**

مەنىسى: باشقىلارنىڭ ياردەم، يۆلەشلىرىگە قاراپ تۇرماي، ئۆزىنىڭ بارلىق ئىمكانىيىتى، ئەمەلىي شەرت - شارائىتلىرى ئاساسىدا ئىش - ئوقەتلەرگە كىرىشىپ كەتمەك؛ ئۆز ئىشىنى ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئورۇندىماقنى كۆرسىتىدۇ.



مەسلەن: «بىز ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ ئىش كۆرۈشنى قۇۋۋەتلەيمىز، بىز چەتنىڭ ياردىمى بولۇشنى ئۈمىد قىلىمىز، لېكىن بىز ئۇنىڭغا تايىنىۋالساق بولمايدۇ، بىز ئۆزىمىزنىڭ تىرىشچانلىقىغا تايىنىمىز».

煮豆燃萁 zhǔ dòu rán qí **ئۆز گۆشىنى ئۆز يېغىدا قورۇماق**

مەنىسى: ئۆز يولى ياكى ئۆزىنىڭ ئىشلىرى بىلەن ئۆزىنى بابلىماق؛ ئۆزىنىڭ كۈچەش، ئورۇنۇشلىرى ئارقىلىق، يەنە ئۆزىنى موللاق ئاتقۇزۇشنىڭ يولىنى تۇتماقنى كۆرسىتىدۇ.

مەسلەن: «ئىسيانچىلارنىڭ ئۆز گۆشىنى ئۆز يېغىدا قورۇش ئۇچۇن، ئاۋۇل - ئاۋۇلغا كۆز- قۇلاق قويۇش كېرەك».

暴跳如雷 bào tiào rú léi **ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېمەك**

مەنىسى: بىرەر يامان ئاقىۋەتكە قېلىشقا ئۆزى سەۋەبكار بولۇپ ياكى تەجرىبىسىزلىك، بىخۇدلۇق قىلىپ قويۇپ، ساقلىنىش مۇمكىن بولغان يامان ئاقىۋەتتىن ساقلىنالماي، ئېغىر زىيان چېكىپ قاتتىق ئۆكۈنمەكنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: « بۇلاڭ - تالاڭ قىلىنغان كالا ۋە قويلارنىڭ مەرىشى ئاڭلانماقتا ئىدى، بۇ يەردە قالغان ساقچىلار قانچىلىك كۆپ ئولجىدىن مەھرۇم بولۇۋاتقانلىقىنى مانا شۇ ئاۋازدىن بايقاپ، ئۆز گۆشىنى ئۆزى يەپ ئولتۇراتتى».

**ئۆزى بەگ، ئۆزى خان بولۇۋالماق**

称孤道寡 chēng gū dào guǎ

مەنىسى: باشباشتاق، قائىدە - ئىنتىزامسىز بولۇپ كەتمەك؛ ھۆكۈمەتسىزلىك قىلماقنى بىلدۈرىدۇ.

مەسلەن: «ئايرىم يولداشلار خىزمەتكە سۇس قاراۋاتىدۇ، ئۆزى بەگ، ئۆزى خان بولۇۋالدى، خالىسا ئىدارىگە كېلىدۇ، خالىمىسا ئىختىيار قىلغان ۋاقتىدا كېتىدۇ».

自暴自弃 zì bào zì qì **ئۆزىنى تاشلىۋەتمەك**

مەنىسى: ئۆز - ئۆزىنى كۈتۈش، ئىدارە قىلىش، مۇھاپىزەت

قىلىش ۋە ئاسراشلار بىلەن كارى بولماسلىقنى كۆرسىتىدۇ.

مەسلەن: سەن ئۆزۈڭنى مۇنداق تاشلىۋەتمە، سەن دېگەن بىز ئۈچۈنلا ئەمەس، خەلقىنىڭ ئۈچۈن ياشىشىڭ، ئىجاد قىلىشىڭ كېرەك، بالىلىرىمىز ئۇششاق، ئۇلارنىڭ تېخى بىرەرسىنىڭمۇ ئۆي - ئوچاقلىق قىلمىدۇق.

**ئۆزىنى سورىماق** 自知之明 zì zhī zhī míng

مەنىسى: ئاڭلىق ھالدا ئۆز - ئۆزىنى باشقۇرماق؛ مۇناسىۋەت، ئالاقە، باغلىنىشلاردىكى چاقچاقنى چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىكنى كۆرسىتىدۇ.

مەسلەن: «كىتابخانىغا كىرىدىغانلار ھەرھالدا ئۆزىنى سورايدىغان، كۆپ بولمىسىمۇ يانچۇقى بوش تۇرمايدىغان ئادەملەر ئىدى».

**ئۆزىنى ئۇپراتماق**

مەنىسى: ئۆز - ئۆزىنى دەرد - دىشۋارلارغا سېلىپ، جەبىر - زۇلۇم تارتىپ يۈرمەك؛ ئاھ ئۇرۇپ، دىلخەستەلىكتە جىسمانىي يوقىتىش، مەنىۋى ئازابلار تارتىپ يۈرمەكنى كۆرسىتىدۇ.

مەسلەن: «ناھايىتى مەرەز خوتۇن، ئاشۇنداق قاپىقىدىن مۇز ياغدۇرۇپ چالۋاقايدۇ، گەپلىرى زەھەردىن ئاچچىق، دەسلەپىدە تولا قورسىقىم سىقىلىپ، زەردەم قايناپ ئۆزۈمنى ئۇپراتقانىدىم، كېيىنچە كۆنۈپ قالدىم».

**ئۆزىنى ئۇرۇپ تۇرماق** 横冲直撞 héng chōng zhí zhuàng

مەنىسى: مەلۇم نەرسىگە ئىنتىلىپ تۇرماق؛ ئۆزىنى بېغىشلاپ، بارلىقىنى ئاتىغان رەۋىشتە بېرىلمەكنى كۆرسىتىدۇ.

مەسلەن: «ئۆزلىرى شۇنچە نۇرغۇن دورغا - كاھلارغا توقماق تۇتقۇزۇپ، تەرەپ - تەرەپتىن كېلىۋاتقان دۆلەت - بەختنى توسۇپ تۇرىدىكەنلا، ئەمما دۆلەت، بەخت دېگەنلەر يەنە ئۆزىنى ئۇرۇپ ئوردىغا كېلىپ تۇرىدىكەن»

«ئوغۇل بالا دېگەن جاپادىن قورقىدىغان، ئەمگەكتىن قاچىدىغان بولسا قارا يۈز بولىدۇ، ئۇ ئۆزىنى ئىش - ئەمگەككە



ئۇرۇپ تۇرمىقى لازىم».

**ئۆز يىغىسىنى يىغلىماق** 独善其身 dú shàn qí shēn

مەنىسى: ئۆز دەرد - ھالىنىڭلا گېپىنى قىلماق؛ ئۆز قايغۇسى، زۆرۈرىيەتلىرى ئۈچۈن ئىزدەنمەك، زارلىنىپ، قاقشاپلا يۈرمەكنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «مۇسىبەتتە يىغلىغان ئايال ئۆز يىغىسىنى يىغلايدۇ»

**ئۆلسە كۆزى يۇمۇلماسلىق** 死不瞑目 sǐ bù míng mù

مەنىسى: بىراۋلار قاتتىق نادامەت، ئەپسۇس، ئەندىشىدە قالماق؛ مۇھىم ئادەم ياكى ئىشقا قىيالماي قالماقنى كۆرسىتىدۇ.

مەسلەن: «تېخى تۇتىگۇلىنىڭ ۋىسالىغا يەتمەي تۇرۇپ ئۆلۈپ كەتسە، ھەسرەت - نادامەت ۋە ئارزۇ - ئارمان بىلەن كەتمەمدۇ؟ ئۇ چاغدا ئۆلسىمۇ كۆزى يۇمۇلمايدۇ».

**ئۆلۈكىنى ساتماق**

مەنىسى: ئەسلىدىلا تۈگەشكەن، ۋەيران بولغان، قىممىتى قالمىغان نەرسىلەرنى مەلۇم نەرسىلەرگە باغلاپ، مەنپەئەت ئالماقنى كۆرسىتىدۇ.

مەسلەن: «ئاشۇ ئۆلەرمەنلەردىن نېرى تۇرۇڭلار، دەپ نەچچە ئېيتتىم، قۇلاق سالمىدىڭلار، مانا ئەمدى ئۆلۈكىنى سېتىپتۇ، ساتقاندىمۇ ئوبدانلا پۇل قىلىپتۇ، خوپ بولدىمۇ؟ ئېيتقىنىم كەلدىمۇ؟».

**ئۆلۈمدىن باشقىسى تاماشا** 昂然自得 áng rán zì dé

مەنىسى: جانغا تاقىلىپ كەلگەن ئەجەلگە ئاغى - ئامال يوق، ئۇنىڭغا قايغۇرۇپ كېتىش ھاجەتسىز؛ ئۆلۈمدىن باشقا ھەرقانداق كەلگۈلۈك ياكى ھادىسىلەرنىڭ «ۋاي!» دەپ كەتكۈچىلىكى يوق، دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ.

مەسلەن: «ئۆلۈمدىن باشقىسى تاماشا دەپتىكەن، ئۇكا قويىۋەر، خەلق ناخشىسىدىن قوي، ‹قېيىنانامغا مەن ئامراق› دېگەن ناخشا بارما؟ — دېدى سۇلايمان».

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

## ئۈ

**ئۈزەڭگە سوقۇشتۇرماق** 明争暗斗 míng zhēng àn dòu

مەنىسى: ئۇمۇمەن بىر سەپ، بىر ئىزمىدىكى كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا ئۇستۇنلۇك تالىشىشلىرى سەۋەبلىك ياكى ئۆچ - ئاداۋەتلىرى سەۋەبلىك ئۆزئارا خۇپىيانە تۇتۇشۇپ، ئېلىشىپ تۇرۇشلىرىنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «سىزنىڭ مەن بىلەن كەتكىنىڭىزدىن قۇمۇلدا قالغىنىڭىز ياخشى، خوجىنىياز ھاجىنى كۆرۈۋاتىسىزغۇ، ئۆزىنىڭ باتۇرلۇقىغا تەمەننا قويۇپ، مەن بىلەنمۇ ئۈزەڭگە سوقۇشتۇرۇۋاتىدۇ».

**ئۈزەڭگىدىن چۈشمەسلىك** 聊以解嘲 liáo yǐ jiě cháo

مەنىسى: يېڭىلىسىمۇ پۇتۇنلەي بەل قويۇۋەتمەي تۇرماق؛ خاتالىقى ۋە ئىش - ھەرىكىتىدىن قول ئۈزگىلى ئۇنىماي، چىڭ تۇرماقلارنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «ئەنە شۇنداق پاكىتنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ ئۈزەڭگىدىن چۈشمەي پوچىلىق قىلساق، دوپپىمىزنى ئالدىمىزغا ئېلىپ قويۇپ ئويلانمىساق، دەۋرىمىزنىڭ بىزدىن كۈتىدىغىنى نېمە بولۇپ چىقار؟».

**ئۈششۈك تەگمەك**

مەنىسى: بىراۋلارنىڭ ئوڭۇشسىزلىق ياكى يامان ۋەزىيەتلەرگە ئۇچراپ كېتىشتىن تالاپەتكە قالماقنى كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن: «ئۇ ئالدىدىكى بالىلارنى ئوبدان تەربىيەلەپ، قەلبىدىكى ئۈششۈك تەگكەن ئارزۇ- ئۈمىدلىرىنىڭ چېچەك - مېۋىلىرىنى بالىلارنىڭ ئەقلى بىلەن كۆرمەكچىمۇ؟».



**ئۈندەككە كەلمەك** 威迫利诱 wēi pò lì yòu

مەنىسى: بىراۋلارنى قولغا كەلتۈرمەك؛ بۇيرۇقىغا، ئىشارىسىگە بويسۇنار دەرىجىدە كۆندۈرۈۋالماقنى كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن: «ئارىدىن بىرنەچچە ئاي ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ رۇقىيە ئۈندەككە كەلمىدى، ۋاقىت ئۆتكەنسېرى تايەمنىڭ رۇقىيەگە بولغان شەيدالىقى كۈچىيەتتى».

## ۋ

**ۋاگونىسى بىلەن** 绰绰有裕 chuō chuō yǒu yù

مەنىسى: مەلۇم نەرسە ياكى بۇيۇم تولىمۇ كۆپ بولماق؛ ئېھتىياجدىن خېلىلا ئارتىپ كەتمەك. كۆپىنچە ئۇرۇشتا قوللىنىلىدۇ.

مەسىلەن: «ئاراڭلاردا ئېشەك ھارۋا ھەيدەيغان ئادەم بولسا بىلىدۇ، ئۇ كەملەردە كىرا دېگەن ۋاگونىسى بىلەن، بىراق ھەممىسى دۆلەت ئورۇنلىرىنىڭ بولغانلىقتىن ئىسچوت ھەل قىلماق تەس ئىدى».

## ئې

**ئېتەكلەر ياقا بولماق** 冠履倒易 guàn lǚ dǎo yì

مەنىسى: لاياقەتسىز، تايىنى يوق كىشىلەرنىڭ مۇھىم، يۇقىرى ئورۇنلارغا چىقىۋېلىشىنى، ئومۇمەن جاھاننىڭ غەيرىي بىر رەپ-

تارغا كىلىپ قالمىقىنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «يىراقتىن گۈلدۈرلىغاندەك دەرۋىشلەرنىڭ ھۆكمىتى ئاڭلىنىپ تۇراتتى، ئۇلارنىڭ تەلقىنلىرىدىكى ‹ئىتەكلەر ياقا بولدى، ياقىلار پىتەك› جۈملىلىرى ئۇنىڭغا خۇددى ئۆزىنى دەۋاتقاندەكلا بىلىنىپ كېتەتتى»

奉为神明 fèng wéi shén míng **ئىتكىدە ناماز ئوقۇماق**

مەنىسى: بىراۋلارغا قارىغۇلارچە چوقۇنماق، ئەۋلىيا بىلىپ ئەگەشمەكنى بىلدۈرىدۇ.

مەسلەن: «ئىيتىۋاتىمەنغۇ، نەزەرگە ئىلىش تۇگۇل ئىتىكىدە ناماز ئوقۇۋاتىمىز! يەنە نېمە قىلساق بولىدۇ ئەمدى؟ بولمىسا مانا مەرھەمەت، بەرگەن رەئىسلىكنى ئالسۇن !».

祸在旦夕 huò zài dàn xī **ئىتكىگە ئوت تۇتاشماق**

مەنىسى: بالا ـ قازا ياكى ئوڭۇشسىزلىقلارغا گىرىپتار بولماقنى بىلدۈرىدۇ.

مەسلەن: «رىھىم قارىي ئىتىكىگە ئوت تۇتاشقانلىقىنى ئەستايىدىل تونۇپ يەتكىنىدە، ئۇ كېچىككەنىدى، يامۇل ئۇنىڭ ئەتراپىغا قۇتۇلۇپ بولماس تۇزاقلارنى قۇرۇپ بولغانىدى».

近火先焦 jìn huǒ xiān jiāo **ئىتكى ئوتلۇق**

مەنىسى: بىراۋلار بالا ـ قازاغا يېقىن، ئاپەت تېگىشكە ئەن بولۇپ قالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

مەسلەن: ««سىزگە ئىجازەت بېرىش قولۇمدىن كەلمەيدۇ، ئۇلارمۇ سىزنى تاغقا ھەرگىز قويۇپ بەرمەيدۇ، سىز ئىتىكىڭىز ئوتلۇق ئادەم، ئەمما ھازىر قومۇل خەلقى دەل سىزگە ئوخشاش ئىتىكى ئوتلۇق ئادەملەرگە موھتاج».

«قىز بالا، خوتۇن خەق دېگەننىڭ ئىتىكى ئوتلۇق، ئوت تۇتىشىپ قالغىلى ئارانلا تۇرىدۇ. بۇ تەرەپلەرگە سىغىنىزخاندىن ساق تۇرمايدىغان بولساق، ئۇ چاغدا پۇشايماننى ئالىدىغان قاچا تاپالماي قالىمىز».



措手不及 cuò shǒu bù jí **ئىتى ھېرىپ قالماق**

مەنىسى: مەلۇم ئىش ـ ھەرىكەتنى مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كېچىكتۈرۈپ قويماق؛ پۇرسەتلەرنى قولدىن بېرىپ قويماقنى كۆرسىتىدۇ.

مەسلەن: «ئوھۇ، قېنى ئۇستام بۇياققا ! — دەپ مەتنىيازنى جوزىغا تەكلىپ قىلدى، — ئاتلىرى ھېرىپ قالغىلى تاس قاپتۇ ـ دە، — دېدى ھەمرا قىزغىن قارشى ئېلىپ».

火上加油 huǒ shàng jiā yóu **ئىچىشقان يەرگە تۇز سەپمەك**

مەنىسى: قۇتراتماق؛ دەيدەيگە سېلىپ ئەسلىدىكى غۇم ياكى ھەسەت ئوتلىرىنى ئۇلغايتىۋەتمەكنى كۆرسىتىدۇ.

مەسلەن: «بولدى، سەنمۇ ئىچىشقان يەرگە تۇز سەپمە، باللىرىڭ دېگەن يېرىمدىن چىقمىدى، ئۆزى».

«ئىچىشقان يەرگە تۇز سېپىپ نېمە قىلىسەن، ياخشى گەپنى ئايىماي قىلىپ، ئەپلەشتۈرۈپ قويغىنىمىز ياخشى».

顽石点头 wán shí diǎn tóu **ئىزىپ ئىچۈرمەك**

مەنىسى: ئەستايىدىل رەۋىشتە ئىنچىكە تەپسىلاتلىرىغىچە چۈشەندۈرمەك؛ شەيئى ياكى ھادىسىلەر مەزمۇنلىرىنى بىراۋلار بىلەلەيدىغان، ئۇقالايدىغان يول ياكى ئۇسۇللاردا تەپسىلىي ئۇقتۇرماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «ئون ئەرگە تەگكەن خوتۇننىمۇ يەنە بىرى ئالىدۇ، ئەرگە تەگكەندىن كېيىن تالاغا قارىمىسىلا بولدى، كاملىغا مۇشۇ گەپلەرنى تازا ئىزىپ ئىچۈرسىلە».

**ئىشەك كۆۋرۈكتىن ئۆتۈۋالغۇچە**

过桥抽板 guò qiáo chōu bǎn

مەنىسى: مەلۇم پۇرسەت ياكى ياردەملەردە قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىۋالغان، تەس ۋە مۇشەققەتلىك ئۆتكەللىرىدىن ئەپلەپ ئۆتۈۋالغان، دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ.

مەسلەن: «شۇغىنىسى ساۋابىنىڭمۇ قوڭى تۆشۈك بولۇپ قال-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

دى، بۇ مەھەللىدە ئۆزۈم مېغىپ بېشىنى ئوڭلاپ قويغان نائەھلە-
لەر ئاز ئەمەس، تولىسى ئېشىكىنى كۆۋرۈكتىن ئۆتكۈزۈۋېلىپلا
پىقىرنى ئۇنتۇپ قېلىشتى، ئەقەللىيسى بىر پىيالە چاي بىلەنمۇ
ياد ئەتمەس بولۇۋېلىشتى»، «ئۇ قىزغا شۇنداق بىر ئېغىز ئاچە-
سەن، ماقۇل بولسا ئېشىكىڭ كۆۋرۈكتىن ئۆتكىنى، ماقۇل بول-
مىسا، زارىم بار، زورۇم يوق دەپ قولۇڭنى يۇيۇپ قولتۇقۇڭغا
ئېرتىۋېتىپ كېتىۋېرىسەن».

**ئېغى بىلەن بېغى يوق** 八字没一撇 bā zì méi yī piě

مەنىسى: مەلۇم بىرەر ئىشنىڭ ياكى شەيئىنىڭ مەيدانغا كې-
لىشى ئۈچۈن ئاساسلار تېخى ھازىرلانمىغان؛ ئوتتۇرىغا چىقىرىل-
غان بىرەر ھادىسىنىڭ تاپان بېسىپ تۇرغۇدەك تايىنى يوقلۇقىنى
كىنايە قىلىدۇ.

مەسلەن: «ئېغى بىلەن بېغى يوق ئىشلارنى تالاغا يېيىپ قو-
يۇپ، ھۆددىسىدىن چىقالماي قالساق، سەت بولىدۇ».

**ئېغىرنىڭ ئۈستىدە، يېنىكنىڭ ئاستىدا**
拈轻怕重 niān qīng pà zhòng

مەنىسى: بوشاڭلىق، شوينا بەللىك، مايتاپانلىق قىلىپ،
ئىشنىڭ ئېغىرىدىن قورقۇپ، يېنىكىنى تاللىيالماي لەيلەپ يۈ-
رۈشنىڭ سۈرىتى.

مەسلەن: «ئۇ مېنى بىر ئاز تىڭشاپ تۇردى-دە، ئاندىن، سې-
لىسارلىقا ئالماشمامسەن؟ ئىككىلەن بەربىر ئاتىلىرىمىز
ئىشلىگەن جايغا ئىشقا كىرگەندىكىن ئېغىرنىڭ ئۈستى، يېنىك-
نىڭ ئاستىدا يۈرمەي، بېشىمىزچە كىرىشەيلۇق - تە، — دېدى».

**ئېغىز - بۇرۇن يالاشماق** 狼狈为奸 láng bèi wéi jiān

مەنىسى: بىراۋلارنىڭ سەلبىي ھالدا ئاپاق - چاپاق بولۇشۇپ
كېتىشلىرىنى، قائىدە - مىزانلاردىن چەتلەپ دوست تارتىشىۋات-
قانلىقىنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «ئەگەر بىزنىڭ ياردىمىمىز بىلەن ئىشلىق بولۇپ



قالغان بىر ئادەم ئەتىگەن - ئاخشام بىزنىڭ دۈشمىنىمىز ھې-
سابلانغان كىشىلەر بىلەن ھەمسۆھبەت بولسا، ئېغىز - بۇرۇن
يالاشسا، بىز ئۇنىڭغا قانداق باھا بېرىشىمىز كېرەك؟».

**ئېگىز شاختا قونماق** 好高骛远 hào gāo wù yuǎn

مەنىسى: بۈيۈك مەرتىۋىلەرگە ئېرىشىشنىڭ ئورۇنۇشلىرىدا
بولماق؛ ئىجتىمائىي ئورنىدا زور ئۆزگىرىشلەر يارىتىشنىڭ كو-
يىدا بولماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «مۇسا شۇجى بۇگۈنكىدەك مەشرەپ، توي - تۆكۈن-
لەرنى قىسقارتىپ، ئەمگەكنى تېخىمۇ كۆپەيتىپ، كۆچمە قىزىل
بايراقنى قولغا كەلتۈرۈپ، بۇنىڭدىنمۇ ئېگىزرەك شاختا قونۇش-
نىڭ كويىدا ئىدى».

**ئېگىز ئوقۇرغا ئېسىلماق** 好高务远 hào gāo wù yuǎn

مەنىسى: كاتتا كىشىلەرگە يېپىشماق، مەرتىۋە قوغلاشماق؛
كاتتا ئائىلىگە باغلىنىشقا ئۇرۇنماقنى كۆرسىتىدۇ.

مەسلەن: «مېنىڭ بۇ ھەرگىزمۇ ئېگىز ئوقۇرغا ئېسىلغىنىم
ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي سۆيگۈ ۋە تەقدىرنىڭ پۈتكىنى بىلەن بو-
لۇۋاتقان ئىش، بۇنى ھەرقايسىلىرىنىڭ توغرا چۈشىنىشلىرىنى،
تەقدىرنىڭ ھۆكمىدىن بولغانغا جورۇشلىرىنى تىلەيمىز».

**ئېلىپنى تاياق دېيەلمەسلىك** I 胸无点墨 xiōng wú diǎn mò

مەنىسى: بىراۋلار كەمتەرلىك قىلىپ ئۆزىنى بىلىمسىز،
نادانغا چىقىرىشتا ياكى ئەسلىي ھالنى ئەينەن بايان قىلىپ،
ئوقۇش، ئۆگىنىش ۋە ئىلىم - ھېكمەتلەردىن بىخەۋەرلىكىنى
بايان قىلىشتا قوللىنىلىدىغان ئىبارە.

مەسلەن: «سەھراچىلىق شۇ، موللام - پوللام كۆرمىگەن،
ئەلىفنى تاياق دەيدىغان تومپايمەن».

**ئېلىپنى تاياق دېيەلمەسلىك** II 略识之无 lüè shí zhī wú

مەنىسى: ئوبيېكتنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشلىرىگە قاراپلا باھا
بەرمەك؛ ئەسلىي ماھىيىتى بىلەن كارى بولماي، ئاڭلىۋالغىنىنى

«ھەقىقەت»، كۆرۈپ تۇرغىنىنى «ماھىيەت» دەپ چۈشىنىپ يۈرمەكنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «ئۇقۇش، ئۆگىنىش ھەرىكىتى پىكىر قىلىش ئىستېداتى بىلەن بىرلەشمىسە، ھامان پىكىرسىز، ئەلفىنى تاياق دەيدىغان، «ئوقۇغان»قارا قورساقلار يامراپ كېتىدۇ».

**ئېلىپنىڭ سۇنۇقى يوق** 略识之无 lüè shí zhī wú

مەنىسى: ھېچقانداق خەت ساۋاتى يوق؛ ئىلىم - ھېكمەتتىن قۇپقۇرۇق، دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: «قارابوسۇق باتۇر بولغان بىلەن قورسىقىدا ئەلفىنىڭ سۇنۇقىمۇ يوق بىر قارىتۇرۇك، قايان باشلىسا شۇيان ماڭىدۇ، ئېلى پالگان ئۆزىنى توختاتقان، تەجرىبىلىك ئادەم بولغان بىلەن قويدەك ياۋاش كىشى، ئۇ ھېچقاچان گەپ تالىشىپ تۇرمايدۇ».

**ئېلىپنى ئوقۇپ، بە (ب)نى ئوقۇمىغان**

مەنىسى: پەقەت ئېلىشنىلا بىلىدىغان، ئەمما بىرنەرسە بېرىپ چىقمايدىغان ئادەملەرگە كىنايە قىلىپ ئېيتىلىدۇ.

مەسىلەن: «بىزدىكى يېزا ئاقساقاللىرى، كەنت كالتە ساقاللىرى پەقەت ئەلفىنى ئوقۇپلا، بەنى ئوقۇمىغان بەندىلەر، ئۇلارنىڭ قولىغا كىرىپ كەتكەندىن ئۈممىدنى ئۈزۈش كېرەك».

**ئېلىۋەتكەن تىرنىقىغا تەڭ قىلماسلىق**

مەنىسى: مەلۇم نەرسىنىڭ يەنە مەلۇم بىر نەرسىگە سېلىشتۇرۇپ بولماس دەرىجىدە تۆۋەنلىكىنى كۆرسىتىشتە قوللىنىلىدىغان ئىبارە.

مەسىلەن: «بەختىمىدىن بەخت تېپىش ئۈچۈن ماراپ تۇرغان ئۇنداق مىڭ گۈزەلنى كۆلپىتىمنى تەڭ تارتىپ، ساداقىتى بىلەن ماڭا بەخت ئاتا قىلغان سىزدەك بىر قىزنىڭ ئېلىۋەتكەن تىرنىقىغا تەڭ قىلمايمەن».

**ئېمىزگۇ سالماق** 望梅止渴 wàng méi zhǐ kě

مەنىسى: قۇرۇق ۋەدىلەردە بىركىمنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇ-



رۇپ، تەمەلىرىنى بېسىپ تۇرماقنى كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن: «ئاۋۋال ئاتا - ئانالىڭ ساڭا ئېمىزگۇ سالىدۇ، ئاندىن كېيىن سەن ئاتا - ئاناڭغا ئېمىزگۇ سالىسەن».

## ئى

**ئىت - مۈشۈك بولۇشماق**

水火不相容 shuǐ huǒ bù xiāng róng

مەنىسى: بىركىملەرنىڭ ئۆچمەنلىكى ناھايىتى چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «كىم بىلىدۇ؟ بىر - بىرىگە كۆزى چۈشسىلا، ئىت، مۈشۈك بولۇشۇپ قىيا - چىيا قىلىشىۋاتقان».

**ئىچ - پەش تارتىشماق** 暗送秋波 àn sòng qiū bō

مەنىسى: ئەر - ئاياللار ئوتتۇرىسىدا ئاز- تولا ئىشقى مۇھەببەت شەكىللەنمەك؛ ئارزۇ - ھەۋەسلەر پەيدا بولماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «ئېرىڭىزگە ئېھتىيات قىلىڭ، شىپاخانىمىزدىكى بىر بۇۋى بىلەن ئىچ - پەش تارتىشىپ يۈرۈپتۇ... بۇ ئايال ئېرىڭىزنى مايىل قىلىۋېلىپ، سىز داغدا قېلىپ يۈرمەڭ يەنە جېنىم...».

**ئىچىنى تىڭشىماق** 苦思冥想 kǔ sī míng xiǎng

مەنىسى: ئۆز - ئۆزى بىلەن خىيالەن كېڭەش ياكى مۇنازىرىدىلەرگە چۈشۈپ يۈرمەك؛ ئۆز - ئۆزى بىلەن ئۆتكەن - كەچكەنىنىڭ ھېساباتىنى قىلىپ، كۆز ئالدىدىكىلەرگە پوزىتسىيەلىرىنى ئاشكارىلىماي، خىيال بېسىپ يۈرمەكنى كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن: «ھاجىم ئەستاغپۇرۇللا دەپ ئىچىنى تىڭشاپ جىم ئولتۇرۇپ قالدى، شۇ ئارىدا ئاپرېسوف بىلەن قاسىم ئەپەندى كى-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ـرىپ، ماشىنىلارنىڭ تەييار بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتتى».

**ئىچقويۇن ـ تاشقويۇن بولماق**

打成一片 dǎ chéng yī piàn

مەنىسى: ئىجىل ـ ئىناق بولۇشۇپ كەتمەك؛ بىراۋلار بىلەن بىراۋلار بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە ئۇيۇشماق ھەمدە ئۆزئارا كەم ـ كۈتىلىرىنى تولۇقلىشىپ بىر گەۋدىگە ئايلانماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «مانا شۇنداق قىلىپ نوغايبەگ بىلەن ياقۇپباي ئىچقويۇن ـ تاشقويۇن بولۇپ كېتىشتى».

**ئىس تەگمەك**

مەنىسى: مەلۇم ھادىسىلەرنىڭ مەلۇم شەيئىلەرگە تەسىر كۆرسىتىشىدىن، قىممەت ياكى خاراكتېرلىرىدە ئۆزگىرىش بولماقنى كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن: «ئالىي مەكتەپتىن قايتۇرۇلۇش قىز بالىغا ئوبدانلا ئىس تەگكۈزۈپ قويغانىدى، يۇرتتا ئاتا ـ ئانا بېشىنى كۆتۈرەلمەيلا قالدى».

**ئىسسىقمۇ ئەمەس، سوغۇقمۇ ئەمەس**

不痛不痒 bù tòng bù yǎng

مەنىسى: ئەھمىيىتى بار ياكى يوق بولۇشى پەرقسىز بولماق؛ خۇشيېقىپمۇ كەتمەيدۇ، ئەكسىچە بىزارمۇ قىلمايدۇ؛ قارشى تۇرمايدىغان، شۇنداقلا ئىسسىق كۆڭۈل بىلەن قارشىمۇ ئالمايدىغان پوزىتسىيەنى سۈرەتلەيدۇ .

مەسىلەن: «ئايازكا، چارچاپ قالغان ئوخشىمامسىز، ئايازكا، ئۆيىڭىزگە كىرىپ تاماق ئېتىپ بېرەيمۇ؟ دېگەنىدەك ئۆچكە ياغلىرىنى ئېرىتىپ كېتىشلىرىنىڭ تېگىگە يەتكەن ئاياز ئۇنىڭغا ئىسسىقمۇ ئەمەس، سوغۇقمۇ ئەمەس مۇئامىلە قىلدى».

厝火积薪 cuò huǒ jī xīn **ئىسلاشقان چۆچۈلنى يەلپۈمەك**

مەنىسى: پەسىيىپ قالغان جېدەل ـ ماجىرالارنى قايتا قوزغاشقا ئۇرۇنماق؛ ئېغىز ئالالماي تۇرغان سۈركىلىشلەرنى ۋە



ئىشلارنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنماق، دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: «ئىسلاشقان چۆچۈلنى يەلپۈگۈلار، ھەرگىزمۇ سوغۇق سۇ سەپمەڭلار، مۇشۇ ئاياللار ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ چىقىدۇ، قورقماي يەلپۈڭلار، يانغىن پەيدا بولسۇن».

拭目以待 shì mù yǐ dài **ئىشتەي ساقلىماق**

مەنىسى: تەمە بىلەن چىش بىلەپ يۈرمەك؛ مەلۇم نەرسىلەرنى ئۆزىچە زۆرۈرىيىتى، ئېھتىياجلىرىغا مۇناسىپ، خوپ چاغلاپ يۈرمەكنى كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن: «سېلىم يىگىتلىك كوچىسىغا قەدەم قويغىنىدا يۇرت ئىچىدىكى نۇرغۇن قىزلارنىڭ ئۆزىگە يوشۇرۇنچە ئىشتەي ساقلاپ يۈرگەنلىكىنى، لېكىن نازلىق كۆزلەرنىڭ ئويناشلىرىنى سېزەلمەيدىغان گومۇشلۇقىغا رەنجىشىپ يۈرگەنلىكىنى سېزىپ قالدى».

衣不蔽体 yī bù bì tǐ **ئىشتىنى تىزدىن ئاشمىغان**

مەنىسى: ئەھۋالى ياخشىلانمىغان، يېتىشسىزلىك، جىددىيچىلىكلەردىن نېرى بولمىغان، دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: «دېھقانلارنىڭ ئىشتىنى تىزدىن ئاشمىسىمۇ، گۆش ـ ماي دېگەننى دورىلىق ئورنىدا ئىستېمال قىلىپ يۈرسىمۇ، ئەمما كەنتلەرنىڭ ‹كىشى بېشى يىللىق كىرىم› ئىستاتىستىكىسى يىللارسېرى يۇقىرى ئۆرلەۋېرىدۇ. ئۇ يەردىكى سانلار كىشىنى شادلاندۇرىدۇ، خاتىرجەم قىلىدۇ».

少不更事 shào bù gēng shì **ئىش كۆرمىگەن**

مەنىسى: ھېچقانداق بىر ئەمەلىي ھەرىكەتلەرگە يولۇقمىغان تەجرىبىسىز، دىتسىز كىشى، دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: «ئەزىزىخاندەك چىرايلىق ۋە ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىغان ئاياللارنىڭ سونۇردەك تېخى ھېچ ئىش كۆرمىگەن، ساددا يىگىتلەرنى يولدىن چىقىرىۋېتىشى قىيىن ئىش ئەمەسقۇ؟».

釜底游鱼 fǔ dǐ yóu yú **ئىككى پۇتى بىر ئۆتۈككە تىقىلماق**

مەنىسى: مەلۇم ھادىسە ياكى ھەرىكەتلەرنىڭ بىركىملەرنى

هالاكەت گىردابىغا ئاپىرىپ قويغانلىقىنى، ئىمكانىيەتسىز هالغا قالدۇرۇپ قويغانلىقىنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «ئەلھال بۈگۈنكى ۋەزىيەتتە مەن شۇ بېشىمنى ئۇنىڭغا تاپشۇرمىسام، ئۇنىڭ ئىككى پۇتى بىر ئۆتۈككە تىقىلىدۇ».

### ئىككى تاشنىڭ ئوتتۇرىسىدا قالماق

左右为难 zuǒ yòu wéi nán

مەنىسى: ئۇيانغا بولاي دېسە بىر كۆڭۈل غەشلىكى، بۇيانغا بولاي دېسە يەنە بىر روھىي ئازاب بولۇشتەك ئىككى ئارىلىقتا قېلىپ قىينالماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «تۇرسۇن سوپى قىزىنى رىشاتقا بېرەي دېسە ئەسلىي ۋاجىتقا دىتلاپ يۈرگەنىدى، بەرمەي دېسە كوپپىدا قېچىپ قويىدىغاندەكمۇ كۆرۈنەتتى... ئۇ مۇشۇ ئىككى تاشنىڭ ئوتتۇرىسىدا قىينىلىپ يۈرگەندە تۇراپ قەلەيچى ئەلچى كىرگۈزدى».

### ئىككى قولىنى بۇرنىغا تىقماق

赤手空拳 chì shǒu kōng quán

مەنىسى: قۇرۇق قول، سوۋغا ـ سالامسىز بىراۋلارنى يوقلىماق. كۆپ هاللاردا: «ئىككى قولۇمنى بۇرنۇمغا تىقىپلا كېلىپ قالدىم» دېگەندەك ئۆزرە، تۇزۇت يولىدا قوللىنىلىدىغان ئادەت سۆزى بولۇپمۇ كېلىدۇ.

مەسىلەن: «دېمەك، ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، ئۇنىڭ هوزۇرىغا ئىككى قولىنى بۇرنىغا تىقىپلا بارالمايتتى».

### ئىككى كېمىگە دەسسىمەك

脚踏两只船 jiǎo tà liǎng zhī chuan

مەنىسى: هېرىسمەنلىك، ئاچ كۆزلۈك قىلىپ، بىر ۋاقىتتا قولغا ئېلىشقا، ئېرىشىشكە مۇمكىن بولمايدىغان ئىككى نەرسىگە ياكى ئىككى تەرەپكە تەڭ ئېسىلىشنى سۈرەتلەشتە، هاسىلاتنىڭ هالاكەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن: «ئىككى كېمىگە تەڭ دەسسەپ، غەرق بولمىغان كىم بار؟».



### ئىككى نان تاپسا بىرىنى داپ چالماق

骄傲自大 jiāo ào zì dà

مەنىسى: غولى ئەمدىگىنە ئاپتاپ كۆرۈپلا داغۋازلىقتا بېرىلمەك؛ قارنى چالا تويۇپلا چوڭچىلىق، هەشەمخورلۇقلارغا يەڭ تۈرمەكنى كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن: «ئۇ شۇنداق ئىككى نان تاپسا بىرىنى داپ چالىدۇ، شۇنىڭغا ئىشتىنى ئىككى بولماي كېلىۋاتىدۇ».

## ي

### يا بايدىن چىقار، يا سايرامدىن

成败利钝 chéng bài lì dùn

مەنىسى: تەۋەككۈلچىلىك قىلىشقا ئوخشىتىدىغان ئىبارە بولۇپ، يەڭ تۈرگەن ئىش ـ هەرىكەتلەر يا ئۇنداق نەتىجە بەرسۇن، يا مۇنداق ئاقىۋەتكە مۇپتىلا بولسۇن، بىر تەۋەككۈل قىلماقنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: «سودا ـ سېتىق دېگەن بىزمۇ يېقىن يولاپ باقمىغان بىر ئىش، ئەمدى ‹دەتتىكام› دەپ چۈشىدىغان گەپ، يا بايدىن چىقار، يا سايرامدىن».

### يا گۆش ئەمەس، يا بەز ئەمەس

不郎不莠 bù láng bù yǒu

مەنىسى: ئۇنىڭغىمۇ، بۇنىڭغىمۇ تەۋە قىلغىلى بولمايدىغان، ئوتتۇرىدا قالغان كىشى ياكى ئەھۋال، دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ. كۆپىنچە «ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا قېلىشنىڭ يامان»لىقىنى شىپى كەلتۈرۈشتە قوللىنىلىدۇ.

مەسىلەن: «جاۋابكارلىق بولمىسا ئادەمگەرچىلىكمۇ بولمامدۇ، ئاكا؟ ئۇ يا گۆش ئەمەس، يا بەز ئەمەس، گۈلنازنىڭ يىغىسىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئاڭلىغانسەن؟».

**ياپسار كەلتۈرمەك** 缝缝连连 féng féng lián lián

مەنىسى: بىر- بىرىگە باغلانمايدىغان، قوۋۇشمايدىغان نەرسە ياكى تەرەپلەرنى ئەپلەپ - سەپلەپ بىرلىككە كەلتۈرۈشنىڭ تەرەددۇتنى قىلماق؛ شۇنداق باغلىنىش ئىمكانىيىتى بار تەرەپلەرنى تېپىپ چىقىپ كىرىشتۈرۈۋەتمەكنى كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن: «شۇنداق قىلىپ، تازا بىر ياپسا كەلتۈرۈپ يۈرۈپ، بۇ ئىشنىمۇ ئېپىدا روياپقا چىقىرىۋالدۇق، بىزدىن نېمە قېچىپ قۇتۇلالىغان؟».

**ياپسام پىشارمۇ، كۆمسەم پىشارمۇ؟**

当断不断 dāng duàn bù duàn

مەنىسى: بىرەر ئىش - ھەرىكەتنى قانداق قىلسا نەتىجىلىك ياكى ياخشى بولىدىغانلىقىنى بىلەلمەي، ئۇسۇل ياكى ۋاستە تاللاپ بولالماي، بىرەر قارارغا كېلەلمەي، ئىككىلىنىپ يۈرمەكنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «مەن دەۋاتىمەنغۇ! ياپسام پىشامدىكىن، كۆمسەم پىشامدىكىن دەپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرىدىغان ۋاقىت ئەمەس بۇ، بەلنى باغلاپ، ئورۇپ يىغىش كېرەك».

**ياتنى ياتنىڭ قولى بىلەن يوقاتماق** 以夷伐夷 yǐ yí fá yí

مەنىسى: دۈشمەننى دۈشمەننىڭ ئىمكانىيەتلىرى، خۇسۇسىيەتلىرىدىكى ئاجىزلىقلاردىن پايدىلىنىپ ياكى دۈشمەننىڭ كۈچى ئارقىلىق يوقاتماقنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: «ياتنى ياتنىڭ قولى ئارقىلىق ياكى ياتنى ئۆز قولى ئارقىلىق يوقىتىشنىڭ ئىمكانىيەت ۋە ئۇسۇللىرى ناھايىتى كۆپتۇر، ئۆز يېغىدا ئۆز گۆشىنى قورۇماق، ياتلارغا ئېتىبار بېرىپ ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىش ... قاتارلىقلار شۇ جۈملىدىندۇر».

**يار لېۋىدىن ئاتنى تارتماق** 悬崖勒马 xuán yá lè mǎ

مەنىسى: بەربات بولۇش، ھالاكەتكە تۇتۇلۇش پەيتىدە ئۆزىنى



قۇتقازماق؛ خەتەرلىك يولدىن يېنىپ، ئامان قالماقنى كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن: «ئۇ پارلامېنتنىڭ تۇنجى قېتىملىق يىغىنىدا قىلغان دوكلاتىدا، ھۆكۈمەتنى پاكلاشتۇرۇشنى ئالاھىدە تەكىتلەپ، خىيانەتچىلىك، چىرىكلىككە ئوخشاش قىلمىشلارنى چوقۇم يوقىتىمەن دەپ قەسەم ئىچتى ھەمدە ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنى سەمرىتىۋاتقان كىشىلەرنى يار لېۋىدىن ئېتىڭلارنى تارتىڭلار، دەپ ئاگاھلاندۇردى».

**يار لېۋىگە بېرىپ قالماق** 悬崖峭壁 xuán yá qiào bì

مەنىسى: بەربات بولۇش، تۈگىشىپ كېتىش گىردابىغا بېرىپ قالماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «يارنىڭ لېۋىگە كېلىپ قالغاندىمۇ بولسا ئاتلىرىنىڭ تىزگىنىنى تارتىۋالسىلا، ئاكا، چوقۇنغان ئۇ ئىلاھلىرى سىلىدەك سادىق مۇخلىسىنى ئەۋلىيالىق مەرتىۋىسىگە كۆتۈرۈش تۈگۈل ئۆزىنىمۇ ساقلاپ قالالمايدۇ».

**يارىسىغا تۇز سەپمەك** 火上浇油 huǒ shàng jiāo yóu

مەنىسى: بىركىمنىڭ دىل ئاغرىقىغا يېڭى ئاغرىق، دەرد - ئەلىمىنىڭ ئۈستىگە دەرد - ئەلەم قوشماق؛ بىراۋلارنىڭ زىتىغا تېگىپ دىل ئاغرىقىنى ئەۋج ئالدۇرماق.

مەسىلەن: «ئۇلارنىڭ زاڭلىق كۈلكىسى تۈپەيلىدىن ئېچىلغان كونا جاراھەتنىڭ ئاغرىقى بېسىقماي تۇرۇپلا يەنە بىر توپ يورغا ئېشەكلىكلەر يېتىشىپ كېلىپ قالدى ۋە بۇ يارىغا تۇز سېپىپ، چاڭ - توزان كەلكۈنىنى تېخىمۇ ئۇلغايتىپ ئۆتۈپ كەتتى».

**ياغلىق قاپاق بولماق**

مەنىسى: بىراۋلار جامائەت ئالدىدىكى بىرەر قېتىملىق يامان ئىش، بولمىغۇر قىلىقى بىلەن مەڭگۈلۈك يامان ئاتاققا قالماق؛ ئىناۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرەلمەي، يۈزىنى يورۇق قىلالماي يامان گەپ - سۆزگە قالماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «دېگەندەك مېنىڭ ئاغىنىلىرىم رېستوراننىڭ بىر

بۇلۇڭدا شۇمشىيىشىپ ئولتۇرۇشتى، بىراق ئەتىسى قانداق بول-
دى دېمەيسىلەر، تۆت يەشلىك هاراقنىڭ ھەممىسىنى مېنىڭ ياغ-
لىق قاپاق بولۇپ كەتكەن ئاغىنىلىرىم بۇزۇپ چېچىپ تۈگەتكەن
بولدى».

**ياقا يىرتماق I**

**مەنىسى:** بىراۋلارنىڭ بىركىملەرنىڭ مەنپەئەتلىرى ۋە ئەمىنـ-
لىكى ئۈچۈن جان پىدا ئىكەنلىكىنى سۈرەتلەيدۇ.

**مەسلەن:** «باقى ئاچلىقتىن ئۆلسىمۇ ئەرز قىلىپ بېرىشنى
ئېغىر ئالىدۇ، ئۇ كەمبەغەللەر ئۈچۈن ياقا يىرتىدىغان سوراقچى
تېپىش ھەممىدىن تەس ئىكەنلىكىنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەنىدى».

**ياقا يىرتماق II**

**مەنىسى:** دەرد ـ دىشۋارلاردا پىغان چېكىپ يۇرمەكلەرنى
بىلدۈرىدۇ.

**مەسلەن:** «سەن ئېتىپ داڭگال تىنىق كۆڭلۇمنى چالغىتىپ،
مۇلكى ـ جانىم، روھىي دۇنيايىمنى تارمار ئەيلىدىڭ. مەن ناۋا
قىلسام بولۇپ بۇلبۇل ھامان، يىرتىپ ياقا ۋەسلى گۈلزارىڭنى
پىنھان، دەردنى ئاشكارا ئەيلىدىڭ».

**يالا چاپلىماق** 造谣中伤 zào yáo zhòng shāng

**مەنىسى:** تۆھمەت قىلماق؛ بىراۋلار شەخسىيىتى ياكى
ھېسابىغا يوق نەرسىلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىپ، قارا چاپلىماقنى
كۆرسىتىدۇ.

**مەسلەن:** «سىز مېنى قوغلىۋېتىش ئۈچۈن يالا چاپلاۋاتىسىز،
سىز مېنى يامان ئاتلىق قىلماقچىمۇ؟ — ئەزىزخان كۆزىگە ياش
ئالدى».

**يالىقىنى يالىماق** 伏低做小 fú dī zuò xiǎo

**مەنىسى:** خۇشامەتنى قىلماق؛ خۇشامەت قىلىپ مەنپەئەتـ-
لەنمەكنى سۈرەتلەيدۇ.

**مەسلەن:** «ئەمتاخۇن بولسا بەگ ـ دورغىلارنىڭ قولتۇقىغا



كىرىۋېلىپ، شۇلارنىڭ يالىقىنى يالايدىغان ئادەم بولۇپ چىقتى».

**يانپاشقا ئالماق** 扼吭拊背 è kēng fǔ bèi

**مەنىسى:** بىراۋلار ئۆزىنىڭ رەقىبلىرى ياكى دۈشمەنلىرىنى
كېلىشتۈرۈپ ئەدەپلەش، ئۇجۇقتۇرۇش تەشەببۇسكارلىقىغا ئېرىش-
مەكنى سۈرەتلەيدۇ.

**مەسلەن:** «تېخى تونۇگۇنلا بەگ بولۇپ، بۈگۈن دوتەينى چىللاپ
ئېلىشىڭدىكى غەرەز ـ قەستىڭنى بىلمەمدۇق؟... ۋاقتى ـ سائىتى
كەلگەندە بىز دەكلەرنى يانپاشقا ئالماقچىسەن! توختاپتۇر».

**يانپاشقا ئۇرماق** 向壁虚造 xiàng bì xū zào

**مەنىسى:** يالغاننى دەماللىققىلا ئويدۇرۇپ چىقماق؛ يالغان دېگەن
تەييارلا تۇرىدۇ، دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ. «يوق نەرسىنى يانپېشىغا
ئۇرۇپلا تاپامدۇ؟» دېگەندەك ئىنكار تۈستىمۇ كېلىدۇ.

**مەسلەن:** «شەكلەنمە، ھەممىسى مانا شۇ خەتكە پۈتۈلگەن،
بولمىسا مەن بۇ ئىشنى يانپېشىمغا ئۇرۇپلا تاپامدىم».

**يانتاياق بولماق** 为虎作伥 wèi hǔ zuò chāng

**مەنىسى:** ھەمدەم بولماق، يار ـ يۆلەك بولماقنى بىلدۈرىدۇ.

**مەسلەن:** «سىز ھەيدەر ئاكا، يامانغا يانتاياق بولۇپ بۇرنىڭىزغا
يېمىگەنمۇ تېخى! بىر بايتال ئۈچۈن دەۋا قىلىپ كېلىسىزۇ، مەن
نېمىشقا پۈتۈن ـ سۈرۈك بىر ئەترەتنىڭ ئىشى ئۈچۈن كەلمەيدىكەنمەن؟».

**يانداق بولماق** 左辅右弼 zuǒ fǔ yòu bì

**مەنىسى:** يېقىندىن ھەمكارلىشىپ، چىن دىلىدىن ماسلىشىپ
ئىشلىمەكنى سۈرەتلەيدۇ.

**مەسلەن:** «ئەكبەر ئىچ ئات بولۇپ شوتا تارتىشقا ئەمدى يارايـ-
دۇ، ئاسىم بىلەن ئەخمەتجان قاۋۇل يانداق بولالايدۇ».

**يەر تېگىدە يىلان كۆشىگىنىنى تۇيىدىغان**

长目飞耳 cháng mù fēi ěr

**مەنىسى:** بىراۋلارنىڭ بەكمۇ سەزگۈر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىـ-
دىغان مۇبالىغىلىك ئىبارە.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

مەسلەن: «يەر تەكتىدىكى يىلان كۆشىگىنىنى تۇيۇپ تۇرىدىغان بۇ ئادەم نىياز ھېكىمبەگنىڭ تېرىكتۇرۇش ھېيلىسىنى قوللىنىپ، ئۆزىنى سىناپ بېقىۋاتقانلىقىنى ئاسانلا پەملىۋالدى ...».

投袂而起 tóu mèi ér qǐ **يەڭ شىمايلىماق**

مەنىسى: مەلۇم ئىش ـ ئوقەت ياكى ھەرىكەت ـ پائالىيەتلەرگە يەكدىللىك بىلەن كىرىشىپ كەتمەك؛ ئىش ـ كۈشلەرنى قولغا ئالماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «ھەرئىشنىڭ ۋاقتى ـ قەرەلى بولىدۇ، بۇ ئىشقا ھېسسىياتقا بېرىلىپ ھازىرلا يەڭ شىمايلاشقا بولماسمىكىن! شەرت ـ شارائىت پىشماي تۇرۇپ ھېچبىر ئىش روياپقا چىقمايدىغۇ».

暗中交易 àn zhōng jiāo yì **يەڭ ئىچىدە پۈتۈشمەك**

مەنىسى: يوشۇرۇن كېلىشمەك، خۇپىيانە سودىلاشماقنى كۆرسىتىدۇ.

مەسلەن: «بەللى ئاغىچام چەمەك، بۇرۇنغۇ ناز قىلىپ قورقاتتىلا، ئەمدى ھەممە ئىش يەڭ ئىچىدە پۈتۈپ بولغاندىمۇ جالداقلىرىنى چېلىۋاتىلىيا، يۈزىنىڭ قىزىرىپ كەتكىنىنى تېخى».

节外生枝 jié wài shēng zhī **يوق يەردىن پۇتاق چىقارماق**

مەنىسى: يوق يەردىن كاشىلا تاپماق؛ قەستەن ئويدۇرما پەيدا قىلىپ، ئىشلارنى يوققا چىقارماق؛ توسالغۇ پەيدا قىلماقنى كۆرسىتىدۇ.

مەسلەن: «بىراق شىرمەتنىڭ نەزىرىدە مەن يەنىلا يوق يەردىن پۇتاق چىقىرىشقا ئامراق قۇرۇق نەزەرىيەچى ئىدىم».

骑虎难下 qí hǔ nán xià **يولۋاسقا مىنىپ قالماق**

مەنىسى: ئاخىرىسىنى يىغىشتۇرۇشقا چامى يەتمەس، مۇشەققەتلىك ۋە خەتەرلىك ئىشلارغا كىرىشىپ قالماق؛ بەكمۇ ئاسان ۋە يەڭگىل چاغلانغان ئىشلارنىڭ قولغا ئالغاندىن كېيىن، پايانىغا كۆزى يەتمەي قالماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «كارخانىنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ، زىيان تارتىش ھالىتىنى پايدا ئېلىش، ئۆز ـ ئۆزىنى بېقىش ھالىتىگە كەلتۈرەلەرمەنمۇ؟ مەن يولۋاسقا مىنىپ قالمەنمۇ نېمە؟».



调虎离山 diào hǔ lí shān **يولۋاسنى تاغدىن چۈشۈرمەك**

مەنىسى: رەقىبلەرنى تايىنىدىغان ئاساسلىرى، ئەۋزەل شارائىت ياكى ئىمكانىيەتلىرىدىن ئايرىۋېتىپ، پاسسىپ ھالغا چۈشۈرۈپ ئەدەپلىمەكنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسلەن: «ئېنىقكى، دۈشمەن بىزنى ھۆل خىشقا دەسسىتىپ، ئاكوپلىرىمىزدىن چىقىرىپ يولۋاسنى تاغدىن ئايرىۋېتىش ھىيلىسىنى ئىشلەتمەكچى بولۇۋاتقاندى».

**يولۋاسنى تاغقا قويۇپ بەرمەك**

放虎归山 fàng hǔ guī shān

مەنىسى: يامانلارنىڭ يامانلىقىنى قىلىۋېرىشىگە، شۇملارنىڭ يەنىمۇ خەلقنى غاجىلاۋېرىشىگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرمەك؛ ئاپەت ئۇرۇقىنى قالدۇرۇپ قويۇپ، چوڭ بالا ـ قازا چىقىشقا ئىمكان قويماقلارغىمۇ قارىتىلىدۇ.

مەسلەن: «ۋەلىگە ئوخشاش بۇنداق گۇمانلىق شەخسنى قايتۇرۇۋېتىش يولۋاسنى تاغقا قويۇپ بەرگەنلىك بولاتتى».

«خوجا نىيازنى ئۆلتۈرۈۋەتسەك دۈشمەننى كۆپەيتىۋالىمىز، تىرىك قويساق ئاخىر بىر كۈنى يۇرتىغا بېرىۋالىدۇ، بۇ يولۋاسنى تاغقا قويۇۋەتكەنلىك بولىدۇ».

猢狲入布袋 hú sūn rù bù dài **يۈگەن سالماق**

مەنىسى: كونترول قىلماق؛ رايىش، ياۋاش، باشقۇرۇشقا بويسۇنىدىغان قىلماقنى كۆرسىتىدۇ.

مەسلەن: «شۇ كۈنلەردە ئاينۇرنىڭ يالقۇنغا يۈگەن سېلىۋالغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، خاتىرجەم بولغاندەكمۇ قىلاتتىيۇ، يەنە كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرىدە ئەنسىرەش، نارازىلىقلار غەلىيان قىلىپمۇ تۇراتتى».

**يېپىق قازان يېپىق پېتى قالماق**

مەنىسى: مۇناسىۋەت ياكى دادى ـ مۇئامىلىلەر مەلۇم سەۋەبتىن ئۈزۈلگەن، مەلۇم پىكىر ـ مۇددىئالار ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ بىر باشقا چىقماي توختاپ قالغان، ئەمدى ئۈزۈلگەنلەر ئۈزۈلگەنچە، توختىغانلار توختىغانچە بولسۇن، دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: «ئەڭ ياخشىسى ئۇ قىز بىلەن مۇندىن كېيىن ئالاقە قىلماڭ، يېپىق قازان يېپىقلىق قالسۇن، بۇنى ئۆزىڭىزنىڭلا پىكرىمىكىن دەپ قالماڭ، ئاكىڭىزنىڭ پىكرىمۇ شۇ، دەپ قوشۇپ قويدى يەڭگەم».

**يېشىل چىراغ يېقىپ بەرمەك**

مەنىسى: بىركىملەر قولغا ئالغان ئىش ـ ھەرىكەتلەرنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشى ئۈچۈن بۇيانقى كىشىلەرنىڭ ئاڭلىق رەۋىشتە ھەمدەم بولۇشلىرى، يەنى ئوڭۇشلۇق مەنزىللەرگە يۈرۈشكە ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىشىنى سۈرەتلەيدۇ.

抽筋拔骨 chōu jīn bá gǔ **يىغىر قىلىۋەتمەك**

مەنىسى: بىراۋلارغا تايىنىش ياكى ئۇلاردىن پايدىلىنىش، ھەمدەملىك سوراشلارنى بەكمۇ ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتمەك، بىزار قىلىۋەتمەكنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «مەنچۇ، قولۇم ـ قوشنىلاردىن تولا نان سوراپ، ئۇن ئۆتنە ئېلىپ ھەممىنى يىغىر قىلىۋەتتىم، كىرگۈدەك يېرىم قال-مىدى، بۇنى بىلەمسەن!».

当场出彩 dāng chǎng chū cǎi **يىغىرنى ئاچماق**

مەنىسى: بىراۋلارنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىنى، سەتچىلىك ۋە خۇپىيانە ئىشلىرىنى پاش قىلماق، ئاشكارىلىماقنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: «بۇ بەس ـ مۇنازىرە ئاخىر قىزىشىپ ـ قىزىرىشىپ، بىر ـ بىرىنىڭ يىغىرىنى ئېچىشقا، ئاخىر بىر ـ بىرىپ مەزھەپ ـ گۇ-رۇھ بويىچە ۋارقىراپ ـ جارقىراشقا ئايلىنىپ، ئالىملار سۆھبە-ت يىغىنى ئەمەس، ھايۋانلارنىڭ ئولجا تالىشىشىغا ئۆزگىرىپ كەتتى».



**يېمىگەن مانتىنىڭ پۇلىنى تۆلىمەك**

负屈衔冤 fù qū xián yuān

مەنىسى: ئۇۋالچىلىق بىلەن ھەرەج تارتماق؛ پايدىسىنى ياكى راھىتىنى كۆرمىگەن بىر ئىش ئۈچۈن مالال تارتماقنى كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن: «يۇرۇڭقاش دېگەن ئۆز يۇرتۇم، بۇيەردە قېلىپ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىم بىلەن كۆرۈشىمەن دېسەممۇ سىلەر خاپا بولۇپ كەتمەيسىلەر، ئىككى يىلدىن بېرى يېمىگەن مانتىنىڭ پۇلىنى تۆلەپتىمەن، ئەمدى سىلەر بىلەن بىللە بېرىپ پېشانەمگە پۈتۈلگىنىنى كۆرەي».

洪水横流 hóng shuǐ héng liú **يىپ ئاتلاپ كەتمەك**

مەنىسى: مەلۇم ئىش، ئوقەت ياكى ھەرىكەت ـ پائالىيەتلەر ئەسلىدىكى تەرتىپ، يول ياكى قائىدىلەردىن چەتلەپ كېتىپ، باشقىچە ھاللاردا بولۇپ قالماقنى كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن: «تۇيۇقسىز چىققان بوران ئۇچۇرۇپ كەتكەن خازان-دەك پېقىر بىرمەھەل يىپ ئاتلاپ كەتتى، ئاتامدىن قالغان چايچى-لىقتا بىر ئۆمۈر چەينەك كۆتۈرۈش بىلەن ئۆتكەن مەن ئابلىز دېھقانچىلىقنى نەدىن بىلەي، چايخانىدىن قوغلاپ ئېتىزغا ئاپىرىپ قويغانىدى».

明察秋毫 míng chá qiū háo **يېپىدىن يىڭنىسىغىچە**

مەنىسى: بىرەر مەسىلە ياكى ھادىسە ھەققىدىكى بايان ياكى سوئال ـ سوراقنىڭ ناھايىتىمۇ تەپسىلىي بولۇپ كەتكەنلىكىنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «ھوشۇر بەگنىڭ قېچىپ كېلىشى بىلەن سۇلالە چېرىكلىرىگە ياقۇپبەگنىڭ ئەھۋالى يېپىدىن ـ يىڭنىسىغىچە مە-لۇم بولدى، ئۇنىڭ ئاخىرقى كېڭىشىمۇ ئېنىق بولۇپ كەتتى».

抱头大哭 bào tóu dà kū **يىغلاپ كۆرۈشكۈدەك بولماق**

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

مەنىسى: تولىمۇ ئىنتىزار بولماق؛ دىدارىنى ئەسلا كۆرەلمەيلا ئۆتمەك، قاتارلىقلارنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: «ئۆزۈم كوللېكتىپقا قەرزدار، گۆش - ياغ بىلەن يىغلاپ كۆرۈشكۈدەك ھالغا يەتتۇق».

**يىغىسىنى يىغلىماق** 左提右挈 zuǒ tí yòu qiè

مەنىسى: مەلۇم كىشى ياكى تەشكىلىنىڭ مەلۇم شەخس ياكى ئىجتىمائىي توپنىڭ ئىستەك، ئارمان، قايغۇ - ئەلەملىرىگە ھەمشىرەك بولۇپ، قايغۇسىغا قايغۇرۇپ، يىغىسىغا يىغلىشىپ تۇرماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «بىز سىلەرنىڭ يىغاڭلارنى يىغلاۋاتىمىز... بىز ھالىڭلارغا يېتىمىز».

**يىلتىزىغا پالتا چاپماق** 犁庭扫穴 lí tíng sǎo xué

مەنىسى: ئادەم ۋە شەيئىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇق ئاساسىنى ۋەيران قىلماق؛ روناق تېپىش، گۈللىنىش ئىمكانىيەتلىرىنى تالاپەتكە ئۇچراتماقنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «ئەلىشىر نەۋائى چىڭگىز ئەۋلادىنىڭ ماۋارائۇننەھردىكى ھاكىمىيىتىنىڭ يىلتىزىغا پالتا چاپقان مەشھۇر «سەربەردارلار» ھەرىكىتىنىڭ ماھىيىتىنى چوڭقۇر چۈشىنەتتى».

**يىلتىزى قىرقىلماق** 斩草除根 zhǎn cǎo chú gēn

مەنىسى: تۈرلۈك يوللار بىلەن مەلۇم كىشى ياكى ئىجتىمائىي گەۋدىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ياكى گۈللىنىشىگە چەك قويۇلۇشىنى كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن: «سۇلتانبەگ بەگ ئەمەس، يۈز بېشى، يەنە كېلىپ بۇ يىل ئەتىيازدا بەگلىكتىن قالدۇرۇلغان كونا بەگنىڭ ئاتىدارچىلىقى بىلەن تىكلىنىپ قالغان، ھازىر بولسا يىلتىزى قىرقىلىپ كېتىش خەۋپى ئىچىدە تۇرۇۋاتقان يۈز بېشى».

**يىلىكى توق** 生众食寡 shēng zhòng shí guǎ

مەنىسى: ھال - كۈنى، ئىقتىسادىي ئەھۋالى ياخشى بولماق؛



جەبىر - جاپا ۋە يوقسۇللۇقلارغا چېلىقىپ كەتمەي، ھاللىق تۇرمۇشقا يېتىنمەكنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: «ئاشۇ پۇلىمىزنى بەرگەن بولساڭلار، — دېدى بوۋاي كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ، — يىلىكىمىز توقىراق بولار ئىدى، يىلدىن ياخشى چىقار ئىدۇق».

**يىلىكىنى شورىماق** 敲骨吸髓 qiāo gǔ xī suǐ

مەنىسى: ئېكسپىلاتاتسىيە قىلماق؛ شىلىپ يېمەكنى سۈرەتلەيدۇ.

مەسىلەن: «قارا جەمئىيەت ئاقساقاللىرى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنسا، خەلقنىڭ يىلىكىنى شورايدىغان نەپسى قانماس، ئىنساپسىز چوڭ خىيانەتچىلەر قانۇن ئىسكەنجىسىگە ئېلىنسا، ئىككى ھەققانىيەت تەڭلا ئىشقا ئاشقان بولىدۇ».

# ئۇيغۇر ئىدىيوملىرى لۇغىتى

تۈزگۈچى: ھارۇت رەسۇل قادىرى
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئۆمەرجان مۇھەممەت
مەسئۇل كوررېكتورى: ئايگۈل سابىت، ۋاڭ يىڭ
تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ئابلىز ئەمەت
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
تېلېفون: 0991 - 2827472
پوچتا نومۇرى: 830001
باسقۇچى: شىنجاڭ يىبەيفېڭ مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
ساتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى: 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 7
نەشرى: 2012 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
باسمىسى: 2012 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 4000
كىتاب نومۇرى: ISBN - 978 - 7 - 228 - 15454 - 8
باھاسى: 21.00 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com